www.kitaphumar.com

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

## (13)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2015 ـ يىلى 10 ـ ئاي

مەنبە: شىنجاڭ يازغۇچىلار مۇنبىرى، باغداش مۇنبىرى، ئىزدىنىش مۇنبىرى قاتارلىقلار

www.kitaphumar.com

# مۇندەرىجە

1. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىزدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايان*........
........................................................غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار 3
2. ئۇيغۇر تىلى تارىخي تەرەققىياتىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدە..............
........................................................ غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار 15
3. چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن قىسقىچە بايان ........................
........................................................ غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار 25
4. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «بۇددا دىنى ۋەھىينامەسى تەتقىقاتى»نىڭ
نېمىسچە نەشرىگە كىرىش......................................گېڭ شىمىن 42
5. 20 ـ ئەسىر پوئېزىيەسىگە بىر نەزەر.........مەسۇمجان زۇلپىقاروۋ (قازاقىستان) 55
6. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر ئەسىرلىك نوپۇس ئۆزگىرىشى........لى چى 71
7. قەدىمقى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى "شيوگنۇ" قاتارلىق ئىسىملارنىڭ قەدىمقى
ئۇيغۇرچىدىكى تەرجىمىسى ......................................ياسىن ھۇشۇر 94
8. «قەشقەر» ۋە «سۇلى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى...................................
........................................................ھاجى ئابدۇراخمان باقى 106
9. تارىخ ئاتالغۇچىلىقى ۋە ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم
........................................................ئېلشات ئەيسا 120
10. تارىخىي رومان ۋە تارىخنىڭ ئەسلى يۈزى (1)......................................
........................................................ئابدۇغېنى مامۇت 132
11. يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسىغا كۆرسەتكەن
تەسىرى......................................................ئەخمەتجان قاسىم 164
12. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىقلىما...............
........................................................ئابدۇغېنى مامۇت 179
13. پائۇل پىللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ
تەتقىقات نەتىجىلىرى....................................تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۆمەن 188
14. تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرى....................................مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا 203
15. ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىقچىلىق ئىگىلىكى......................ئابدۇقەييۇم مىجىت 209

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىزدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايان*

غەيرەت ئابدۇرەھمان ئۇزغار

**قىسقىچە مەزمۇنى**: ماقالىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە بۇ ساھەدە ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەسەرلىرى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ 60 يىللىق نەتىجىسى نامايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: جۇڭگو ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات نەتىجە

ئىلىمىزدە، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ۋە قەدىمكى تىل- يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىگە بولغان قىزىقىش كېيىنرەك، يەنى 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ تىرىشچانلىقى، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن ئىلھام ئېلىش، ئۆزىمىزدە بار تىرىك تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز تىل- يېزىقىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئۇنى خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بەزى خاتا كەتكەنقاراشلىرىنى تۈزىتىش قاتارلىق ئەمگەكلەر قولغا ئېلىنىپ، دەسلەپكى تونۇشتۇرۇش، ساۋات خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر بىلەن باشلىنىپ، 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرى، يەنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن بىر قىسىم مۇھىم ئەمگەكلەر ئىشلىنىشكە باشلىدى.

ئىلىمىز ئالىملىرىدىن تۈركولوگىيە ساھەسىگە، يەنى قەدىمكى تىل- يېزىق ۋە ۋەسىقە تەتقىقاتىغا دەسلەپ كىرىشكىنى فېلىك جياشىڭ ئەپەندى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبراھىم مۇتىئىي، گېڭ شىمىن، خۇ جېنخۇا، خەمىت تۆمۈر، مىرسۇلتان ئوسمان، ئىمىن تۇرسۇن، تۇرسۇن ئايۇپ، قۇربان ۋەلى، ئىسرائىل يۈسۈپ، ئابدۇقېييۇم خوجا، لى جىڭۋېي، ئابدۇرەئۇپ پولات، جاڭ تيېشەن، ياڭ فۇشۆ، نيۇ رۇجى، ئابدۇرېشىت ياقۇپ... قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تىل- يېزىقى ۋە ۋەسىقىلىرىنىڭ تارىخى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەھۋالى ۋە بۇ تىل- يېزىقلار بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىلىمىزنىڭ بۇ

ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ھەسسە قوشتى. بۇ جەھەتتە پېشقەدەم تىلشۇناس گېك شىمىن ئەپەندىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىپ ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە تونۇشتۇرغانلىقىنى ئاۋۋال تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىدىن باشقا، پېشقەدەم تىلشۇناس، ئالىم ئىبراھىم مۇتىئىينىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىمۇ ئازادلىقنىڭ ھارپىسى ۋە دەسلەپىدە ئېلىمىزدە بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇر، تۈركىي تىللىرىنى جامائەتكە تونۇشتۇرغان ئەسەرلەر جۈملىسىدىندۇر.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى قايتىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى قېزىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجاندى. «ئوغۇزنامە»، مەڭگۈتاش تېكىستلىرىنىڭ تەرجىمىسى (ئايرىملىرى)، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «مائىترى سىمىت»، «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، شۇنداقلا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىل- يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ نەشرگە تەييارلىنىشى ۋە مۇشۇ دەۋر تىل- يېزىقىغا دائىر مەخسۇس ئەسەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ يېزىلىشى قاتارلىقلارنى بۇ جەھەتتىكى دەسلەپكى بوشلۇقنى تولدۇرغان ئىلمىي ئەمگەكلەر دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ 11- ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشى قەدىمكى تىللار تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن مۇجمەل قاراشلارنىڭ ئايدىڭلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئېلىمىزدە ئازادلىقنىڭ ئالدى- كەينىدە ئىبراھىم مۇتىئى، لى سېن قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى دەرسلىكلىرى ۋە ماقالىلىرى، شۇنداقلا شۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەنگەن ئىملا قائىدىلىرى ۋە تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش پائالىيەتلىرى 1955- يىلىدىن كېيىنكى مەملىكەت خاراكتېرلىك تىل تەكشۈرۈش پائالىيىتى بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 50- يىللارنىڭ باشلىرىدا ساۋات چىقىرىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ئېلىپبە»دىن تارتىپ، 60- يىللاردىكى يېزىق ئۆزگەرتىش جەريانىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە گىراماتىكىسى (سىنتاكسىس)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەسلەپكى ئەسەرلەر ۋە دەرسلىكلەر بارلىققا كەلدى. بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەرنىڭ

ئاساسلىقى يەنىلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى دېيىشكە بولىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زەربىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم پېشقەدەم تىلشۇناسلار ئىلىم- پەن باھارىدىن كېيىن قايتىدىن ماغدۇرغا كېلىپ، بۇ ساھەدە ئەسەرلەرنى يېزىشقا، سەل قارالغان بەزى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەندىزىدىن گۇمانلىنىشقا ۋە بۇ جەھەتتە ئۆز تىلىمىزنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن فورما بېكىتىشكە قاراپ يۈزلەندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلانغان ئەمگەكلەردىن ۋېي سۈيىينىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، خەمىت تۆمۈرنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى» (مورفولوگىيە)، تۇردى ئەھمەت، نەسرۇللا يولبولدى، ئەنسەردىن مۇسالارنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، سۇلايمان سەيپەرنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، كۈرەش مەھمۇدجان رەئىسى قاتارلىقلارنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» قاتارلىق ئەسەرلەر نەشر قىلىندى.

بۇ ساھەدە پېشقەدەم ئۇستازلاردىن خەمىت تۆمۈر، ئابدۇكېرىم باقى، ئەنسەردىن مۇسا، نەسرۇللا يولبولدى، تۇردى ئەھمەد ۋە باشقا ئۇستازلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە تىلىمىزنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئېچىش ئاشۇرۇش مەقسىتىدە 1954-، 1963-، 1973-، 1983- يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق تىل- يېزىق ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تۆت قېتىم ئىملا قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئۆز دەۋرى ۋە شارائىتىغا نىسبەتەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلىشىشىدا، ئىملانىڭ بىر ئىزغا چۈشۈشىدە، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ۋە نورمىلىشىشىدا خېلى ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىدىن ۋە ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا بەزى مەسىلىلەرنىڭ سىستېمىلىق ھەل قىلىنمىغانلىقى مەلۇم بولدى. 1980- يىللاردىن كېيىن تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، بۇ جەھەتتە ئەڭ تالاش- تارتىش قوزغىغىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسىنى فونېتىكىلىق پرىنسىپتا ھەل قىلىش كېرەكمۇ ياكى مورفولوگىيەلىك پرىنسىپتا ھەل قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە بولدى. 1985- يىلى نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە ئىملا لۇغىتى» بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بىر قۇر تۈزەتكەن بولدى.

بىر تىلدىكى ئىملا مەسىلىسىنىڭ ئۆزۈل- كېسىل ۋە مەڭگۈلۈك ھەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى جانلىق تىل دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ۋە مۇنداق ئۆزگىرىش يېزىق تىلغا قارىغاندا تېز بولىدۇ ھەم يېزىق تىلغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەلۇم بىر دەۋردە يېزىق تىلى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن قائىدە- ئۆلچەملەر يەنە بىر دەۋردىكى تىل ئەمەلىيىتىگە توغرا كەلمەي قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن 1997- يىلى ئىملا قائىدىسى يەنە بىر قېتىم تۈزىتىلىپ تولۇقلاندى. 2009- يىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى يەنە بىر قېتىم تۈزىتىلىپ، بەزى مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان ئاساستا جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

دىيالېكتشۇناسلىقمۇ ئىلمىي ساھەدە چەت ئەللىكلەر باشلاپ بەرگەن يول بويىچە ئازادلىقتىن كېيىن رەسمىي ئىلمىي سەۋىيىدە تۇتۇلۇشقا باشلىدى. 1955- يىلى ۋە 1956- 1957- يىللىرىدىكى تىل تەكشۈرۈش ئاساسىدا 1980- يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت- شېۋىلىرى رەسمىي سىستېمىلىق ئايرىلىپ، بۇ ساھەدە بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكت، خوتەن دىيالېكتى ۋە لوپنۇر دىيالېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ دىيالېكت رايونىغا بۆلۈنىدىغانلىقى، مەركىزىي دىيالېكتقا تەۋە ئۇرۇمچى شېۋىسىنىڭ يېتەكچى ئەدەبىي تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ ساھەدىكى تالاش- تارتىشقا خاتىمە بېرىلدى. بۇ ساھەدە مەرھۇم غۇلام غوپۇرنىڭ «ئۇيغۇر تىلى شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى»، فۇ ماۋجى، ھاشىم تۇردى، مىھراي ياقۇپ قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر تەلەپپۇزى ئۈستىدە تەتقىقات»، مىھراي ياقۇپنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىملارنىڭ «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش»، مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللانىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە تىل تەكشۈرۈش»، مۇھەببەت قاسىم يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكت- شېۋىلىرى تەتقىقاتى»، پەرھاد جىلان، ئامىنە غاپپار، غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت- شېۋىلىرى لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ، تىلشۇناسلار ۋە ئاۋام خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت- شېۋىلىرىنى تەتقىق قىلغان ئىلمىي ئالىملىرىدىن لى سېن،

www.kitaphumar.com

مىرسۇلتان ئوسمان، ئامىنە غاپپار، چېن زۇڭجېن، غۇلام غوپۇرى، لى جىڭۋېي، گاۋ شىجيې، مۇھەببەت قاسىم، ئارسلان ئابدۇللا، ھاشىم تۇردى، مىھراي ياقۇپ قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

لۇغەتشۇناسلىق ـــ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېمىلاردىن بىرى. بىزدە تۈزۈلگەن لۇغەتلەر تىل ئايرىمىسى جەھەتتىن بىر تىللىق، قوش تىللىق ھەم كۆپ تىللىق لۇغەتلەر، مەزمۇنى جەھەتتىن ئىزاھلىق ۋە سىلىشتۇرما لۇغەتلەر دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت لۇغەتشۇناسلىق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»ىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» قاتارلىقلارنىمۇ سىلىشتۇرما لۇغەتچىلىكنىڭ ئۈلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن لۇغەتچىلىك ئىشلىرىمىز تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1990 ـ يىللاردىن كېيىن نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» بۇ جەھەتتە ئۆزۈندىن بۇيان ئاق قالغان بوشلۇقنى تولدۇردى. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» «مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» قاتارلىقلار ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، پايدىلىنىشچانلىقى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالغۇ ـ سۆزلەملەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن بۇرۇنقى لۇغەتلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى كەسىپلەرگە بېغىشلانغان كەسپىي لۇغەتلەر، ئەپلىكلىكى ۋە سىغىمىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزلۈكسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان ئېلېكترونلۇق لۇغەتلەر، كومپيۇتېر لۇغەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

ئىلمىزدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن تارتىپ تاكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى، دىيالېكت ـ شېۋىلىرىغىچە بولغان تىل ـ يېزىق تەرەققىياتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان ئالىملاردىن تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

گېبلىك شىمىن ئەپەندى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىلا تۈركولوگىيە ساھەسىگە كىرىشكەن بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ قەدىمكى تىل ـ يېزىق ۋە قەدىمكى ۋەسىقىلەرگە بېغىشلاپ مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلغان. ۋەكىللىكلىرىدىن «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دراما ‹مائىترى

سىمت›نىڭ ئىككىنچى پەردىسى ئۇستىدە تەتقىقات»؛ گېڭ شىمىن ۋە كلىمكېيت (Klimkeit H. J.)، پېتېر لائۇتلار بىلەن بىللە تەتقىق قىلىپ، گېرمان تىلىدا ئېلان قىلغان ‹‹مائىترى سىمىت›نىڭ 10، 11، 13، 14، 15، 16- پەردىلىرى» قاتارلىقلار بار. گېڭ شىمىن ئەپەندى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت «ئاۋاتامساكا» ۋە «ئابىدارما كوسا» قاتارلىق ۋەسىقىلەرنىمۇ تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. گېڭ شىمىن ئەپەندى كلىمكېيت ۋە پېتېر لائۇتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، 1981- يىلى تۇرپان بېزەكلىكتىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى فراگمېنتلىرىنى گېرمانىيەدە گېرمان تىلىدا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «قەدىمكى تۈركىي تىلى گىراماتىكىسى»، «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى مەڭگۈتاشلار ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر قەدىمكى دەۋر ۋەسىقىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىقلار دۆلەت ئىچى- سىرتىدا يۇقىرى تەسىرگە ئىگە.

بۇ دەۋردە ئېلىمىزدىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسلاردىن ئىبراھىم مۇتىئىي ۋە مىرسۇلتان ئوسمانوفلار «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىپ نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى ھەمدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈنجى نەشرى 1981- يىلىدىن 1984- يىلىغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، 2002- يىلى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇيغۇرچە تۈنجى نەشرى ئاساسىدا 2008- يىلى تۈزىتىلىپ، فاكسىمىل، ئىندېكسلىرى بىلەن قوشۇلۇپ قايتىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىشى، ئورقۇن ئابىدىلىرى تىلى لۇغىتىنىڭ قولغا ئېلىنىپ ئىشلىنىشى قەدىمكى تىللار تەتقىقاتىنىڭ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ يۈكسەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئېلىمىز تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ يەنە بىر داڭلىق ئاساسچىسى لى سېن ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا «قەدىمكى تۈركىي تىلى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا»، «يېقىنقى دەۋر (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسى خەمىت تۆمۈر شاگىرتى ئابدۇرەئۇپ پولات بىلەن بىرلىكتە «چاغاتاي تىلى» دېگەن كىتابنى تۈزدى ھەمدە نەۋائىينىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىدى. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى يەنە

«بابۇرنامە»نى رەتلەپ تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىدى ھەمدە «چاغاتاي يېزىقى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

لى جىڭۋېي ئەپەندى 1987- يىلىدىن 1996- يىلىغىچە ھەرقايسى ئىلمىي ژۇرناللاردا نەچچە 10 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. 1989- يىلى «تۇرپاندىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، 1996- يىلى «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى. ئۇندىن باشقا، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›نىڭ مۇقەددىمىسى -نىڭ تەرجىمىسى»، « ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تىپى ۋە شەكلى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

قەدىمكى يېزىق، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى قۇربان ۋەلى ئەپەندى «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» دېگەن كىتابىنى 1986- يىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدۇردى، بۇ كىتاب ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىن تېپىلغان تىل- يېزىقلار ھەققىدە يېگى، ئىلمىي قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاز ئۇچرايدىغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى. ئىسراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېييۇم خوجىلار بىرلىكتە تۈزگەن «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹مائىترى سىمىت›»(1) 1988- يىلى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدا بىر كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. ئىسراپىل يۈسۈپ يەنە «تۇرپان بېزەكلىكتىن يېڭىدىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. دولقۇن قەمبىرى بىلەن ئىسراپىل يۈسۈپ بىرلىكتە «تۇرپاندىن يېقىندا تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرنەچچە پارچە ھۆججەت ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى 1988- يىلى ياپونىيەدە ئېلان قىلدى. 1985- يىلى ئىسراپىل يۈسۈپ يەنە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئابدۇرېھىم نىزارى دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلىدى.

ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى دەۋر (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور، دوكتۇر ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى يېقىنقى دەۋر (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىلىغا دائىر «چاغاتاي تىلى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى»، «چاغاتاي تىلىدىكى 25- ئۆزۈك تاۋۇش ‹ ؟›» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ 1993- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتىدا «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر» ناملىق

كىتابىنى نەشر قىلدۇردى، كىتابقا 22 پارچە ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر تىلى بولغان چاغاتاي تىل- يېزىقى ۋە ۋەسىقىلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلەردۇر. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن مۇپەسسەل بايان»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» ناملىق كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇردى.

قاھار بارات تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «خۇيىيەن تەزكىرىسى»نىڭ فىراگمېنتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدۇرغان. ئۇ يەنە ئامېرىكا، ۋېنگىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›نىڭ 3- جىلدى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›نىڭ 9- جىلدى» قاتارلىق ماقالىلارنى ھەمدە قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى خىرىستىيان دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەرگە ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

قازاق تىلى مۇتەخەسسىسى لى زېڭشياڭ ئەپەندىمۇ ‹‹قۇرئان كەرىم›نىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تەرجىمىسى ۋە ئۇنىڭدىكى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىك» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. لى گوشياڭ ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ پېشۋاسى ئىدى، ئۇنىڭ 1992- يىلى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان ئۆمۈرلۈك ئەمگىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ نۇرغۇن بابلىرى ئۇيغۇر تىل- يېزىقىغا چېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ‹‹قۇتادغۇ بىلىك›قانداق ئەسەر» قاتارلىق ماقالىلەرنى يازغان.

ياش ئالىم جاڭ تيېشەن «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقان ST Kr•4/638 نومۇرلۇق ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتنىڭ تەرجىمىسى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى‹ئالتۇن يارۇق›نىڭ 7- پارچىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئېلىمىزدە ساقلىنىپ ئېلان قىلىنغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار»، «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى ‹ئىرق بىتىك› نىڭ تەرجىمىسى» (جاڭ يۇڭخۇڭ بىلەن ھەمشىرىك) قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە ۋاڭ مېيتاڭ ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە تۇنجى قېتىم بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ۋاراق، ئىككى بەتلىك «ئابىدارما كوسا» نىڭ فىراگمېنتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلىش بىلەن بىللە، «ئوتتۇرا

قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەردىكى خەنزۇچە خەتلەرنى تولۇلەرگە ئايرىش ۋە ئوقۇش ئۇسۇلى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ ۋاراق ‹ئاگاما نومى›نىڭ فىراگمېنتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرى شىمالىي رايونىدىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى كۆرۈشتىن تەسىرات»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تىلىدىكى ئۇرغۇ» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تىلىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكى»، «تۈركىي تىلى ۋەسىقشۇناسلىقى»، «مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلىرىگە ئومۇمىي نەزەر»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تىلى تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى.

مول ھوسۇللۇق ياش ئالىم ياڭ فۇشۆ ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ دۆلەت ئىچى- سىرتىدا خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە 100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدى. ئاساسلىق ماقالىلىرىدىن يەنە «يۈەن دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يانچىنى بوشىتىش مۇراجىئەتنامىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە يارلىقنىڭ تەرجىمىسى»، «تۇرپاندىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەرز ھۆججىتى»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقات يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا ھەرپ»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە قىممەتلىك ئىبادەتخانا ئىقتىسادىي ھۆججىتى»، «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى ‹تەس مەڭگۈتېشى›نىڭ تەرجىمىسى»، «تۇرپاندىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توقماققا ئويۇلغان يېزىقلار ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە پروفېسسور نيۇ رۇجى بىلەن بىرلىكتە «دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقات يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر ۋاراق ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى فىراگمېنت»، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بالدۇرقى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆرپ- ئادەتكە ئائىت ۋەسىقىنىڭ تەرجىمىسى»، «مانى دىنى ئابدەتخانىسىدىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتنىڭ بىرنەچچە يېرى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «بىر پارچە مانى دىنى ۋەسىقىسىدىن قوچو ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرنەچچە مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «ئەنشى يۈلىن غارىنىڭ 25- ئۆڭكۈرىنىڭ دالان تام رەسىمىدىكى قوچو ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەتلەرنىڭ تەرجىمىسى»،

«ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بەش پارچە مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقە ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «دۇنخۇاڭدىكى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ياڭ فۇشۆ ئەپەندى يەنە «قوملۇق ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىقىلىرى» (نيۇ رۇجى بىلەن ھەمشىرىك)، «غەربىي يۇرت ــ دۇنخۇاڭ دىنلىرى ھەققىدە»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇرلىرىدا بۇددا دىنى»، «غەربىي يۇرت دۇنخۇاڭدىكى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى.

ياش ئالىم ئابدۇرېشىت ياقۇپ «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نىستورىيان دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەرنىڭ فىراگمېنتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئورقۇن تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان ‹ئونگىن مەڭگۈتېشى›نىڭ تەرجىمىسى» ۋە «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نىستورىيان دىنىغا ئائىت ۋەسىقە ‹بۆگۈقاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى›» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ھەمدە «ئورقۇن- يېنىسەي ئابىدىلىرىنىڭ تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما» ناملىق مەخسۇس ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى.

پروفېسسور نيۇ رۇجى 1988- يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇر يېزىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەرەققىيات تارىخى ۋە ۋەسىقە تەتقىقاتىغا ئائىت نۇرغۇن ماقالە ئېلان قىلدى. ئاساسلىق- لىرىدىن «ئۇيغۇر يېزىق تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر يېزىق تارىخىنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «قەدىمكى تۈركىي تىلىنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹بۆگۈقاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى›نىڭ فىراگمېنتلىرىنىڭ تەرجىمىسى»، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۆت پارچە خەت- ئالاقە ھۆججىتى»، «9- 10- ئەسىر ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تۆت پارچە خەت- ئالاقە ھۆججىتىنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە»، «قەدىمكى ئۇيغۇر خەتتاتلىقى»، «مانى يېزىقى ۋە مانى يېزىقىدىكى قەدىمكى تۈركىيچە ۋەسىقە»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى›ئۈستىدە تەتقىقات»، «9- 10- ئەسىرگە تەۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئالتە پارچە ئۇيغۇرچە سودا خەت- ئالاقە ھۆججىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يەتتە پارچە بۇددا دىنىغا ئائىت ۋەسىقە ئۈستىدە تەتقىقات»، «يېقىنقى دەۋر (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن خەنزۇ

مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشىغا نەزەر»، «فىرانسىيەدىكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار»، «شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن ئومۇمىي بايان» قاتارلىقلار بار. نيۇ رۇجى بىلەن نيۇ رۇچېن بىرلىشىپ يازغان ماقالىلەردىن ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نىڭ 1 ـ تومىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەر ناملىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى ‹ئونگېن ئابىدىسى› نىڭ تەرجىمىسى»، «يىقىنقى دەۋر (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹رىشاتخان قىسسىسى›» پارچىسىنىڭ تەرجىمىسى» قاتارلىقلار بار. نيۇ رۇجىنىڭ مەخسۇس ئەسەرلىرىدىن «قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىقىلىرى» (ياڭ فۇشۆ بىلەن ھەمشىرىك)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە قەدىمكى ۋەسىقىلىرىگە مۇقەددىمە»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» قاتارلىقلار بار.

ئۇنىدىن باشقا، ئىلىمىزدە بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىگە تۆھپە قوشۇپ كەلگەن تەرجىمە پېشىۋالىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ سەركىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەرجىمىچىلىك بىزگە سىڭقۇ سەلى تۇتۇۇك، ئاپرىنچۇر تىكىن... قاتارلىق ئەجداد تەرجىمانلاردىن ئۇدۇم قالغان. ھازىرغىچە بولغان ھەرقايسى دەۋرلەردە ئېھتىياج بويىچە باشقا تىللاردىن ھەر خىل ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ، باشقىلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، تۇرمۇش، ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ كېلىۋاتقان تەرجىمانلارنىڭ مەيلى چەت ئەلنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بولسۇن ياكى خەنزۇ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن بولسۇن تەرجىمە قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ھەممە قايىل. يېقىنقى دەۋردىكى ۋە دەۋرىمىزدىكى ئاتاقلىق تەرجىمانلاردىن مەھمۇدجان ئىلھامجانوۋ، ئابدۇرۇسۇل، ئابدۇكېرىم خوجا، ئۇيغۇر سايرانى، توختى باقى ئارتىشى، ئىبراھىم ئەھمىدى، رەھمىتۇللا جارىي، ئىبزىز يۇسۇپ، روزى تۇردى، جۇمەخۇن، تۇرسۇنئاي ساقىم، مۇساجان ئەزىزى، ماھىنۇر ھاجى ياقۇپ، پېك زۇكلو، گوجگاك، خاۋ گۇەنجۇك، جاك خۇكچاۋ... قاتارلىقلار تەرجىمە ئەمەلىيىتى ۋە تەرجىمە نەزەرىيىسىدە ئۇلگە بولۇشقا مۇناسىپ ئۇستازلارمۇ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدە ئىسمى ئاتىلىشقا مۇناسىپ تۆھپىكارلاردۇر..

※※※

دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (ئورقۇن-

يەنسەي ئەدەبىي تىلى)، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى قۇچۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىنى، شۇنداقلا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خارەزم دەۋرى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (چاغاتاي ئەدەبىي تىلى)دىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخىي جەريانغا ئىگە. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر خەلقى مۇشۇ ۋاستىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيىتىنى يارىتىپ ۋە ساقلاپ، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم- لېنىنىزمچە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇر تىلى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىل- يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇشتەك سىياسىي شەرت ئاستىدا، ئۇيغۇر تىل- يېزىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بارلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىپ، سوتسىيالىزم شارائىتىدا تېز يۈكسىلىۋاتقان مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىگە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالايدىغان بىر قورالغا ئايلاندى، شۇنداقلا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە تېخىمۇ تېز ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى پەللىسىگە يەتتى. بۇندىن كېيىن تۆھپىكار تىلشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن قېلىپلاشتۇرۇشى، تىلنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن مۇكەممەللىشىشى، ئانا تىل ۋارىسلىرىنىڭ ئۈنى سۆيۈپ قوللىنىشى بىلەن ئانا تىلىمىز تېخىمۇ بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ بارغۇسى.

---

* مەزكۇر ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ 2010- يىللىق تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى»نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى. تەستىق نومۇرى: **BYY07610**

# ئۇيغۇر تىلى تارىخي تەرەققىياتىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدە*

غەيرەت ئابدۇرەھمان ئۆزغار

**قىسقىچە مەزمۇنى**: ماقالىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات تارىخىنى دەۋرگە بۆلۈش ئاساسىي نىشان قىلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ پۈتكۈل تۈركىي تىللارنى دەۋرگە بۆلۈش قارىشى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخي تەرەققىيات باسقۇچىنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەپ تۆت باسقۇچقا ئايرىش قارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: ئۇيغۇر تىلى تارىخي تەرەققىيات باسقۇچ

ئۇيغۇرلار مەيلى موڭغۇل يايلاقلىرىدا بولسۇن، مەيلى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ئېتەكلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولسۇن، تارىختا ئۆز تىلىنى يېزىق دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن تۈرلۈك يېزىقلاردا ئىپادىلەپ كەلگەن. ھاكىمىيەت، دىن، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرىنى كۆپلەپ باشتىن كەچۈرگەن ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ تارىخ ئېقىمىنى بويلاپ ئۆز تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلى تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى ئۇيغۇر تىلى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ يەكۈنلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇيغۇر تىلى تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈش مەسىلىسى ئۇزاقتىن بېرى ئالىملارنىڭ كۆچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتىپ كەلمەكتە. ئىلىمىزدىكى ۋە خەلقئارادىكى ئالىملار ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى دەۋرلەرگە ئايرىشتا، ھەرقايسىسى ئۆز چۈشەنچىسى ۋە قاراشلىرى بويىچە ھەر خىل يول تۇتقان. زادى قانداق دەۋرگە ئايرىش ھازىرغىچە بىر تۇرغۇچقا كېلەلمىگەن مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. بەزىلەر ئۆز ۋاقتىدىكى، يەنى ئەينى ۋاقىتتا تېپىلمىلارنىڭ دەسلەپ تېپىلغان ۋاقتىدىكى قىياسى بويىچە ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلىرى ئۇنى قىسمەن

www.kitaphumar.com

ئىسلاھ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنى مەلۇم مىللەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى بويىچە ئاتاشنى لايىق تاپماقتا. ئەمما شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى تىللار ھەرگىزمۇ بىر- بىرىدىن مۇستەسنا، ئايرىم ھالدا تەرەققىي قىلغان ئەمەس، ھەممىسى بىر- بىرىنىڭ ئىچىدە، بىر- بىرىنى شەرت قىلىپ ھەم تولۇقلاپ خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋردىن كېيىن، ئەينى دەۋردىكى قەبىلە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاساسىدا ئايرىم مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا تۈركىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى باشلامچى، يېتەكچى قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەچكە، ئۇيغۇر تىلىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي قەبىلىلەر تىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم غول شاخلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئانا تۈپىنى ھۇن دەۋردىكى قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر تىلى ياكى ئورتاق ئالتاي تىلى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

بەزى ئالىملار ئومۇمىي تۈركىي تىللارنى بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە دەۋرگە بۆلۈپلا چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ھازىرقى زاماندىكى كونكرېت تىللارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنى دەۋرلەرگە بۆلۈپ كونكرېت ئىپادىلىمىگەن. جۇڭگو ۋە چەت ئالىملىرى ئۇيغۇر تىلىنى دەۋرگە بۆلگەندە، ئاساسلىقى قەدىمكى تۈركىي تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان. بۇ ئالىملار قەدىمكى تۈركىي تىللارنى مۇنداق دەۋرلەرگە بۆلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى باسكاكوف قەدىمكى زامان تۈرك تىلى ۋە ھازىرقى زامان تۈرك تىللىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى مۇنداق ئالتە باسقۇچقا يىغىنچاقلايدۇ: (1) ئالتاي دەۋرى (بۇ دەۋرنىڭ ئېنىق يىلىنى بېكىتىش مۇمكىن ئەمەس)؛ (2) مىلادىيە 5- ئەسىردىن بۇرۇنقى ھۇن دەۋرى (بۇ دەۋر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردىن مىلادىيە 5- ئەسىرگىچە بولغان ھۇنلار دەۋرى)؛ (3) 6 ~ 9- ئەسىرلەردىكى قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى؛ (4) 9 ~ 15- ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى؛ (5) 16~ 19- ئەسىرلەردىكى يېقىنقى زامان تۈرك تىلى دەۋرى؛ (6) 20- ئەسىردىكى ھازىرقى زامان تۈركىي تىللار .

ۋېنگرىيەلىك تۈركولوگ رونا تاسنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: (1) ئالتاي/ ئىلگىرىكى تۈرك تىلى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ~ 4000- يىللار)؛ (2) قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 ~ 500- يىللاردىن مىلادىيە 400- يىلغىچە)؛ (3) يېقىن قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى (مىلادىيە 400 ~ 550- يىللاردىن مىلادىيە 1000 ~ 1200- يىللار)؛ (4) ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈرك تىلى

دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىيە 1200- يىلىدىن باشلىنىدۇ، تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندا ھەر قايسى دەۋرلەر كونكرېت تىللارغا ئاساسلىنىپ ئايرىلىدۇ)؛ (5) يېڭى تۈركىي تىللار دەۋرى؛ (6) ھازىرقى زامان تۈرك تىللىرى دەۋرى. .

تۈركىيەلىك ئالىم ئەخمەت جەفەر ئوغلۇ تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىنى يەتتە دەۋرگە بۆلىدۇ: (1) ئالتاي دەۋرى (تۈرك- موڭغۇل ئورتاق گەۋدىسى)؛ (2) ئەڭ قەدىمكى تۈرك تىلى دەۋرى (ئىپتىدائىي تۈرك تىلى گەۋدىسى)؛ (3) ئىپتىدائىي تۈرك تىلى دەۋرى؛ (4) قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى؛ (5) ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى؛ (6) يېقىنقى زامان تۈرك تىلى دەۋرى؛ (7) ھازىرقى زامان تۈرك تىلى دەۋرى. .

ۋېنگرىيەلىك تۈركولوگ لىگېتى مىلادىيە 6- ئەسىردىن كېيىنكى تۈرك تىلىنىڭ تارىخىنى ئۈچ ئاساسىي دەۋرگە بۆلىدۇ: 1) قەدىمكى زامان تۈرك تىلى (مىلادىيە 6 ~ 9- ئەسىرلەر)؛ 2) ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈرك تىلى (مىلادىيە 5 ~ 15- ئەسىرلەر)؛ 3) يېقىنقى زامان تۈرك تىللىرى دەۋرى (16- ئەسىردىن ھازىرغا قەدەر) .

ئامېرىكىلىق نىكولاي پوپپې تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىنى مۇنداق بەش دەۋرگە بۆلىدۇ: 1) ھۇن تىلى دەۋرى (مىلادىيە 4 ~6 - ئەسىرلەر)؛ 2) ۋولگا، دوناي بۇلغارلىرى تىلى دەۋرى (6- ئەسىر)؛ 3) قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى (6 ~ 10- ئەسىرلەر)؛ 4) ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى (10 ~ 15- ئەسىرلەر)؛ 5) ھازىرقى زامان تۈركىي تىللار دەۋرى (16- ئەسىردىن كېيىن). .

سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگى تېنىشېۋ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىنى مۇنداق توققۇز ۋارىيانتقا ئايرىيدۇ: 1) رۇنىك ئورتاق تىلى (7 ~ 9 - ئەسىرلەر)؛ 2) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (8 ~ 10- ئەسىرلەر)؛ 3) قاراخانىيلار ـــ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى؛ 4) خارەزم ـــ تۈرك ئەدەبىي تىلى (13 ~ 14- ئەسىرلەر)؛ 5) چاغاتاي ئەدەبىي تىلى (15 ~ 19- ئەسىرلەر)؛ 6) تۈرك ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى؛ 7) سالجۇق ئەدەبىي تىلى (13 ~ 14- ئەسىرلەر)؛ 8) مەملۇك ۋە ئەرمىنىيە- قىپچاق ئەدەبىي تىلى (13 ~ 14- ئەسىرلەر).

گېرمانىيە مېينىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى لارس يوھانسون تۈركىي تىللار تارىخىنى مۇنداق تۆت دەۋرگە بۆلىدۇ: 1) قەدىمكى زامان دەۋرى:. 2) ئوتتۇرا ئەسىر: 3) ھازىرقى زاماندىن ئىلگىرىكى دەۋر: 4) ھازىرقى زامان دەۋرى .

ئىلىمىز ئالىملىرىدىن گېڭ شىمىن ئەپەندى ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى بايان قىلغاندا، ئۇنى مۇنداق تۆت باسقۇچقا بۆلىدۇ: 1) مىلادىيە 8- ئەسىردىن 9-

ئەسىرگىچە، بۇ دەۋرنىڭ تىلى «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»، «سۇجى مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق مەڭگۈ تاشلاردا كۆرۈلىدۇ؛ 2) 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە، يەنى «ئالتۇن يارۇق»، «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «خۋانىسفت» («مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تووانامىسى»)، «ئىۋانگىلىۇم»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلى؛ 3) 13 ـ 15 ـ ئەسىرگىچە، يەنى «ئوغۇزنامە»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قاتارلىق يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلى؛ 4) 16 ـ ئەسىردىن كېيىنكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلى .

جاڭ تىيشەن ئەپەندى تۈركىي تىللار يازما يادىكارلىقلىرىنى دەۋرلەرگە بۆلگەندە، تىل ئالاھىدىلىكى، جەمئىيەت تارىخى، يېزىق تىپى قاتارلىق ئۈچ ئۆلچەمگە ئاساسلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا بۇ ئۈچ ئۆلچەمگە ئاساسلىنىپ تۈركىي تىللار يازما يادىكارلىقلىرىنى تۆۋەندىكىدەك دەۋرگە بۆلىدۇ: 1) قەدىمكى زامان تۈرك تىلى يازما يادىكارلىقلىرى ياكى قەدىمكى زامان تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى (6 ~ 9 ـ ئەسىرلەر)؛ 2) ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈركىي تىللار يازما يادىكارلىقلىرى ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يازما يادىكارلىقلىرى (9 ~ 15 ـ ئەسىرلەر)؛ 3) يېقىنقى زامان تۈرك تىلى يازما يادىكارلىقلىرى ياكى چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالىملار تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى دەۋرگە بۆلگەندە، ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تۈركىي تىللارنىڭ ئۆزىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلگەن. لېكىن ئۇلاردىكى بىر ئورتاقلىق شۇكى، تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلگەندە جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تىلنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئامىللارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھەمدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقنى ئىپادىلىگەن.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى ئالىملار ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى دەپ ئۈچ باسقۇچقا، يەنە بەزىلەر بولسا قەدىمكى تۈركىي تىلى دەۋرى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، چاغاتاي تىلى دەۋرى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى دەپ تۆت باسقۇچقا، يەنە بەزىلەر بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرى، كاشغەر تىلى دەۋرى، چاغاتاي تىلى دەۋرى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن ئىبارەت بەش دەۋرگە ئايرىپ

تونۇشتۇرىدۇ. بىزمۇ بۇ قاراشلارنى خاتا دېمەيمىز. ئەمما شۇنى قەيت قىلىپ قويۇشىمىز كېرەككى، چەت ئەل ئالىملىرى ئۇنىڭغا قانداق نام بەرسۇن ۋە ياكى خەنزۇچە تارىخي ماتېرىياللاردا قانداق خاتىرىلەنسۇن، ئۇيغۇر تىلى قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بىر خىل لىنىيەنى بويلاپ، يەنى ئاشۇ تىلنى قوللانغۇچى خەلق ئەجدادىدىن ئەۋلادىغىچە ئاشۇ بىر تىلنى، يەنى ئۇيغۇر تىلىنى تەرەققىيات باسقۇچى بويىچە قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللاردا قانداق خاتىرىلىنىشىدىن ۋە ياكى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ قانداق چۈشىنىۋېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا ئۇيغۇر تىلى دېيىلىشى كېرەك. چەت ئەل ئالىملىرى ئەڭ دەسلەپ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى ئورقۇن- يېنىسەي دەريالىرى بويىدىن تېپىلغان ئابىدىلەر تىلىنى بايقىغاندا، ئۇنىڭ يېزىق شەكلىگە قاراپ، ئۇنى قەدىمكى گرېكلەر قوللانغان رۇنا (رۇنىك) يېزىقىغا ئوخشىتىپ قالغان، كېيىن بۇنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلى ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئىستېخىيىلىك ھالدا ئۇنى «تۈرك- رۇنىك يېزىقى» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئورقۇن- يېنىسەي دەريالىرى بويىدىن تېپىلغانلىقىغا قاراپ «ئورقۇن- يېنىسەي ئابىدىسى تىلى» دەپمۇ ئاتىغان. دېمەك بۇ خىل ئاتاش ھەرگىزمۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت بويىچە كۆنۈپ قېلىشتىن بولغان. «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىمۇ ئەنە شۇنداق ھەرقايسى دەۋردىكى تارىخشۇناس ۋە تەرجىمانلارنىڭ ھەر خىل خەتلەرنى ئىشلىتىپ «ئۇيغۇر» سۆزىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەلۋەتتە، تارىخىي دەۋرلەردە ئارىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ يېقىن- يىراق بولۇشى، خانلىقلار ئارىسىدىكى قوشۇلۇش- بۆلۈنۈش سەۋەبلىرى، ئىتتىپاقلىشىش- قارشىلىشىش جەريانلىرى تۈپەيلىدىن شۇ بىر سۆزنى ئىپادىلەيدىغان خەتلەرنىڭ بەزىدە ئىجابىي مەنىدىكى خەتلەرگە، بەزىدە سەلبىي مەنىدىكى خەتلەرگە ئالماشقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمىساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەقەت شۇ بىرلا «ئۇيغۇر» سۆزىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. «چاغاتاي تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي يېزىقى»، «چاغاتايچە» دېگەن ئاتالغۇلار ئۈستىدىمۇ بۇنىڭغا كۆخۆل بۆلىدىغان ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆپ. چۈنكى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭغارىيە موغۇلىستاندا خان بولۇپ، چاغاتاي خانلىقىنى قۇرغاندا، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى يەنىلا يەرلىك ئۇيغۇرلار بولۇپ، چاغاتاي بۇ تىل- يېزىقنى موڭغۇل خاندانلىقىدىن ئېلىپ كەلمىگەن، شۇنداقلا بۇ ئۇ خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن قوللانغان تىل- يېزىقمۇ ئەمەس، بۇ تىل- يېزىق مۇشۇ يەردە، ھەتتا ئۆز دائىرىسىدىنمۇ كەڭ

دائىرىدە بۇرۇندىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان تىل- يېزىق. «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيەتتە، ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ۋە ‹قۇتادغۇ بىلىك›قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر باش بەلگە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى)نىڭ داۋامى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى، ھېلىھەم زوق- شوخ بىلەن تەرەننۇم قىلىنىۋاتقان ۋە تۈگىمەس- پۈتمەس مۇھەببەت بىلەن ئوقۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر 12 مۇقامى تېكىستلىرىنىڭ تىلى بولغانلىقى، شۇنداقلا ھازىرغىچە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا، نىسبەتەن زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئەدەبىي، تارىخىي ۋە ئىسلامىي ئەسەرلەر يېزىلغان شاراپەتلىك تىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئېرىلىپ تەتقىق قىلىش ھەققەتەنمۇ ئەمەلىي قىممەت، رېئال ئەھمىيەت ۋە ئىقباللىق زۆرۈرىيەتكە ئىگىدۇر.» شۇڭا، بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ بۇ تىل- يېزىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق بىر خاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق.

يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى دەۋرلەرگە ئايرىشتا، يەنىلا ئەسلىگە سادىق، ئىلمىي، بىر يۈنىلىشلىك بولۇشىنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. بىز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى» ئۈستىدە توختالغاندا، چوقۇم مۇشۇ نۇقتىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات باسقۇچىنى تۆۋەندىكىچە بىر پۈتۈن سىستېما بويىچە ئايرىشنى لايىق تاپتۇق.

## 1 ـ باسقۇچ: قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

بۇ باسقۇچ ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىن (بىز پەقەت يازما پاكىت ئاساسى بولغان كۆكتۈرك، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان ئابىدىلەر يېزىق تىلىنى ئاساس قىلىمىز) تارتىپ، ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر تۈرك خانلىقى بىلەن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى خانلىق قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا ئۆزىنىڭ تىلىنى خاتىرىلەپ بىر تۈركۈم مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىنى مىراس قالدۇرغان. تىلشۇناسلار ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى بىلەن قەدىمكى زامان تۈرك تىلىنى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇسۇلى بويىچە تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار ۋە يېقىنلىقلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى

دەلىللىــدى. شــۇنىڭ بىــلەن هــازىرقى زامــان تــۈركىي تىللىرىــدىكى نۇرغــۇن تىــل ئالاھىــدىلىكلىرىنىڭ قەدىمكــى زامــان ئۇيغــۇر تىلىــدىن تەرەققىــي قىلىــپ كەلگەنلىكىنــى ئىسپاتلىدى.

## 2 ـ باسقۇچ: ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

بۇ باسقۇچ ئۇيغــۇرلار غەربكە كــۆچكەن (9ـ ئەسىــرنىڭ ئوتتــۇرلىرى)دىــن كېيىنكى قوچــۇ ئۇيغــۇر خانلىقىــدا قوللىنىلغــان قوچــۇ ئۇيغــۇر تىلــى دەۋرى بىــلەن قاراخــانىيلار سۇلالىســىدا قوللىنىلغــان خاقــانىيە ئۇيغــۇر تىلــى دەۋرى ھەمــدە قاراخــانىيلار سۇلالىســىنىڭ ئاخىرىدىكى خارەزم ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلــى دەۋرى مىلادىــيە 9ـ ئەســىرنىڭ ئوتتۇرلىرىــدىن باشــلىنىپ، مىلادىــيە 13ـ ئەســىرنىڭ بېشــىدا ئاخىرلىشــىدۇ. مىلادىــيە 840ـ يىلــى ئورقــۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار غەربكە قاراپ كۆچــۈپ ئىلگىــرىـ ئــاخىر بولــۇپ گەنجــۇ ئۇيغــۇر خــانلىقى، قوچــۇ ئۇيغــۇر خــانلىقى، قاراخــانىيلار سۇلالىسى قاتــارلىق ھــاكىمىيەتلەرنى قــۇردى. بــۇ دەۋردە دىــن ۋە مەدەنــىيەت جەھەتتىكــى پەرق تۈپەيلىــدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قوچۇ ۋە خىشى (گەنجــۇ ۋە شاجۇ)دىكى بۆلىكىــدە بــۇددا دىنــى بىــلەن مانى دىنى ئەۋج ئېلىپ، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغــۇر يېزىقىنــى ئاســاس قىلغــان ھالــدا ئوتتــۇرا قەدىمكــى زامــان ئۇيغــۇر يېزىقــى، مــانى يېزىقــى، ســوغدى يېزىقــى، ســۈريان يېزىقــى، براخمــا يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى ئىشلەتتى؛ قاراخــانىيلار سۇلالىســى مىلادىــيە 10ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىــدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىــپ، قەدىمكــى ئۇيغــۇر يېزىقــى بىــلەن ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى خاقانىيە يېزىقىنى ئىشلەتتى.

بۇ دەۋردە ئىككى خىــل يېزىــق تىلــى بارلىققا كەلــدى: قوچــو ئۇيغــۇر خــانلىقى بىــلەن خىشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئىبۋانگېلىۇم»، «ئېزوپ مەسەللىرى»، «خۇانسىفت»، «مايترى سىمت» قاتارلىق بۇددا دىنــى، مــانى دىنــى، نىستورىيان دىنىغا ئائىــت تەرجىــمە ئەســەرلەر مەيــدانغا كەلــدى؛ خاقــانىيە ئۇيغۇرلىرىنىــڭ تىلىــدا «قۇتــادغۇ بىلىــك»، «دىــۋان لۇغاتىــت تــۈرك»، «دىــۋانى ھىكــمەت»، «ئەتەبەتــۇلھە قايىق»، «قۇرئان كەرىم تەپسىرى» قاتــارلىق ئەســەرلەر يېزىلــدى. ئۇنىڭــدىن باشقا، 20ـ ئەســىرنىڭ بېشــىدا يەكەن، خــوتەن، مارالبېشــى قاتــارلىق جــايلاردىن تېپىلغــان ئوتتــۇرا قەدىمكــى زامــان ئۇيغــۇر يېزىقــى ۋە خاقــانىيە يېزىقىــدا يېزىلغــان ئەســەرلەر قاراخــانىيلار

سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋەدۇر.

بۇ دەۋر تىلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، غەربىي يۇرتنىڭ تۈركلىشىشى (ئۇيغۇرلىشىشى) ۋە ئىسلاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان ساك، توخرى، سوغدى قاتارلىق ھىندى- ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى. ساك، توخرى، سوغدى تىللىرىنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇر تىلى ئىگىلىدى. گەرچە بۇ تىللار يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە گىراماتىكىسىدا ئاستاتلامىغا ئايلىنىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. 13- 14- ئەسىردىن 14- ئەسىرنىڭ بېشىغىچە خارەزمنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاھالىسىنى ئاساس قىلغان خارەزم ئۇيغۇر تىلى 100 يىلچە ئەدەبىي يېزىق تىلى سۈپىتىدە ھۆكۈم سۈردى ۋە بۇ تىللار بىلەنمۇ بەزى ئەسەرلەر يورۇقلۇققا چىقتى.

بۇ يەردە يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، باشتا قەيت قىلىنغاندەك بەزى تىلشۇناسلار ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىق تىلى ــ قوچۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىنى، ئۇنىدىن كېيىنكى دەۋردىكى بۇددىزم مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىسلامىيەت مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئىككى دەۋر تىلى دەپ ئايرىۋېتىدۇ. بىز بۇ ئىككى جۈپ يېزىق تىلىنى ئوخشاش دەۋرگە قويۇشنى مۇۋاپىق، دەپ قارايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى: 1) قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولغان دەۋرى ئوخشاش، شۇڭا بىر دەۋرگە ئايرىش مۇۋاپىق؛ بۇددىزم مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان خېشى ئۇيغۇرلىرى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەۋجۇت بولغان دەۋر ئوخشاش بولۇپ، 13 ~ 15- ئەسىرلەردىكى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بىر دەۋرگە ئايرىش مۇۋاپىق. 2) گەرچە ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان رايون، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن خاقانىيە تىلى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر تىلىدا، بۇددىزم مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىسلامىيەت مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتلەردە بەلگىلىك پەرقلەر كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىقتىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، خاقانىيە تىلى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈرك تىلى دەۋرىگە، 13 ~15- ئەسىرلەردىكى

بۇددىزم مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىسلامىيەت مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى «ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى» دەۋرىگە تەۋە قىلىش، يەنى ئوخشاش بىر دەۋردە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا ئىستېمال قىلىنغان ئىككى جۈپ يېزىق تىلىنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى دەۋرگە تەۋە قىلىش ئۇيغۇر تىلى تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشكە پايدىلىق.

## 3 ـ باسقۇچ: يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

بۇ باسقۇچ 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر جەمئىيىتى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى، جۇڭغار خانلىقى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتتى؛ قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلامىيەت مەدەنىيەت رايونى بىلەن قوچونى مەركەز قىلغان بۇددىزم مەدەنىيەت رايونى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. يېزىق جەھەتتە، ئۇيغۇرلار ئوخشاش بولمىغان يېزىقلارنى ئىشلىتىدىغان دەۋرگە خاتىمە بېرىلىپ، خاقانىيە يېزىقى ئاساسىدا شەكىللە- نگەن چاغاتاي دەۋرى يېزىقىنىڭ مۇتلەق نوپۇزى تىكلەندى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى «چاغاتاي يېزىق تىلى» ياكى «چاغاتاي تىلى»، «چاغاتاي تۈركچىسى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان بولسىمۇ، بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاتالغۇ بولمىغاچقا، بىز بۇ دەۋر تىلىنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىلىدا تۇتقان دەۋر ئورنىغا قاراپ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتاشنى لايىق تاپتۇق. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن نەۋائىي، نەۋبەتى، زەلىلى، نىزارى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى مۇشۇ تىلدا يېزىلدى، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەر مۇشۇ دەۋر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

## 4 ـ باسقۇچ: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

بۇ باسقۇچ 20ـ ئەسىرنىڭ 30ـ يىللىرىدىن تاكى ھازىرغىچە بولغان ئاز كەم 100 يىللىق دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخي نۇقتىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى

ئاساسىدا شەكىللەنگەن. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە تەدرىجىي بۆلۈنۈشكە باشلىدى. ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى (چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر تىلى)نى ئورتاق يېزىق تىلى ئورنىدا ئىستېمال قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، بۇ تىل كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا ئېغىز تىلىدىن تەدرىجىي يىراقلىشىپ، ئۆگىنىش ۋە ئىستېمال قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر تىلغا ئايلىنىپ قالدى، بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ چار رۇسىيەگە قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە بۇ تىلنى ئىستېمال قىلىدىغانلار ئومۇمىي ئاھالىگە نىسبەتەن ئاز سانلىققا ئايلاندى.

ئېغىز تىلىنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ~ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، چار روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى شىنجاڭدا كەڭ تارقىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۈرۈمچى، ئىلى ۋە قەشقەر شېۋىلىرى تەدرىجىي ھالدا ھەر قايسى دىيالېكت رايونلىرىنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالىغا ئايلاندى. چۈنكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگونىڭ بېشىدا، ئىلى ۋە ئۈرۈمچى شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى، قەشقەر بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە مەركىزىي دىيالېكت (ئىلى، قەشقەر، ئۈرۈمچى، تۇرپان شېۋىلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاقە قورالىغا ئايلاندى ۋە ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز بولۇپ شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، 20 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ يېزىق تىلىغا ئايلاندى.

------------------

* مەزكۇر ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ 2010 ـ يىللىق تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى»نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى. تەستىق نومۇرى: BYY07610

# چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن قىسقىچە بايان

غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار

**قىسقىچە مەزمۇنى**: مەزكۇر ماقالىدە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا سىڭدۈرگەن ئەمگىكى، چەت ئەلدىكى ۋەكىللىك ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدۇ.
**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: چەت ئەل ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە يېقىنقى زامان ئەدەبىي تىللىرى، ئاساسەن يازما نەرسىلەردە، يەنى، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىتىلگەن يازما ئەدەبىي تىلنى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى تىلىنى كۆرسىتىدۇ، يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلىگەن تۈرك-رۇنىك يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن مەشھۇر ئورقۇن-يەنسەي يازما يادىكارلىقلىرى؛ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىدىقۇت دىيالېكتىدىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى، بىرىك تەرجىمە ئەسەرلەردىن «ئالتۇن يارۇق»، «مايترى سىمىت»، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى»، شۇنىڭدەك «ئوغۇزخان ھەققىدە رىۋايەت»، «ئىدىقۇت سۆزلۈكى»، «ئىدىقۇت مەھكىمىسىدىن يوللىما ھۆججەتلەر» قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە باشقا قىزىپ تېپىلغان خەت-چەكلەر؛ ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خاقانىيە دىئالېكتىنى خاتىرىلىگەن ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىقتا خاتىرىلەنگەن تارىخىي يادىكارلىقلاردىن ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، مەشھۇر ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەر؛ يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر تىلى خاتىرىلەنگەن چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتىلىپ قالغان يېزىقتا خاتىرىلەنگەن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، سىياسىي ئەربابلىرى، ئىلىم-پەن خادىملىرى ياراتقان نەسرىي، نەزمىي ئەسەرلەر، تىل، تارىخ، سىياسەت ۋە تېبابەتچىلىككە دائىر ئەسەرلەر، قانۇنىي

ھۆججەت، خەت- ئالاقە، توختانامە قاتارلىقلار قەدىمدىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نامايەندىسى ۋە يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ جەۋھەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىي تىلى بولسا، ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرلەرنى بېسىپ كەلگەن مىللىي ئورتاق تىلنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان شەكلىنى، يېزىق ۋە ئېغىز ئارقىلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممە ساھەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان تىلنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان تىل- يېزىقلار ۋە بۇ تىل- يېزىقلار بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان مول يازما يادىكارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. 18- ئەسىردىن ئېتىبارەن ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىل- يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تۈركىي تىل- يېزىقلارنى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇ خىلدىكى ئىلمىي پائالىيەتلەر 19- ئەسىرگە كەلگەندە مۇنتىزىملاشقان ھالدا كەڭ قانات يايدى ۋە ئالەمشۇمۇل تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى. 18- 19- ئەسىرلەردە ياۋروپا ئالىملىرىدىن ۋېنگىرىيەلىك ئا. ۋامبېرى، روسسىيەلىك ۋ. ۋ. رادلوۋ، فىنلاندىيەلىك گ. رامستېد قاتارلىقلار تۈركىي تىللار تەتقىقاتىنىڭ غەرب دۇنياسىدىكى پېشۋالىرىدىن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازدى، شۇنداقلا ئالتاي ۋە ئۇرال- ئالتاي نەزەرىيەلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خېلى ئىشلەندى. روسسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، شۋېتسىيە، فىنلاندىيە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى شىنجاڭ (دۇنخۇاڭمۇ بار)دىن قەدىمكى تىل- يېزىقتا يېزىلغان نۇرغۇن قىممەتلىك يازما ماتېرىياللارنى ئېلىپ كېتىپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى باشلىغان. گېرمانىيە ئالىملىرىدىن ۋىللى باڭ بىلەن ف. ۋ. ك. مۈللېر تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى ۋە مانى، سوغدى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئوقۇپ ئېزاھلىغاندىن كېيىن، ئا. ۋون. گابائىن، پېتېر زىيمې، كلائۇس رۆھربورن، پېتر لائۇت قاتارلىق ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇر تىل- يېزىقى، تۇركچە تۇرپان تېكستلىرى، ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر، شۋەنزاڭنىڭ ئۆمۈر تارىخى قاتارلىقلار ھەققىدە تەتقىقاتلارنى قىلدى. روسىيە- سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن ۋ.ۋ. رادلوف، س. ئې. مالوف، ئە. تېنىشېۋ، ئا. م. شېرباك، ۋ. م. ناسىلوف، د. تىخونوف، ل. يۇ. تۇگۇشېۋا قاتارلىق ئالىملارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل- يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى يورۇقلۇققا

چىقاردى. ياپونىيە ئالىملىرىدىن يۇ تيەنخىڭ، مورى ماساۋ، يامادا نوبو، ئودا جۇتېن، كۇدارا كوگى، شوگايتو ماساخىرو، موريياسو تاكاۋ، ئۇمەمورا خىروشى، مانو ئېيجى قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدى. فرانسىيىلىك پائۇل پېللىئوت، جامىس خاملتون قاتارلىقلارمۇ دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن ئېلىپ كېتىلگەن قولىيازمىلارنى تەتقىق قىلدى. شۋېتسىيە ئالىملىرىدىن گۇستاف راكۋېتتى، گۇننار ياررىڭ، سۋېن ھېدىن قاتارلىقلار ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ئېلىپ كەتكەن يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇردى. ۋېنگىرىيەلىك ئا ۋامبېرى، تۈركىيەلىك رېشاد رەھمەتى ئارات، ئەھمەت جەفەر ئوغلۇ، تالات تېكىن، ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن، ئەنگلىيەلىك گ. كلاۋسون، مارسېل ئېردال، ئامېرىكىلىق سىناشى تېكىن، روبېرت دانكوۋ، جامېس كېللىي، فىنلاندىيەلىك گوستاف مانىېرخېم، گ. ج. رامستېد قاتارلىقلارمۇ ئورقۇن- يېنسەي يېزىقلىرى، مانى ۋەسىقىلىرى، تۇرپان تېكىستلىرى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى قاتارلىقلار ھەققىدە تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزدى. 20- ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن تۈركىي تىل- يېزىقلىرى ۋە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى ۋە دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى. ئالىملار كەڭ كۆلەملىك ئەمگەكلەرنى قانات يايدۇرۇپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئا. ۋون. گاباين تىل يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن «قەدىمكى تۈركىي تىل گراماتىكىسى»، ««شۋانزاڭنىڭ تەرجىمھالى›نىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى»، «تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرى» (8-، 9-، 10- جىلدلىرى) نى ئىشلەپ چىقتى، تۇرپان، كۇچا مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىگە قاراتقان ئەمگەكلىرىنى ئېلان قىلدى ۋە يەنە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئەسەرلەرنى ياراتتى. گېرمانىيەلىك ك. بروككېلمان، تۈركىيەلىك كىلىسلى رىفات، بېسىم ئاتالاي قاتارلىقلار ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نادىر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى تەرجىمە قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى. يەنە نۇرغۇن چەت ئەل ئالىملىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل- يېزىقى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئومۇملىششى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدىن ئېتىبارەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن ئەمىر نەجىپ، ئە. تېنىشېۋ، ئا. قايداروۋ، غوجائەھمەد

سەدىۋاققاسوۋ، ئايشەم شەمىيېۋا، ر، رەھموۋ، ت. تالىپوۋ، ئىمساخان جەلىلوۋا قاتارلىقلار ئايرىم تۈزگەن ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىلىرى شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە تاكى 1954- يىلىغىچە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى دىئالېكت- شېۋىلەرنىڭ شەكىللىنىشى تىل تەرەققىياتى جەريانىدىكى تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ توپلىشىپ ياشاش ئادىتىنى تاشلاپ، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى شەھەرلىشىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا قازاقىستان س س س پەنلەر ئاكادېمىيەسىد- ىكى ئا. قايداروۋ، غ. سەدىۋاققاسوۋ، ت. تالىپوۋ قاتارلىقلار تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (ئىككى توم) چەت ئەللەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلاپ ئىشلەنگەن ۋەكىللىك خاس ئەسەردۇر.

ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت- شېۋىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى مەھمۇد كاشغەرىدىن كېيىن، 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ياۋروپا ئالىملىرى دەسلەپ قولغا ئالدى. چەت ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ھەققىدىكى ئەمگەكلىرىدىن روسىيە ئالىمى بوداگوۋنىڭ «تۈركىي- تاتار دىئالېكتلىرى سېلىشتۇرما لۇغىتى»، ۋىلھېلم رادلوۋنىڭ «تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكت لۇغىتى»، گۇننار يارىڭنىڭ «شەرقىي تۈركچە- ئىنگلىزچە دىئالكت لۇغىتى»، مالوۋنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل دىئالېكتى» ۋە «لوپنۇر دىئالېكتى»، ئە. تېنىشېۋنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋەكىللىك شەخسلەردىن گۇننار يارىڭ، گوستاف راكۋېتتى، سۋېن ھېدىن، روسىيە- سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى س. ي. مالوۋ، كاتانوۋ، ئە. تېنىشېۋ، ئەنگلىيە ئالىمى روبېرت شاۋ، گېرمانىيە ئالىمى ئا. ۋون. لېكوك قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

بۇ جەرياندا چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىل- يېزىقى ۋە ۋەسىقىلىرى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك تەتقىقات مېۋىلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىستاتىستىكىلاش مۇمكىن.

گېرمانىيە ئالىملىرىدىن: ئا . ۋون . لېكوك (A.von.Le Cok) 1860- يىلى تۇغۇلغان، ئېكسپېدىتسىيەچى، ئارخېئولوگ ۋە تۈركولوگ. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇقەددىمە»، «تۇرپاندىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى قولىيازمىسى»، «قوچۇ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەت»، «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قەدىمىي ئەسۋاب- جابدۇقلار ــــ تۇرپاندىكى ئېكسپېدىتسىيەدىن

www.kitaphumar.com

هاسلاتلار» قاتارلىقلار بار. ۋىللى . باڭ ( Willi Bang، 1869ـ1934) گېرمانىيەدىكى ئەڭ دەسلەپ تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ باشلامچىسى، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنىغا ئائىت فىراگمېنتلار»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت فىراگمېنتلار ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىقلار بار. ف. ۋ. مۇللېر (F.W.K.Muller، 1863ـ1930) گېرمانىيەدىكى ئاتاقلىق تىلشۇناسلاردىن بىرى. ئۇ تۇنجى بولۇپ مانى يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقىنى ئوقۇغان ئالىم، ئۇ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇشنىڭ باشلامچىسى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئىزاھ»، «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىبادەتخانا تۆۋرۈكىدىكى ئىككى پارچە ئويما يېزىق»، «مانى دىنىغا ئائىت ئىككى پارچە مەدھىيە فىراگمېنتى» قاتارلىقلار بار. ج. كىلاپروت (J.Klaproth) 19ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئاساسلىق ئەسىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىل- يېزىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش» قاتارلىقلار بار. ئاننا مارىيە ۋون گابائىن ( Anne marie von Gabain، 1901ـ 1993) خەلقئارا ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان تۈركولوگ، ئۇيغۇرشۇناس. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى تۈركىي تىلى) گىراماتىكىسى»، «‹شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›نىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى قوليازمىسى»، «يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى (تۈركىي تىلى)دىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرى» (8ـ، 9ـ،1ـ جىلدلىرى) قاتارلىقلار بار. پېتېر زىمې (Peter Zieme) كۆپ ھوسۇللۇق ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقشۇناس. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى (تۈركىي تىلى)دىكى مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەت»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›نىڭ فىراگمېنتى»، «تۇرپان يىراق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (تۈركىي تىلى)دىكى نېستورىي دىنىغا ئائىت ھۆججەت»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت باش قاپيىەلىك شېئىرلار»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر(قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىجارە ھۆججىتى» قاتارلىقلار بار. كلاۋۇس رۆھبورىن (Klaus Rohborn) ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقىلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسى، ھازىر «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»نى تۈزۈۋاتىدۇ. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›نىڭ يەتتىنچى جىلدى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەرۋاھلارغا ئاتالغان دۇئا»،

www.kitaphumar.com

«تۇرپاندىن تېپىلغان سىلشتۇرما سۆزلۈكلەرنىڭ فراگمېنتلىرى» قاتارلىقلار بار. جېنس پېتېر لائوت (Jens Peter Laot) گېرمانىيەدىكى ياش ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «دەسلەپكى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنى ھۆججىتى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر»، «سوغدى يېزىقى، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى (تۈركىي تىل)دىكى قولىيازمىغا تۈزىتىش» قاتارلىقلار بار. ۋولفگاڭ سچارلىپ ( Wolfgang Scharlipp) ئاساسلىقى ئۇيغۇر تىل- يېزىقىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «20- ئەسىردە شىنجاڭدىكى تۈركىي تىل- يېزىقى»، «خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل- يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە مورفولوگىيەسىدە ئىپادىلىنىش ئەھۋالى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دەسلەپكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ـــــ تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە مۇقەددىمە» قاتارلىقلار بار. ئىنگىرت ۋارنكې (Ingirt  Warnke) ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى كەسپىنىڭ دوكتورى. ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسىرتاتسىيەسى «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹مېھىر- شەپقەت دىنىي مۇراسىمىدىكى تۆۋە- ئىستىغپار قائىدىسى»دۇر. س. تېزجان گېرمانىيەدە ئولتۇراقلاشقان تۈركىيەلىك. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹شۆۋنزاڭنىڭ تەرجىمھالى›نىڭ 14- جىلدى ئۈستىدە تەتقىقات»، « ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى Insadi نومى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىقلار بار.

روسىيە- سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن: ۋ. رادلوف (W.Radloff) روسىيەدىكى ئەڭ داڭلىق، ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر ۋەسىقشۇناس بولۇپ، روسىيە- سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ 1866- يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى ئىلمىي ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان (جەمئىي 138 كىتاب). ئۇ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئوغۇزنامە»، «يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى تۈركىي تىلى)» (ئالتە توملۇق چاتما ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان ۋە نەشر قىلدۇرغان. س. ئې. مالوۋ (C.E.Malow) ۋ. رادلوفنىڭ ئاساسلىق ۋارىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاتاقلىق ئاساسچىسى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى تۈركىي تىلى) ۋەسىقىلىرى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى پارچە ھۆججەت»، «ئودېنبۇرگ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بايقىغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر

تىلىدىكى قوللىيازما» قاتارلىقلار بار. ئە. تېنىشېۋ (E. Tenexew) مالوفنىڭ پەخرىلىك شاگىرتى، روسىيەنىڭ داڭلىق ھازىرقى زامان تۈركولوگى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ 50 ـ يىللىرىدا داڭق چىقارغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›نىڭ گىراماتىكىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، «يىراق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى تۈركىي تىلى) نىڭ سېلىشتۇرما گىراماتىكىسى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئىقتىسادىي خاتىرە» قاتارلىقلار بار. ئا. م. شېرباك (A.M. Xerbak) مالوفنىڭ يەنە بىر پەخرىلىك شاگىرتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 60 ـ يىللىرىدا داڭق چىقارغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «10 ـ 13 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ تۈركىي تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ گىراماتىكىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، «‹ئوغۇزنامە› ۋە ‹مۇھەببەتنامە› ئەلەيھىسسالا ـ منىڭ تەرجىمھالى› ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى ئۆزبېك تىلىدىكى يازما ۋەسىقىلەر»، «تۈركىي تىلىدىكى سۆزلەملەرنىڭ تارىخي تەرەققىيات مەسىلىسى» قاتارلىقلار بار. ب. م. ناسىلوف (B.M.Nasilow) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى، ئۇنىڭ «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابى بار. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 60 ـ يىللىرىدا داڭق چىقارغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئالمىشىش شەكلى مەسىلىسى»، «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى بەزى پېئىللارنىڭ تەكرار شەكلى ھەققىدە»، «ئورقۇن ـ يېنسەي ئابىدىلىرىدىكى رەۋىشداش كاتېگورىيەسى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى بار. تېخىنوف (Tehenow) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق ئۇيغۇر تارىخى مۇتەخەسسىسى، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەرگە ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. مەسىلەن، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باج ۋە باج يىغىش ئاتالغۇلىرى»، «13ـ14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكى» قاتارلىق. ل. يۇ. تۇگۇشېۋا (L.Yu. Tuguxewa) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملاردىن بىرى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى داڭق چىقارغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى›نىڭ 10 ـ جىلدى ئۈستىدە تەتقىقات»، «لېنىنگراد سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى پارچە ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى

ۋەسىقە»، «گېلۇنۋېيدىر بايقىغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ پارچە ھۆججەت» قاتارلىقلار بار.

ئۇندىن باشقا، روسىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناسلاردىن بېرنىستېين («ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى قانۇنغا ئائىت ھۆججەت»)، كىبىرووۋ («13ـ14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ــــ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى قانۇن ھۆججەتلىرىنىڭ يېزىلىشى»)، مۇرگىنوف («ئاسىيا مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى قولىيازمىلار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»)، دىمترىيېۋ («شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان تۈركىي تىلدا يېزىلغان قولىيازما ھەققىدە ئومۇمىي بايان»)، گېرىگورىيېۋ («باج ئاتالغۇسى ‹Kubci›») قاتارلىق تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناسلار بار. 20ـ ئەسىرنىڭ 60ـ يىللىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن س. مۇتەللىپوۋ («11ـ ئەسىردىكى تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا»)، غ. ئابدۇراھمانوف («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك ئىندېكسى» س. مۇتەللىپوۋ بىلەن ھەمشىرىك، ئۆزبېكىستان)، ت. بۇلوكوۋ («مەھمۇد كاشغەرىنىڭ لۇغىتىنىڭ يېڭى نەشرى توغرىسىدا»)، ئا. تۆمۈرچىزادە («11ـ ئەسىردىكى تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سىپىلشتۇرما ئۇسۇلى»)، گ. بەھراموف («مەھمۇد كاشغەرىي ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›تە ئوتتۇرىغا قويغان تۈركچە تۇراقلىق سۆز بىرىمىلىرى»)، ئا. بىنقامەت («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»)، ئايشەم شەمىيېۋا، ئا. قايداروف، خوجائەخمەت سەدىۋاققاسوۋ، ئا. ئىلىيېۋ، ماخمۇتوف قاتارلىق ئالىملار بار.

ياپونىيە ئالىملىرىدىن: يۇ تيەنخېك (1882~1955) ياپونىيەنىڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتچىسى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «دوكتۇر يۇ تيەنخېڭنىڭ تارىخشۇناسلىققا ئائىت ماقالىلىرى»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» قاتارلىقلار بار. شىبىن چۇنتەيلاڭ يۇ تيەنخېك بىلەن دەۋرداش ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇرلىرى تەتقىقاتچىسى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى كىتابلار ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا كۆيى ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ رەتلىنىشى ۋە تەتقىقاتى» قاتارلىقلار بار. يامادا نوبو (1920~1987 Nobuo • Yamada ,) ياپونىيەنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى (20ـ ئەسىرنىڭ 60ـ80ـ يىللىرى) ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى

تەتقىقاتچىسى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ماتېرىياللار كاتالوگى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ماتېرىياللار ۋە ئۇنىڭ بايانى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەم گۆرۈگە ئېلىش ھۆججىتى» قاتارلىقلار بار. مورى ماساۋ (Mori•Masao) ياماۋا نوبو بىلەن دەۋرداش ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتچىسى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكلىكنى سېتىش توختامى»، « ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستىمال قەرز ھۆججىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «تۈركىي تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» قاتارلىقلار بار. ئودا جۇتېن (Oda•Juten) ياپونىيەلىك ھازىرقى دەۋردىكى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇرلىرى تەتقىقاتچىسى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹سەككىز يۈكمەك›(ئوتانى ساقلىغان فراگمېنت) ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹سەككىز يۈكمەك› قولىيازمىسىنىڭ گېنېئالوگىيەسى بىلەن دىنىي ئىدىيە مەسىلىسى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى Turi ھۆججىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەب-قائىدە ھۆججىتى ئۈستىدە يېڭى تەتقىقات» قاتارلىقلار بار. كۇدارا كوگى (Kudara•Kogi) ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوملىرى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹قۇۋانشىم پۇسار›نىڭ فراگمېنتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «ساموراي كۆتۈپخانىسىدا ساقلانغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر»، «ئابىدارما (abhidhamma) تەپسىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە» قاتارلىقلار بار. شوگايتو ماساخىرو (Shogaito•Masahiro) خەلقئارا ئېتىراپ قىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالدىنقى قاتاردىكى مۇتەخەسسىس. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: « ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئابىدارما كوسا› ئۈستىدە تەتقىقات» (1-، 2-، 3- جىلد)، «‹ئۇيغۇر مەھكىمىسىدىكى تەرجىمە سۆزلۈكى› ئۈستىدە تەتقىقات ــ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ قايتا تەرەققىياتى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى» قاتارلىقلار بار. مورىياسو تاكاۋ (Moriyaso•Takao) ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تارىخى ۋە تۇبۇت تارىخىنى، شۇنداقلا قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئاساسلىق

www.kitaphumar.com

ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر»، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا مۇرىتلىرى خەت- ئالاقىلەر» قاتارلىقلار بار. ئۇمېمۇرا خىروشى (Umemura•Hiroshi) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئۆرپ- ئادەت ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلدى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: جەرىمانە يىغقۇچى ئەمەلدارنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججىتى ــ ئاساسلىقى ئۇنىڭ يېزىلغان رايونى ۋە يىل دەۋرىنى بېكىتىش توغرىسىدا»، «توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت- ئالاقىلەر»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى SJ Kr.4/638 ھۆججەت ــ توي مۇراسىمى، دەپنە ئىشلىرى خىراجىتى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىقلار بار. مانو ئېيجى (Mano•Eiji) يېقىنقى زامان (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىل- يېزىقىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس. ئۇ ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسى تارىخى، «تارىخي رەشىدى»، «بابۇرنامە» قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «‹بابۇرنامە›نىڭ سېھرىي كۈچى ــ 1»، «‹بابۇرنامە› تەتقىقاتى ــ 2»، «‹تارىخي رەشىدى›دىكى تارىخي ماتېرىيال توغرىسىدا»، «بابۇر ۋە ھېرات» قاتارلىقلار بار. خامادا ماسامى (Hamada•Masami) ئاساسلىق يەركەن خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە، بەزى يېقىنقى زامان (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنىمۇ تەتقىق قىلدى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «موللا بىلالنىڭ ‹غازات دەرمۈلكى چىن›داستانى»، «خوتەن تارىخى» قاتارلىق يېقىنقى زامان (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە، «19- ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ۋەسىقىلەرگە مۇقەددىمە»، «ياقۇپبەگدىن ئىلگىرى قەشقەرنى ئىگىلىگەن سىدىقبەگ تەزكىرىسى»، «قۇتقۇزۇش ھوقۇقى»، «زەپەرنامە»، «ياقۇپبەگ تەزكىرىسى»، «بۇزرۇكخان موللام بىلەن ياقۇپبەگ تەزكىرىسى»، «مۇسۇلمانلاردا غازات»، «ئىلى كىرىزىسى ۋە ئۇيغۇرلار»، «مۇھەممەد ئەلەمنىڭ ‹ئۇدۇن تارىخى› ئۈستىدە تەتقىقات ــ 2» قاتارلىقلار بار. خورى سۇخاۋ (Hori•Suhao) تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە، يېقىنقى زامان (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىل- يېزىقى ۋە ۋەسىقىلىرىنى تەتقىق قىلدى، «تارىخي ھەمىدى»نى تەتقىق قىلغان. مىنورو گوخ (Minoru•Goh) ئاساسلىقى «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»نى تەتقىق قىلدى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئالتاي تىلشۇناسلىقى ۋە ‹بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت›ــ

مانجۇچە، موڭغۇلچە ۋە (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇرچە لېكسىكىلىق تەركىبلەرنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى»، «كۆپ تىللىق لۇغەت ‹بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت›تىكى مانجۇچە، موڭغۇلچە ۋە (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇرچە لېكسىكىلىق تەركىبلەرنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» قاتارلىقلار بار.

فرانسىيە ئالىملىرىدىن: پائۇل پېللىئوت (Paul Pelliot, 1874～1945) فرانسىيەدىكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتىنىڭ باشلامچىسى. ئۇ ئىلگىرى دۇنخۇاڭدىكى بۇددا غارىدىن كۆپ مىقداردا خەنزۇ، تۇبۇت، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر، سوغدى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە ئېرىشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە «‹ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى› نىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇرېيزىقىدىكى قوليازمىسى»، «بۇددا دىنى تەلىماتىدىن سوئال- جاۋاب» قاتارلىقلار بار. 1930- يىلى «ئوغۇزنامە» ناملىق زور ھەجىملىك ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. لۇئىس خامبىس (Louis Hambis1906～1970) پېللىئوتنىڭ شاگىرتى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «كىش سىرى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «‹ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەسىقىلىرى›، ‹رەشىدى ۋە ئۇنىڭ تۇنجى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىگە ئالاقىدار بىلىملەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. جامىس خاملتۇن (James Hamiltun) فرانسىيەنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر تارىخى ۋە تىل- يېزىقى تەتقىقاتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «بەش دەۋر ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇرلىرىغا دائىر تارىخي ماتېرىياللار»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى› ئۈستىدە تەتقىقات»، «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 9-1- ئەسىرلەرگە تەۋە ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچۇ) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، «شاجۇ يىراق قەدىمكى ئۇيغۇر (قەدىمكى تۈركىي) يېزىقىدىكى ‹ئىرق بىتىك›نىڭ خاتىمىسى»، «يىراق قەدىمكى ئۇيغۇر (قەدىمكى تۈركىي) تىلىدىكى Kiz Koduz ھەققىدە مۇلاھىزە» قاتارلىقلار بار. پروفېسسور لۇئىس بازىن (Louis Bazin) فرانسىيەنىڭ دەۋرىمىزدىكى تۈركولوگلىرىنىڭ باشلامچىسى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن تۈزۈش سىستېمىسى»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نى تۈزگەن يىل دەۋرى»، «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى مەڭگۈتاشلار» قاتارلىقلار بار. جېئان لۇئىس باكى گىراممونت (Jean Louis Bacque Grammont) يېقىنقى زامان (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس. ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى «‹بابۇرنامە›نىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى»دۇر.

شۋېتسىيەلىك ئالىملاردىن: گۇستاف راكۋېتتى (Gustaf.Raquette) شۋېتسىيە- دىكى ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر ۋە يەركەندە دوختۇر، كېيىنچە مىسسىيونېر بولغان. ئۇ ئۆيىنى ۋاقىتتا شىنجاڭدىن نۇرغۇن قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، كۆپىنچىسى يېقىنقى دەۋر (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەر، كېيىن ئۇ بۇ ۋەسىقىلەرنى لۇندىس ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا ئىئانە قىلغۇچكەن. سۋېن ھېدىن شۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، 1893～1897- يىللىرى ئارىلىقىدا، شىنجاڭغا ۋە خوتەنگە كەلگەن، كېيىنچە، 1898～1902- يىللىرى، 1904～1909- يىللىرى ۋە 1927 ～1935- يىللىرى بىرنەچچە قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قەدىمكى غەربىي يۇرتقا ئالاقىدار نۇرغۇن ماددىي بويۇم ۋە ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن، بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ھازىر شۋېتسىيە مىللەتلەر مۇزېيىدا ساقلانماقتا. گۇننار ياررىڭ (Gunnar Yarring) شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتچىسى. ئۇيغۇر تىلى ۋە يېقىنقى دەۋر (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇر تىلى دىكى ۋەسىقىلەرنى رەتلىگەن ھەم تەتقىق قىلغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرى تويلىمى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەيقاچىتى ھېكايىلەر»، «تۈرك ۋەسىقىلىرىگە كىرىش»، «قەشقەر ۋەسىقىلىرى» (ئىككى توم)، «بىرنەچچە پارچە ئۇيغۇرچە دىيالوگ ئەدەبىياتى ۋەسىقىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «ئوغرىسىز شەھەر ۋە يېمەكلىك بىلەن نەپىسلىك مۇنازىرىسى — تۆت پارچە يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقە ھەققىدە»، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تولۇنۇشى — ئىسلام نەزىرىدىكى خەنزۇ تىياتىرى»، «كىيىم- كېچەك: باشتىن پۇتقىچە — كىيىم- كېچەككە دائىر قولىيازمىلار»، «مورگىندا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ماقال- تەمسىللىرى»، «دەرۋىش بىلەن تىلەمچى» قاتارلىقلار بار.

ۋېنگرىيەلىك ئالىملاردىن: ئا ۋامبېرى (A.Vambery) ۋېنگرىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى داڭلىق تۈركولوگ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قۇچۇ) يېزىقىدا يېزىلغان يىراق قەدىمكى دەۋر (تۈركىي تىل) تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشى كېيىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قۇچۇ) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن ئىشىك ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قۇچۇ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ‹قۇتادغۇ بىلىك›» (1870- يىلى) دېگەن كىتابى ئەڭ دەسلەپتە «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلغان مەخسۇس ئەسەردۇر. لۇئىس لىگېتى (Louis Ligeti) ۋېنگرىيە شەرقشۇناسلىق ساھەسىنىڭ پېشىۋاسى، ئۇ ھەم خەنزۇشۇناس ھەم موڭغۇلشۇناس، شۇنداقلا تۈركولوگ ۋە تىبەتشۇناس. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «يۋەن

سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ـ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ـ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر: ‹ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى›، «‹ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى›دىكى خەنزۇچە ـ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»، «‹ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى›دىكى خەنزۇچە ـ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرگە تولۇقلىما» قاتارلىقلار بار. رونا تاس (Rona Tas) 1991 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تۈركولوگىيەگە كىرىش» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا «ئوخشىمىغان يېزىقلاردا يېزىلغان يىراق قەدىمكى دەۋر (قەدىمكى تۈرك) تىلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار»دا يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر يېزىقى (تۈرك يېزىقى)نى ۋە شۇ يېزىقتا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى، براھمان يېزىقى ۋە شۇ يېزىقتا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى 100 بەتتىن ئارتۇق ھەجىمدە ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرغان. براھمان يېزىقى ۋە شۇ يېزىقتا يېزىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرگەندە، ئاپتور د. مائۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ، براھمان يېزىقىدا يېزىلغان تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەرنى تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈش مۇمكىن دەپ قارىغان، ئۇلار 1› سانسكرىت تىلى ــ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) تىلى قوش تىللىق ۋەسىقىلەر؛ 2›براھمان يېزىقىدا يېزىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر؛ 3›براھمان تىلىدىكى سۆزلۈكلەر جەدۋىلى بار بولغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يىراق قەدىمكى دەۋر (تۈرك تىلى) تىلىدىكى ۋەسىقىلەر؛ 4›براھمانچە سۆزلۈكلەر ئارىلاشقان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يىراق قەدىمكى دەۋر (تۈرك تىلى) تىلىدىكى ۋەسىقىلەر. ئۇ د مائۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلىنىپ، ھازىر بار بولغان مۇشۇ تۆردىكى 79 پارچە ۋەسىقە فىراگمېنتىنى مۇنداق ھېسابلىغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 57 پارچىسى قوش تىللىق ۋەسىقە (بۇنىڭ 18 پارچىسى ئېلان قىلىنغان)، 14 پارچىسى براھمان يېزىقىدا يېزىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقە (سەككىز پارچىسى ئېلان قىلىنغان)، يەتتە پارچىسى براھمانچە سۆزلۈك جەدۋىلى قوشۇلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يىراق قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر (تۈر تىلى) تىلىدىكى ۋەسىقىلەر، بىر پارچىسى براھمانچە سۆزلۈكلەر ئارىلاشقان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يىراق قەدىمكى دەۋر (تۈرك تىلى) تىلىدىكى ۋەسىقە. كارا گيئورگى (Kara Gyorgy) داڭلىق موڭغۇلشۇناس ۋە تۈركولوگ، ئۇ. نېمىتا ۋە لىگېتى بىلەن دەۋرداش. ئاساسلىق ئەسىرى «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو)

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەر». گ. خازاي داڭلىق تۈركولوگ، ئۇزۇن مەزگىل بېرلىندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ھازىر سىپروسنىڭ نىكىزىيە شەھىرىدە ئوقۇتقۇچى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «گېرمانىيەدىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» (2-جىلد، 1972- يىلى قايتا نەشرگە تەييارلاشقا مەسئۇل بولغان)، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ئويما نۇسخىسىدىكى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ فىراگمېنتلىرىغا مۇقەددىمە»، «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ھۆججەتلىرى ئىچىدىكى بۇددا دىنى مەدھىيەلىرى»، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›نىڭ فىراگمېنتلىرى ۋە ئۇستازنىڭ مۇقەددەس كۈيى» قاتارلىقلار بار.

تۈركىيە ئالىملىرىدىن: كېلىسلى رىفات (Kelisli Rifat) 1915- 1916- يىللىرى تۇنجى قېتىم «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ قوليازمىسىنى كۆچۈرۈپ چىققان ھەمدە مىخ مەتبەدە باستۇرغان تۈركىيەلىك ئالىم. بېسىم ئاتالاي (Besim Atalay) تۇنجى قېتىم «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى تەتقىق قىلغان تۈركىيە ئالىمى. 1939- 1941- يىللىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۈچ تومنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئىندېكسى ۋە ئەسلى قوليازمىنىڭ فاكسىمىلىنى نەشر قىلدۇرغان. رېشىد رەھمەتى ئارات ( Reśid Rahmeti Arat) «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە بىرقەدەر چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزگەن تۈركىيەلىك مەشھۇر تۈركولوگ، دوكتور. 1947- يىلى بۇ ئەسەرنىڭ لاتىن يېزىقىدىكى تىرانسكرىپسىيە-لىك نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغان، 1959- يىلى تۈرك تىلىدىكى نەسرىي يەشمىسىنى نەشر قىلدۇرغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ر.ر. ئارات ماقالىلىرى» (توپلامغا 84 پارچە ئىلمىي ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى 33 پارچىسى مەخسۇس ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان)، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (تۈركچە)، «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلار» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلغان. سائادەت چاغاتاي (Saadet Chagatay) خانىم ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ پارچىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان، «تۈرك سۆزلۈكلىرىدىن ئۆرنەكلەر» (Turk lehčeleri őrnekliri) دېگەن دەرسلىك كىتابىنى تۈزگەن، كىتابقا نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر كىرگۈزۈلگەن. ئەھمەت جەفەر ئوغلۇ (Ahmet Ćafer oglu) 1968- يىلى «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»نى تۈزگەن، 1970- يىلى «مەھمۇد كاشغەرى» ۋە «تۈركىي تىللار تارىخى» دېگەن كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان. ئەلى چىچەكلى (Ali Cicekli) 1970- يىلى «مەھمۇد كاشغەريي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›» ۋە

«ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىيات ۋە ۋەسىقىلەر» دېگەن ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان. فاھىر ئىز (Fahir Iz) 1966 ـ يىلى «قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىياتىدىكى نەسر ئەسەرلەر»، 1968 ـ يىلى «قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىياتىدىكى نەزمىي ئەسەرلەر» (2 ـ جىلد) دېگەن ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان. تالات تېكىن (Talat tekin) 1986 ـ يىلى «ئورقۇن تۈركىي تىلىنىڭ گىراماتىكىسى» (2 ـ جىلد)، 1993 ـ يىلى «ئىرق بىتىك» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. ھۈسەيىن نامۇق ئورقۇن (Orkun Husayin namuk) تۈركىيەلىك ھازىرقى زامان ئۇيغۇرشۇناس ۋە پەيسقشۇناس. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرى» (1986 ـ يىلى)، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى قانۇنغا دائىر ھۆججەتلەر» (1983 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان.

ئەنگلىيە ئالىملىرىدىن: گ. كىلاۋسون (G.kelaosen) ئەنگلىيەلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «13 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»، «تۈركىي تىلى بىلەن موڭغۇل تىلى ئۈستىدە تەتقىقات»، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى بىر پارچە ئائىلە ئارخىپى»، «ئالتاي تىللىرىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا يېزىقنىڭ تارقىلىشى»، «تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى» قاتارلىقلار بار. مارسېل ئېردال (Marcel Erdal) (ھازىر ئىسرائىلىيەدە ئولتۇراقلاشتى) ئاتاقلىق ئەنگلىيەلىك تۈركولوگ. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «يەركەن تۈركچىسىدىكى ۋەسىقىلەر» بار. مونىكا گرونكې (Monika Gronke) مۇ ئەنگلىيەدىكى تۈركولوگ.

ئامېرىكىلىق ئالىملاردىن: سىناشى تېكىن (Sinasi Tekin) ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى تۈرك بولۇپ، مەخسۇس ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›(5 ـ جىلد) 9 ـ، 10 ـ توملىرى ئۈستىدە تەتقىقات» (1971 ـ يىلى، دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى)، « ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىيىزىقىدىكى ‹قۇۋانىشىم پۇسار››، « ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى‹مائىترى سىمىت›نىڭ يېزىلغان دەۋرى»، «مائىترى سىمىت»، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نومىغا ئائىت ۋەسىقىلەر»

(1980 - يىلى) قاتارلىقلار بار. روبېرت دانكوف (Robert dankov) ئاساسلىقى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي تىلدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلغۇچى ئامېرىكىلىق ئالىم. ئۇ جامۇس كېلىلىي بىلەن بىللە ئۈچ توملۇق «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى (1980~1985 - يىللىرى) ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان. لاررىي ۋېرنون كلارك (Larry Vernon Clark) ئامېرىكا ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «13 - 14 - ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆرپ - ئادەتتىكە ئالاقىدار ھۆججەتلەرگە مۇقەددىمە» (دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى)، «مانى دىنىغا ئائىت تۈركىي تىلدىكى ۋەسىقىلەر ‹بۇددا كىتابى›»، «شىنجاڭدىن تېپىلغان ئىككى پارچە ‹قەدىمكى تۈركچە›تاش ئويما» قاتارلىقلار بار.

فىنلاندىيەلىك ئالىملاردىن: ك. گۇستاف مانىېرخېم (C.Custaf Mannerheim, 1867~ 1951) ئىلگىرى مارشال ئىدى، 1944 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە فىنلادىيەگە زۇڭتۇڭ بولغان. ئۇ رۇسىيەدە ھەربىيلىكتە تۇرغاندا ئېكسپېدىتسىيەچى سەيياھ نامىدا 1906 - يىلىدىن 1908 - يىلىغىچە شىنجاڭ، گەنسۇ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى سىياسىي، ھەربىي ئىشلار ۋە جۇغراپىيە جەھەتلەردىن تەكشۈرگەن. فىنلاندىيە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ئۇنىڭ تورپاندىن ئېلىپ كەتكەن ۋەسىقىلىرى ساقلانماقتا. 1940 - يىلى ئۇنىڭ «غەربتىن شەرققە ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» دېگەن كىتابى نەشر قىلىنغان. گ. ج. رامستېد (G.J.Ramsted) ئالتاي تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى. 1940 - يىلى مانىېرخېم يىغىپ ساقلىغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى تۆت پارچە ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىپ، «ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇر تىلىدىكى تۆت پارچە ھۆججەت» دېگەن نامدا ئېلان قىلدۇرغان. خ. خالېن فىنلاندىيەلىك موڭغۇلشۇناس. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «فىلاندىيە شەرق ۋەسىقىلىرى قوللانمىسى» (1977 - يىلى) دېگەن ئەسىرىدۇر، بۇ قوللانمىغا مانىېرخېم يىغىپ ساقلىغان ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى ھەممە ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن، يەنى خەنزۇچە قولىيازما 1917 پارچە، ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋر (قوچو) ئۇيغۇرچە تەخمىنەن 70 پارچە، سانسكرىتچە توققۇز پارچە، ئۇدۇنچە ئىككى پارچە، ئۇنىدىن باشقا سوغدىچە ۋە يىقىنقى دەۋر (چاغاتاي دەۋرى) ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارمۇ بار.

چەت ئەل ئالىملىرى ئۆزىنىڭ ئەۋزەل شارائىتى ۋە ئىلىمگە بولغان باراۋەر مۇئامىلىسى بىلەن ھەممە تىللارغا قىزىقىشتەك ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەدىمكى تىل-

يېزىقلارنى ئوقۇش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ۋە ئىلمىيلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

---

* مەزكۇر ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ 2010-يىللىق تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى»نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى. تەستىق نومۇرى: BYY07610

www.kitaphumar.com

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «بۇددا دىنى ۋەھيىنامەسى تەتقىقاتى»نىڭ ئېمىسچە نەشرىگە كىرىش

## گېلك شىمىن

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەتجان ئەمەت

1992-يىلى 6-ئايدىن 12-ئايغىچە، گېرمانىيەدە تۇرغان ۋاقتىمدا پروفېسسور كلىمكېيىت (H.-J. Klimkeit) ۋە لائۇت(J.P. Laut) بىلەن ھەمكارلىشىپ «مايتىرى سىمت» نىڭ قومۇل نۇسخىسىدىكى دوزاخ ۋە جەننەتكە مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىڭ 20-بابىدىن 27-بابىغىچە بولغان تولۇق نۇسخىسىنى تەتقىق قىلغانىدىم. بۇ كىتاب «بىرخىل بۇددا دىنى ۋەھيىنامەسى تەتقىقاتى»( Das Zusammentreffen mit Maitreya. Die ersten fünf Kapitel der Hami-Version der Maitrisimit. Teil (I: Text, Übersetzung und Kommentar; Tell II: Faksimiles und lndices نامى بىلەن 1998-يىلى ۋىسبادىن(Wıesbaden) شەھرىدىكى ۋېستويىچا نەشرىياتى (Westdeutscher Verlag) تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب مۇنداق ئىككى مەقسەت بىلەن نەشر قىلىنغان، بىرى، دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىنى بۇ مۇھىم ئۇيغۇر بۇددا دىنى ۋەسىقە ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەش. يەنە بىرى، ئىلاھىيەتشۇناسلىق ساھەسىگە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ قىيامەتكە باغلىق نەمۇنىسىنى تونۇشتۇرۇش. بۇنىڭدىن باشقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىز ئېلان قىلغان «مايتىرى سىمت» تەتقىقاتىغا بولغان ياخشى باھالىرىمۇ بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى. يەنە، 1980-يىلى شىناسى تەكىن(Ş. tekın) ئېرلىندىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرى توپلىمىنىڭ توققۇزىنچى قىسمىدا ئېلان قىلغان ئېمىسچە «مايتىرى سىمت»دىكى دوزاخقا مۇناسىۋەتلىك قىسمى بىلەن ئاخىرقى قىسمى تولىمۇ كەمتۈك ۋە يەنە نۇرغۇن ياپراقچىلارنىڭ رەت تەرتىپىمۇ توغرا بولمىغانلىقتىن بۇ ۋەسىقىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدى. ئەمما، يۇقىرىدىكى كەم مەزمۇنلار قومۇل نۇسخىسىدا بىر مىڭ 700 نەچچە قۇردىن ئارتۇق ساقلىنىپ قالغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۇددا دىنىدىكى دوزاخ ۋە جەننەت توغرىسىدىكى ئۇقۇملار

www.kitaphumar.com

ئاساسلىقى ھىندى دىنىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسى بولسا قىلىنچ-نەتىجە(قىلمىش-نەتىجە) ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئىدىيە بويىچە، ھەرقانداق قىلمىش(يەنە ھەرقانداق ئىدىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بۇ ھاياتتا ياكى كېلەركى ھاياتتا(بۇددا دىنىدا ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تۇغۇلىدۇ دەپ قارىلىدۇ) تېگىشلىك نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 600-800 يىللاردا يېزىلىپ كىتاب بولغان «ئۇپانىشاد»تا: «ئىنسانلار ياخشىلىقلىرى سەۋەبلىك مەدھىيىگە، يامانلىقلىرى سەۋەبلىك جازاغا ئېرىشىدۇ. ئىنساندا ئىنتىلىش بولغاچقا ھەرىكەت، ھەرىكەت بولغاچقا نەتىجە بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدەك پىكىرلەر ھىندى ھېكمەتلىرىدىمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇددا دىنى قىلىنچ-نەتىجە ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلىش بىلەن تەڭ قايتا تۆرۈلۈش، يەنى ھاياتلىقنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى ئىدىيىسىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ(ئەلۋەتتە شەكىل ۋە پەلسەپەدە بەزىبىر ئۆزگۈرۈشلەر بار)، شۇ سەۋەبتىن كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان جازا ياكى مۇكاپاتقا مۇناسىۋەتلىك دوزاخ ۋە جەننەت سىستېمىسى شەكىللەنگەن. گېرمانىيەلىك داڭلىق سانسكرىت يېزىقى ۋە بۇددا دىنى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور ئې.ۋايدچمېد( E. Waldschmidt) مۇنداق دېگەن: «بۇددا دىنىدا دوزاخنى تەسۋىرلىگەندە بولۇشىچە مۇبالىغە قىلىپ ۋەھشىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ». يەنە بىر پېشقەدەم بۇددا دىنى ۋە سانسكرىت يېزىقى مۇتەخەسسىسى مونېر ۋىلىيامس(Sir Monier-Williams) ئەپەندى سەيلون ئىبادەتخانىسىدىكى دوزاخ تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم ياۋروپالىق ئېكىسكۇرسىيەچىلەر ئەجەبلەنگەن ھالدا، <بۇ مېھرىبانلىقنى، مۇلايىملىقنى ۋە كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن نېمىشقا بۇنداق ۋەھشىي، قورقۇنۇچلۇق جازانى قارار تاپىدۇ؟!> دەپ سورىشىدۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى تاپماق ئوڭاي: چۈنكى، بۇددا دىنى ئالەمدىكى ھەرقانداق بىر ئەخلاق ھۆكۈمدارىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇ پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يامان ئەمەل قىلغۇچىلارنى قورقۇتىدۇ». كوپېن(C.F. Koeppen)نىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، دوزاخقا مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈش بۇددا راھىبلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ھاسىلاتى.

بۇددا دىنىدىكى دوزاخنى بايان قىلغاندا، كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ يەردە مۇتلەق مەنە جەھەتتىن «پاكلىنىش» ئىدىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنىدىكى دوزاخ جازاسىغا باغلىق بايانلار گۇناھنى يۇيۇش جەريانى بولۇپ، دوزاخقا چۈشكەن كىشى تاكى گۇناھلىرىنى يۇيۇپ، پاكلىنىپ بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دوزاخ سۆزى «تامۇ» بولۇپ، سوغدى تىلىدىن كەلگەن(پالى تىلىدا[1] «نىرايا»،

سانسكرىتچىدا «ناراكا»). بىز ئالدىدا بۇددا دىنىدىكى دوزاخ ئۇقۇمىنىڭ مەنبەسى ھىندى دىنى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ھىندى ئالىمى ت. راھۇلا(T. Rahula) ماھايانا يازغان ئەسەر «مۇھىم ئىش»تىكى دوزاخ توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ھەققىدە توختالغاندا توغرا مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىدىكى دوزاخ توغرۇلۇق بايانلار ھەرگىزمۇ بۇددىزم مۇخلىسلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، بەلكى، ھىندى ئەنئەنىلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن. بۇلار ئۇقۇم جەھەتتىن ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئىسىم ۋە قورقۇنچلۇق سۈرەتلەر بىلەنمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.» ل. فىر(L. Feer) تەكىتلەپ: «بۇددا دىنى گەرچە براھمان سىستېمىسىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما، براھمان كەينىگە ئۆرۈلۈپ بۇددا دىنى سىستېمىسىنىڭ نۇرغۇن ئىنچىكە تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىۋالدى. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ئۆچۈق مىسال <پۇرانا>(براھمان ئەپسانىسى توغرىسىدىكى ۋەسىقە)دىكى براھمان-ھىندى دىنىنىڭ دوزاخ سىستېمىسىدا كۆرۈلىدۇ» دەيدۇ.

## بۇددا دىنىدىكى ئالەم بايانى، دوزاخ ۋە ئاسمانىنىڭ ئورنى:

ئەينى ۋاقىتتا ساكيامۇنى ئالەمنىڭ مەنبەسى ۋە ئالەم بايانى ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغان، شۇنداقلا، ئىخلاسى بىلەن ئىنسانلارنى قايتا تۆرىلىش ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. لېكىن، جەنۇب تەزكىرىسى «بالسان»دا كۆرۈلىشچە، كېيىن بۇددا دىنى ھىندى دىنىنىڭ ئۆلگۈسىگە تايىنىپ بارا-بارا ئالەمنىڭ قۇرۇلما مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان. ئۇمۇ ئالەمنىڭ تۆت دەۋر ئىچىدە توختىماستىن ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇش ۋە يوقۇلۇش جەريانى ھەققىدىكى كونا قاراشنى قوبۇل قىلغان. ھەربىر بارلىققا كېلىش ۋە يوقۇلۇش دەۋرىنىڭ ھەممىسى چەكسىز ئۇزۇن. ھەر قېتىم ئالەم يوقالغاندىن كېيىن، بىر مەزگىللىك ئۆتكۈنچى ھاردۇق دەۋرىدىن يەنە بىر يېڭى ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىش دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ، كېيىنكىسى تۆتىنچى دەۋرگە ئۇلىنىشىپ، يەنە بىر قېتىملىق ئالەمنىڭ يوقۇلۇش دەۋرى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغانغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئەڭ دەسلەپكى بارلىققا كېلىش دەۋرىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان.

بۇ يەردە پەقەت مۇشۇ جەرياندا شەكىللەنگەن ئالەمنىڭ بايانىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەرلا سۆزلىنىدۇ. «بالسان»غا ئاساسلانغاندا، دەسلەپتە بۇددا دىنى يەر شارىنى تۆت ئەتراپى دېڭىز بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بىر يۇملاق تەخسە شەكلىدە

بايان قىلىدۇ. بۇ تەخسىنىڭ مەركىزىدە رىۋايەتلەردىكى سۇمېرۇ تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى، كەڭلىكى، ئۇزۇنلۇقى ئوخشاشلا 84 مىڭ يوجانا[2]، ئۇنىڭ دېڭىزدىكى چوڭقۇرلۇقىمۇ ئوخشاشلا 84 مىڭ يوجانا. يەر شارى تۆت چارەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، شەرقىي چارەك پۇرۋاۋىدېھا، جەنۇبىي چارەك جامبۇدۋىپا، غەربىي چارەك ئاپاراگودانىيا، شىمالىي چارەك ئۇتتاراكۇرۇ دەپ ئاتالغان. بۇ تۆت رايونغا ماس ھالدا دېڭىزمۇ تۆتكە بۆلۈنگەن. بۇ دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇقتا يەنە يەتتە چوڭ كۆل ۋە دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان بەش چوڭ دەريا بار.

«بالسون»دىكى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك نىسپىي ئاددىي كارتىنىدىن كېيىن «خام خىياللار بىلەن قانات-قۇيرۇق ياساپ كېڭەيتىۋەتكەن.» بۇ خىل تەرەققىيات يۇزلىنىشى «جاتاكا»، «بالسون»دىكى ئىزاھ ۋە سانسكرىتچە بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىدە تۆۋەندىكىدەك كارتىنىغا ئايلانغان: دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇمېرۇ تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ئەتراپىدىكى دېڭىز ئايرىۋەتكەن تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تۆت دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئەتراپىدىكى تاغ تىزمىلىرىغا سىلىشتۇرغاندا ھەربىرى يېرىم ھەسسە تېيىز. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقلىرىنىڭ ھەممىسى ئەپسانىۋى سانلار ئىدى. سۇمېرۇ تېغىنى ئوراپ تۇرغان دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى 84 مىڭ يوجانا بولغىنىدەك، كېيىنكىسى يېرىم ھەسسە كېمىيىپ 42 مىڭ يوجانا بولىدۇ، تاغنىڭ ئېگىزلىكىمۇ ئوخشاش 42 مىڭ يوجانا بولىدۇ. تاغ بىلەن دېڭىزنىڭ كەڭلىكى 84 مىڭ يوجانا بولۇپ، ئەتراپىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكىمۇ ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان دېڭىزلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىگە ئوخشاش سىرتقا قاراپ يېرىم ھەسسە كېمىيىدۇ. ئەڭ سىرتىدىكى يەتتىنچى قەۋەت تاغ تىزمىلىرى دېڭىزلار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ، ئارىسىدا خۇددى كومپاس شەكلى تەخسىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىغا ئوخشايدىغان دېپانىڭ زېمىنى پۇرۋاۋىدېھا(شەرق)، جامبۇدۋىپا(جەنۇب)، ئاپاراگودانىيا(غەرب)، ئۇتتۇراكۇرۇ(شىمال) قاتارلىق تۆت چوڭ قىتئەدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرى بولۇپ، ئۇششاق ئاراللار بىلەن قورشالغان ھەرقايسى ئاراللار(قىتئەلەر)نىڭ ئارىسىدا جامبۇدۋىپا(ھىندىستان) دەپ ئاتىلىدىغان ماكان بار، پەقەت بۇ ماكانلا بۇتساتۋانىڭ دۇنياغا كېلىدىغان جايىدۇر.

پۈتۈن زېمىن ۋاجرا تېمى بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ 84 مىڭ يوجانا چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىزدا بولۇپ، ئېگىزلىكىمۇ 84 مىڭ يوجانا كېلىدۇ. ئالەم ۋاجرا تېمىغا قەدەر زېمىن ۋە ئەتراپتىكى دېڭىز ھەم تاغ تىزمىلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ئۇرنى 24 مىڭ يوجانا كېلىدىغان يەر قەۋىتىنىڭ ئۈستىدە، كېيىنكىسىنىڭ ئۇرنى 48 مىڭ يوجانا

كېلىدىغان سۇ قەۋەتنىڭ ئۈستىدە، ئاخىرقىسىنىڭ ئورنى 96 مىڭ يوجانا كېلىدىغان ھاۋا قەۋىتىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرى بۇلارنىڭ بارلىقىنىڭ ئورنى بوشلۇقتا بولىدۇ.

بوشلۇقنىڭ ئۈستى ئىلاھ(دېۋا) تۇرىدىغان ئاسمان بولۇپ، ئىلاھ مەلۇم زامان چەكلىمىسى ئىچىدە ئۇزۇن مەزگىل ئالەمنىڭ ھالاۋىتىنى سۈرىدۇ. ئاسمانمۇ قەۋەتلەرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئوخشىمىغان ئىلاھلار تۇرىدۇ. بۇ ئىلاھلارغا كەلسەك، خۇددى كىرفىل(Kirfel) ئېيتقاندەك: « بۇ ئىلاھلار ئالدىنقى ھاياتىدىكى ساۋابلىرى بويىچە، ئوخشىمىغان ۋاقىت ئىچىدە بۇ ھالاۋەتلىك جايغا كېلىپ تۇرىدۇ. كېلەركى ھاياتىدا بۇ ئىلاھلار بەلكىم ئىنسانلار بىلەن ئالمىشىشى مۇمكىن، بەزىلىرى ھەتتا دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ پۈتكۈل ئالەمنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقى سەۋەبلىك باشقا جانلىقلارغا ئوخشاشلا قىلمىش-نەتىجە قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدۇ.»

بۇددا دىنى دەسلەپتە پەقەت يەتتە چوڭ ئاسمان بار دەپ قارىغان، كېيىنچە يەنە ئۈچ-تۆت ھەسسە كۆپەيگەن. بۇ يەتتە ئاسمان ئىلاھنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان بولۇپ ئۇلار: 1. ساتۇرماھاراجىيا، 2. ترايسترىمسا، 3. ياما، 4. تۇستا، 5. نىرماناراتى، 6. پارىنىرمىتراۋاساۋارتىن، 7. براھمالوكا لاردىن ئىبارەت. ۋ. كىرفىل يەنە مۇنداق كۆرسەتكەن: «بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ئەپسانىلىرىدا يەتتىنچى ئاسمان براھمالوكانىڭ ئۈستىگە يەنە نۇرغۇن ئاسمانلار قوشۇلغان». «مايترى سىمت»تا يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئاسمانلارمۇ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، ئاكانىستابھاۋانا.

تەڭرىنىڭ دۈشمىنى ئاسۇرا ئالۋاستى يەر تېگىدە تۇرىدۇ. سۇمېرۇ تېغى جايلاشقان چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئاستىدىكى دوزاخمۇ دەرىجىگە ئايرىلغان.

ئالەم ياشىغۇچىلاردىكى پەرققە ئاساسەن «كاما»(ئۈمىد دۇنياسى)، «رۇپا»(نەپس ۋە ھەۋەستىن يىراق دۇنيا)، ۋە «ئارۇپا»(ماددىي دۇنيا مەئىشىتىدىن ھالقىغان ئەركىن دۇنيا) قاتارلىق ئوخشىمىغان بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن. ئاتالمىش «كاما» ئەڭ ئاستىدىكى ئاۋىجى دوزىخىدىن ئالتىنچى قەۋەت ئاسمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. ئۆزگە دۇنيالار بولسا باشقا تەڭرىلەر ئۈچۈن قالدۇرۇلغان.

پۈتكۈل كائىناتتىكى ساناقسىز دۇنيالارنىڭ ھەرقايسىسىدا ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ يەر شارىسى، قۇياشى، ئاي شارىسى ھەم شۇنداقلا جەننىتى ۋە دوزىخى بولىدۇ.

تۆمەنمىڭ شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقىغا نىسبەتەن، بۇددا دىنى ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان بەش ياكى ئالتە دۇنيا بار دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاتالمىش «گاتى» نامى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ: ئادەمزات دۇنياسى، تەڭرىلەر دۇنياسى،

ھايۋانات دۇنياسى، ئالۋاستىلار دۇنياسى ۋە دوزاختىن ئىبارەت. بەزى ئېقىملار يەنە بىر ئاسۇرا دۇنياسىنى قوشۇپ ھېسابلايدۇ. بارلىق جانلىقلار(يوقۇلۇش دەۋرىگە كىرگەن ئارخات[3] ۋە ئەۋلىيالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەقىقىي ئازاد بولۇشتىن بۇرۇن يوقىرىدىكى مەۋجۇتلۇق شەكىللىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. يېتىش ئەڭ تەس بولغان ساھە ئىنسانلار دۇنياسىدۇر. چۈنكى، باشقا جانلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا پەقەت ئىنسانلارلا بۇددا تەلىماتىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. تەڭرىنىڭ ئۆزى راھەت-پاراغەتكە چۆكۈپ كەتكەچكە، ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش تەرىقىتىگە ئىېرىشەلمەيدۇ. دوزاختىكى ھاياتلىقنىڭمۇ تەقدىرى ھەرۋاقىت ئوخشاش بولمايدۇ.

## سەككىز چوڭ كۆيۈپ تۇرغان دوزاخ:

بۇددا دىنىدا ھىندى دىنىدىن كەلگەن سەككىز چوڭ كۆيۈپ تۇرغان دوزاخ ئۇقۇمى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلار گەرچە «بالسون»دا مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن، «جاتاكا» ۋەسىقىلىرىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ھەممە ماخايانا دوزاخ سېستىمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ماخايانانىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ دوزاخلار يەر شارىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جامبۇدۋىپانىڭ تېگىگە جايلاشقان. س.ف.كوپىن مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار قەۋەتلەرگە ئايرىلغان، ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ئارىلىق مەۋجۇت بولۇپ، گۇناھى ئېغىرلار گۇناھى يېنىكلەرنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. ۋەسىقىلەردە ھەرقايسىسىنىڭ ئېگىزلىكى، كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئارىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. دوزاخلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى پەرقلىق بولۇپلا قالماي، ھەرقايسى دوزاخلاردىكى جازالارمۇ پەرقلىنىدۇ. بىردەك بىر قاراش يوق. بىز تونۇشتۇرغان تۆۋەندىكى سەككىز چوڭ كۆيۈپ تۇرغان دوزاخ فىر ۋە كىرفىلنىڭ ماتىريالى ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان. 1. سىمجىۋا دوزىخى: قەبىھ كىشىلەر بۇ دوزاخقا بەند قىلىنىدۇ. ئۇلار دوزاخ قاراۋۇللىرى تەرىپىدىن قىيما-چىيما قىلىنىدۇ ياكى پارچىلىنىدۇ. ئۇلار سېزىمنى يوقاتقان چاغدا بىردەملىك سوغۇق شامال ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ، يەنە جازالىنىدۇ. بۇخىل جەريان ئۇلارنىڭ گۇناھى يۇيۇلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. شۇڭا بۇ دوزاخنىڭ نامى «تىرىك چىقىدىغان دوزاخ» دەپ ئاتالغان. 2. كالاسۇترا دوزىخى: يالغانچىلار، ۋاپاسىزلار، ئازازۇل خوتۇنلار ۋە شۇ تۈرلۈك گۇناھكارلار بەند قىلىنىدۇ. ئۇلار قىزىق پول ئۈستىدە ياتقۇزۇلۇپ چانىلىدۇ، ئاندىن دوزاخ قاراۋۇللىرى «قارا تانا» بىلەن بەدىنىگە بەلگە سالىدۇ. بەلگە

سىلىنغاندىن كېيىن، گۇناھكار قىزىق پالتا بىلەن تاننى بويلاپ چېپىلىدۇ. 3. سامغاتا دوزىخى: بۇ قاتىللار، ھاشارات، قۇرت-قوڭغۇزلارنى ئۆلتۈرگەنلەر جازاغا تارتىلىدىغان جاي. ئۇلار قىپقىزىل قىزىق تاغ ياكى تۆمۈر پىل بىلەن يانجىلىدۇ. شۇڭا «تەك بېسىلىدىغان دوزاخ» دەپ ئاتالغان. 4. رائۇراۋا دوزىخى: بۇ دوزاختا چۈشكەنلەر تارتىدىغان جازا ھەققىدە ھەرقايسى كىتابلاردا ئوخشىمىغان بايانلار بار. بۇ دوزاختا ئالدامچىلار، ياۋۇزلار، ئوت قويغۇچىلار، ئوغرىلار ۋە زەھەرلىگۈچىلەر بەند قىلىنىدۇ. «جاكاتا» ۋەسىقىسىدە ئۇ «يالقۇندىكىلەرنىڭ نالىسى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، جازالىنغۇچىلار ئوت-يالقۇنلار ئىچىدە كۆيگەچكە، توختىماستىن نالە-زار قىلىدۇ. شۇڭا، «يالقۇندىكىلەرنىڭ نالىسى» دەپ ئاتالغان. 5. ماخارائۇراۋا دوزىخى: بۇ دوزاخ ئادەتتە ئالدىنقى دوزاخ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ئىككىنچى نالە دوزىخى» دەپ ئاتىدۇ.بۇ يەر كۆيگۈچىلەرنىڭ تېنىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىس-تۈتەكلەر بىلەن تولغان بولغاچقا، بارى يېزىقىدىكى «جاكاتا» ۋەسىقىلىرىدىمۇ «ئىس-تۈتەك ئىچىدىكى نالە دوزىخى» دەپ ئاتالغان. زالىم ھوقۇقدارلار، نىكاھنى بۇزغۇچىلار، باشقا دىن مۇخلىسلىرى ۋە يامان كىشىلەر مۇشۇ دوزاختا بەند قىلىنىدۇ. ئۇلار كۈچلۈك ئوتنىڭ دەستىدىن قاتتىق نالە قىلغاچقا، مۇشۇنداق ئاتالغان. 6. تاپانا دوزىخى: قاسساپلار، ئوت قويغۇچىلار، مەستلەر بەند قىلىنىدىغان دوزاخ. ئۇلار دوزاخ قاراۋۇللىرى تەرىپىدىن ئوتتەك قىزىق نەيزىگە ئۆتكۈزۈلۈپ كاۋاپ قىلىنىدۇ. 7. پاراتاپانا(قاتتىق ئىسسىق) دوزىخى: دىنسىزلار، زۇلۇم قىلغۇچىلار، بۇددا دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە دىنغا ساتقىنلىق قىلغانلار بەند قىلىنىدىغان دوزاخ. ئۇلار قاراۋۇللار تەرىپىدىن ئوتتەك قىزىق تۆمۈر تاغقا ھەيدەلگەندىن كېيىن، كۈچلۈك بوران ئۇلارنى چوغدەك يېنىپ تۇرغان تىكلەنگەن نەيزىلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلايدۇ. 8. ئاۋىجى دوزىخى: بۇ ئەڭ تۆۋەن قەۋەتتىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق دوزاخ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار غەربىي يۇرتتىن چىققان بۇددا دىنىغا ئائىت تۆۋەنامىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئاتا-ئانىسىنى ۋە ئارخاتنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ھەمدە بەش چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغۇچىلار مۇشۇ دوزاختا تاشلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىنتايىن كۈچلۈك ئوت-يالقۇنلار بىلەن تولغان بولۇپ، گۇناھكارلار تارتىدىغان ئازابنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ دوزاختا نىسبەتەن ئوخشىمىغان چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىدۇ. خەنزۇتىلىدا بەزىدە «ھىم جەھەننەم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سەككىز چوڭ دوزاخلاردىن باشقا نۇرغۇن تارماق كىچىك دوزاخلارمۇ مەۋجۇت.

## سەككىز چوڭ سوغۇق دوزاخ:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا سەككىز چوڭ سوغۇق دوزاخ چوڭ قورۇقلۇقنىڭ ئاستىدىكى بەش يۈز يوجانا چوڭقۇرلۇقتا جايلاشقان. ئۇلار ئاربۇدا، نىۋاربۇدا، ئاتاتا، هاهاۋا، هۇهۇۋا، ئۇتپالا، پادما، ماهاپادما قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىنىقكى، سەككىز چوڭ سوغۇق دوزاخقا مۇناسىۋەتلىك تەسەۋۋۇرلار پەقەت سوغۇق رايونلاردىلا پەيدا بولىدۇ. ل.ئا.ۋادېل مۇنداق دەپ يازغاندى: «بۇددا دىنى سۇبتروپىك بەلباغقا تەۋە بولغان هىندىستاندىن جۇغراپىيىسى ۋە مىللىتى ئوخشاش بولمىغان، ئىقلىمى سوغۇق شىزاڭغا تارقالغان، بىز بۇنىڭدىن سوغۇق دوزاخلارنىڭ قانداق كېلىپ چىقانلىقىنى ئوڭايلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.» سوغۇق دوزاخلارمۇ دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن. ئۇلار ساكراۋالا تاش تىزمىسىنىڭ ئاستىدىكى دۇنيانىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان، ئەتراپى تۆمۈر تاغلار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، يىرگىنچلىك هەم قورقۇنچلۇق قوغدىغۇچىلار كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سوغۇقلۇق دەرىجىسى ئوخشىمىغاچقا ناملىرىمۇ، چوڭ-كىچىكلىكىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇلاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن تارماق كىچىك سوغۇق دوزاخلار مەۋجۇت.

### «مايترى سىمت»دىكى دوزاخقا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەر:

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمت» B خىلىدىكى توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان. قاراشەهەر ۋە تۇرپاندىن بۇ خىل توخرى تىلىدىكى پارچىلار تېپىلغان، ئەلۋەتتە بۇ خىل پارچىلار سان جەهەتتىن ئۇيغۇر يېزىقىدىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ ئاز. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلارنىڭ خاتىمىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەر مۇقەددەس ئايدا يەنە توخرى تىلىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان. توخرى تىلىدا يېزىلغىنى بولسا هىندىستاندىكى مايترىغا ئائىت ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان. بۇگۈنگە قەدەر هىندى تىلىدا يېزىلغان نۇسخىسى تېپىلغىنى يوق، بەلكىم مەڭگۈ تېپىلماسلىقى مۇمكىن. بۇ كىتابنىڭ تۈركىي تىلدىكى سىڭگىم ۋە مۇتۇق نۇسخىلىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرى (1902-1914) بايقالغان بولۇپ، بۇلاردىن ئەڭ قەدىمىي بولغىنى 9،8-ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان مۇتۇق نۇسخىسى. بىرقەدەر كۆپ ساقلانغان سىڭگىم نۇسخىسى بولسا بىر ئاز كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە. «مايترى سىمت»نىڭ 1959-يىلى قومۇلدىن تېپىلغان نۇسخىسى 1067-يىلىغا تەۋە بولۇپ، ساقلانغان ئەسەر هەجمى جەهەتتىن گىرمانىيەدىكى هەرقانداق

بىر نۇسخىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، شۇڭا، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىر بۇ نۇسخىنىڭ كىرىش بابى ۋە ئالدىنقى تۆت بابى ۋە يەنە 10،-11،-13، -14، -15، -16-بابلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدۇق.

مەزكۇر كىتابتا «مايترى سىمىت»نىڭ قومۇل نۇسخىسىدىكى دوزاختا مۇناسىۋەتلىك ئالتە بابى(20-25) ۋە ئەرشتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر يېزىلغان ئىككى بابى(26-27) تەتقىق قىلىنغان. بۇ ئەسەردە مايترى بۇت ئۆزى ياكى سېھرى كۈچكە ئىگە ئارخاتنىڭ ياردىمى بىلەن ئامىمغا دوزاخنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىنسانلارغا يەنە بىر دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئاسماندىن ئىنسانلار دۇنياسىغا چۈشكەن. «مايترى سىمىت» ئۇيغۇرچە ئىسمى «مايترىسىمىت  نوم بىتىگ» بولۇپ «مايترى سىمىتقا ئائىت نوم» دېگەن مەنىدە. سانسكرىتچىغا مايترىياسامىتى دىھارما سۇترا دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. 26-باب تولۇق بولمىغانلىقتىن، مايترى بۇتنىڭ مۇكەممەللىككە ئائىت بايانلار ئىچىدە ئۇنىڭ 32 ئۇلۇغ بەزىلىتى ۋە شىر پادىشاھىغا ئائىت مەزمۇنلار يوق. 27-بابتا مايترىنىڭ براھماۋاتىغا بەرگەن چۈشەنچىسى ۋە مايترىنىڭ ترايسترىمسا(ئاسمانلارنىڭ بىرى)دىن زېمىنغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلار سۆزلەنگەن.

دوزاخ توخرىسىدىكى بابتا «تارماق كىچىك دوزاخ»(ئۇيغۇر تىلىدا كىچىگ تامۇ، سانسكرىتچىدا پراتيەكاناراكا)لار توغرىسىدىكى مەزمۇنلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. گەرچە چوڭ دوزاخلارغا تەۋە بولغان كىچىك جەھەننەملەر ھەققىدىكى بايانلار ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئاز بىرقىسىم مەزمۇنلار بىردەك بولۇپ، گۇناھكارلار چوڭ دوزاختىن قۇتۇلغاندىن كېيىن بارلىق كىچىك جەھەننەملەرنىمۇ باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر چوڭ دوزاختىن يەنە بىرسىگە بىۋاستە كىرەلمەيدۇ. بۇ مەزمۇنلار ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىمۇ ئوخشاش. مۇشۇ ئەندىزە بويىچە، گۇناھكار جىنايىتى سەۋەبلىك ئاۋۋال چوڭ دوزاختا تۆرىلىپ ئاندىن كىچىك جەھەننەمگە يۆتكىلىدۇ.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن جىنايەتلەر بۇتخانا ۋە راھىبلارغا بولغان زىيانكەشلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئىبادەتخانىلارنىڭ لىم-تۈۋرۈكلىرىنى، ئىشىك-دەرىزىلىرىنى ئوغرىلاش قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 9-11- ئەسىرلەردىكى تورپان رايونىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ دەھرىيلىشىش يۈزلىنىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ دەۋر مۇشۇ رايوندىكى بۇددا دىنىنىڭ چۈشكۈنلىشىش ئالدىدا تۇران دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. 13-ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان نۇرغۇنلىغان ئىبادەتخانا ئىقتىسادىغا ئائىت پۈتۈكلەر(ھاشارغا ئىشلىتىش، يوقۇرى

ئۆسۈملۈك قەرز قاتارلىقلار) مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

گۇناھكارلار تارتىدىغان جازالار توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان تەسۋىرلەر بار. ئىغۋاگەر ۋە قارا چاپلىغانلارنىڭ تىلى ئاغدۇرۇلغان يەرگە ئوخشاش تىلىنىدۇ. شەھۋەتپەرەسلەر جىنسىي ئەزاسى مۆرىسىگە ئارتىلغان ھالدا، جاللاتلار باشسىز ھالدا ئۇيان-بۇيان مېڭىپ يۈرىدۇ. بۇ جازالار شەكسىز كىشىلەرنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. كىتابتا كۆپ تىلغا ئېلىنغان كىچىك جەھەننەملەردە، گۇناھكارلار مايترى ۋە جىزۋشەندىكى راھىبلاردىن ئىلتىپات تەلەپ قىلىدۇ، پانىي دۇنيادا تۆۋبە قىلمىغانلار ۋە گۇناھىنى تونۇمىغانلار دوزاختا تۇرۇپمۇ مايترى ۋە راھىبلار ئالدىدا گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىشتىن قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ تەقدىرى پەقەت «قورقۇنچلۇق كارما شاملى» تەرىپىدىن قايتا چوڭ دوزاخقا ئۇچۇرۇپ تاشلىنىش بولىدۇ. پانىي دۇنيادا گۇناھىغا تۆۋبە قىلغانلار ۋە گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغانلارنى بولسا، مايترى ئۇلار تۇرغان دوزاختا يورۇق نۇر چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى ئويغۇتىدۇ ھەمدە بۇتىنىڭ تەلىمىگە بويسۇنىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئاسماندا ياكى زېمىندا قايتا تۆرىلىدۇ. بۇ يەردە تۆۋبىنىڭ رولى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدا تۆۋبىنامەلەر ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭلا ئەمەس مانى دىنىنىڭمۇ بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر ناھايىتى روشەن بولغاچقا ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات بولغان س. ۋىبىر خانىمنىڭ «ھىندى ۋە ئۇيغۇرلاردىكى بۇددا دىنى تۆۋبىسى —— بولۇپمۇ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ تۆۋبىنامىسى ۋە مانى دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە» ناملىق يېڭى كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىشقا بولىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، ئاۋچى دوزىخى(سەككىزىنچى ئىسسىق دوزاخ)غا چۈشكەنلەرنىڭ گۇناھىغا تۆۋبە قىلىش پۇرسىتىمۇ بولمايدۇ.

Buddhistische Beichten in Indien und bei den Uiguren–Unter ) besonderer Beruecksichtigung der uigurischen Laienberichte und ihrer .(Beziehung zum Manichaeismus, 1999, Wiesbaden

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئون تۇرلۇك ئېبرەتلىك ھېكايەتلەر» داشاكارما پاتا ئاۋادانا مالا (Daśakarmapathāvadānamālā) ناملىق ۋەسىقىدىمۇ دوزاخقا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ(بۇنىڭدا ۋ.باڭ، ر.رەھمەتى [ئارات]، لائوت، گېلك شىمىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ماقالىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.) ھىندىستاندا يېزىلغان «مۆھىم ئىش» (ماھاۋاستۇ)تىمۇ «مايترى سىمىت»تىكىگە ئوخشاش دوزاخ ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بار. «مۆھىم ئىش» ھىناياىا(كىچىك كۆلۆڭگۈ)نىڭ ئەسىرى بولسىمۇ، ئەمما

www.kitaphumar.com

ماھايانا (چوڭ كۆلۈڭگۈ)نىڭ خاراكتېرىنى ئېلىپ بولغان. م.ۋىنتېرنىتز (M.Winternitz) نىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كىتاب مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىككىنچى ئەسىر بىلەن مىلادى تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدا پۈتتۈرۈلگەن. ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا تۆۋبىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن كۆرۈلمەيدۇ، ئەمما، بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىدە مائۇدگالياياناننىڭ دوزاختا چۈشۈپ ئانىسىنى قۇتقۇزغان ھېكايىسى ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇددا دىنىدىكى بارلىق دوزاختا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەردە دوزاخنىڭ قاراۋۇللىرى تىلغا ئېلىنىدۇ،ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكارلارنى قىيىن-قىستاققا ئېلىپ ئازالايدىغان قورقۇنچلۇق مەخلۇقلاردۇر. ئەمما، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، «مايترى سىمت»تا ياما(ئىبلىس) چېلىقمايدۇ، ئۇ خەنزۇ ۋە تىبەت بۇددا دىنىدا دوزاخنىڭ باشقۇرغۇچىسى. پىرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا دوزاختىكى گۇناھكارلار گۇناسى يۈيۈلغانغا قەدەر قىيىن-قىستاققا ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دوزاختا قانچە ئۇزۇن تۇرۇشى گۇناھىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە ۋە تۆۋبە قىلىش دەرىجىسىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ھ.فون گلازېناپ(H.von Glasenapp) مۇنداق دەيدۇ: «بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ قارىشىچە...... دوزاخ گۇناھكارلارنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرالغۇسى ئەمەس، بەلكى پەقەت گۇناھىنى يۇيىدىغان جايى، ئۇ ئىنسانىنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ، توغرا يولغا كىرگۈزىدۇ.» بۇددا دىنىنىڭ دوزاخ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا بەرگەن جاۋابىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن «مايترى سىمت»نىڭ ئالاقىسى يوق. بۇ يەردىكى مايترىنىڭ رولى بولسا كىشىلەرگە ھەرخىل قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرنى كۆرسىتىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئارقىلىق ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش. ماھايانانىڭ بۇ تەركىبلىرى «مايترى سىمت» تەۋە بولغان ھىنايانانىڭ ئابھىدھارما تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. د.&ئا.ماتسىناگا(D.and A. Matsunaga) ناھايىتى ئورۇنلۇق قىلىپ: «دىنغا كىرگۈزۈلۈشى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كىشىلەرنى روھىي جەھەتتىن بىر قېتىم قاتتىق تەۋرىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش كېرەك.» پروفېسسور گابائىن خانىم «مايترى سىمت»دىكى دوزاختا ئائىت قورقۇنچلۇق تەسۋىرلەر ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەنىدى: «مايترىنىڭ بۇ خىل قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىشى ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى مېھرىبانلىقىدىندۇر.

بۇ يەردە گۇناھقا تۆۋبە قىلىشنى قايتا تەھلىل قىلغاندا، دوزاخ ھەققىدىكى تەسۋىرلەر دەل ئىنسانلارنى جىنايىتىنى تونۇتۇشكە، تۆۋبىگە دەۋەت قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ بىلەن بۇخىل تۆۋبە قىلىش ئىدىيىسىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە سوئال

تۇغۇلىدۇ. بىلگىنىمىزدەك، قەدىمكى ھىندىستان بۇددا دىنىدا پەقەت راھىبلارنىڭلا تۆۋبە قىلىدىغانلىقى مەلۇم. مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار «پراتىموكسا» (Prātimokṣa)دا ئۇچرايدۇ. ئىتالىيە ئىلاھىيەتشۇناسى بىيەنچى(U.Bianchi) مۇنداق دەيدۇ: «بۇددا راھىبلىرىنىڭ <پراتىموكسا>سى دەرىجىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىلغان گۇناھ ۋە خاتالىقلارغا ئائىت ھۆججەت. ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئوقۇلىدىغان <پوسادھا> نامىدىكى كېچىلىك دەرستە دېكلاماتسىيە قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا قاتناشقان راھىبلار بارلىق غەيرىي خىياللاردىن مۇستەسنا ھالدا ئايرىم ياكى كوللېكتىپ ھالدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.» بۇددا دىنىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، بۇ خىل تۆۋبە قىلىش يامغۇر پەسلىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان «پراۋارانا(Pravāraṇa)» مۇراسىمىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تۆۋبە قىلىشى غەربىي يۇرتتا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان، ئەمما ھىندىستاندا كۆرۈلمەيدۇ. خەنزۇلاردا تارقالغان بۇددا دىنىدىكى تۆۋبە قىلىش تەرىقەتچىلىك دىنى(داۋجياۋ دىنى)دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردىكى بۇددا دىنىنىڭ تۆۋبە قىلىش ئادىتى بولسا خەنزۇ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مانىي دىنىنىڭ تەسىرىنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان مانىي دىنى «تۆۋبە بېيىتى» ناملىق مەشھۇر ۋەسىقىسى بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. تىلغا ئالالايدىغىنىمىزدىن يەنە بىر مەزگىل غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان نىستورىئان دىنى(خرىستىئان دىنىنىڭ ئاسىيادا تارقالغان بىر مەزھىپى)دىمۇ تۆۋبە قىلىش كەڭ ئومۇملاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «توماسنىڭ رىۋايىتى»(Thomasakten)دىمۇ توماسنىڭ دوزاختا چۈشۈپ گۇناھكارلارنى تۆۋبە قىلىشقا ئۈندىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «پاۋلو ۋەھيىنامىسى»(Apokalypse des paulus) دىمۇ دوزاخ ۋە جەننەتتە ئائىت تەسۋىرلەر بار. ئەڭ ئاخىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى 9-10-ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان ئاتەشپەرەسلىك دىنى ۋەسىقىسى «ئاردا ۋىراز ناماگ»(Ardā Virāz Nāmag) ، بۇ ۋەسىقىدىمۇ تەڭرى ئادۇر(Ādur)نىڭ دوزاخ ۋە جەننەتلەردىكى ساياھىتى سۆزلەنگەن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «مايترى سىمىت» بۇ تەرەپتىن ھىندىستاننى مەنبە قىلسىمۇ، ئەمما، ئۇ قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرخىل دىنلارنىڭ بىرىكمە ھاسىلاتى.

[1] پالى تىلى: ھىندى-ياۋروپا تىل تۈركۈمى، ھىند-ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولغان بىر تۈرلۈك يېزىق تىلى. ئاساسلىق بۇددا دىنى ساھەسىدە قوللىنىلىدۇ.

[2] يوجانا-قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولۇپ، بىر يوجانا تەخمىنەن 40 چاقىرىمغا تەڭ. (تەرجىماندىن)

www.kitaphumar.com

[3] ئارخات- بۇددا دىنىدا قايتا تۆرۈلۈش ئازابىدىن خالىي بولغۇچى، يوقالغۇچى، فەنا بولغۇچى. (تەرجىماندىن)

گېيك شىمىننىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2008-يىلى نەشر قىلغان «قومۇل نۇسخا ‹مايترى سىمىت تەتقىقاتى›»ناملىق كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2013-يىللىق ئاسپرانتى

«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2014-يىللىق 2-سانىدىن ئېلىندى.

# 20 - ئەسىر پوئېزىيەسىگە بىر نەزەر

**مەسۇمجان زۇلپىقاروۋ**
**(قازاقىستان)**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: خۇددى داڭلىق ئەدىب، ئەدەبىي ئوبزورچى، تەتقىقاتچى ئالىم سەلىمخان زاينالوۋ يازغاندەك: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات-تارىخ ھازىرقى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە قوشنا ئەللەردە ئىجاد قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

2007- يىلى. «ئىد<مىر>» (تىنچلىق) نەشرىياتى تەرەپىدىن ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «شېئرىيەت گۈلزارى» (تاللانما) ناملىق ئەسەر سەلىمخان زەينالوۋ تەرەپىدىن توپلانغان : م. ئابدۇراھمانوۋ، م. زۇلپىقاروۋ، پ. مەقسەتوۋا. س. ئىسكەندەروۋ، ئا. ھېزىموۋ قاتارلىق تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدا دۇنيا ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن: 21- ئەسىر دۇنيا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دىياگنوز قويغۇچى بۈيۈك ئەسەردۇر. مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي قىسمىدا ۋەتىنىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ ئۆتكەن شۇنداقلا ياشاۋاتقان 105 نەپەر ئەدىپنىڭ تەرجىمھالى، ئۈلگىلىك ئەسەرلىرى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى ئەدەبىي ئوچرىك، ئوبزورلاردىن مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، يالغۇز شىنقاڭدىن يېتىشىپ چىققان ئەدىبلەرلا 58 دىن ئاشىدۇ. مەزكۇر ئەسەرگە «كىرىش سۆز» ۋە «باھا» يازغان مەسۇمجان زۇلپىقاروۋ ئەسەرگە ناھايىتى چوڭ باھا بەرسە، ئەسەردىكى ھەر بىر ئەدىبنىڭ سىدام سىزما رەسىمنى روياپقا كەلتۈرگەن رەسسام ھىزايىن ك. زۇلپىقار بىر پۈتۈن ئەسەرگە يېڭىچە سۈپەت ۋە رەڭ بېرىدۇ.

كىتابنى تۈزگۈچى ئەدەبىيات ساھبى سەلىماخۇن زاينالوۋ شۇنداق قەيت قىلىدۇ: «مەزكۇر شېئرىي تاللانما توپلامدا ئىككى ئەلدىكى دۇنيادىن ئۆتكەن مەرھۇم شائىرلىرىمىزنىڭ شېئرلىرىغا كۆپرەك ئورۇن بېرىلدى. كىتابتىكى شېئرلار مىللىي شېئرىيىتىمىزگە نامايەندىلىرىنىڭ ياش تەرتىپىنى كۆزدە تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، توپلام ئوقۇرمەنلەرگە قاي-جايلاردا قەلەم تەۋرىتىۋاتقان شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق 20-ئەسىر ئۇيغۇر شېئرىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بېرىشى

بىلەن ئەھمىيەتلىك. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن شائىرلار ھەر خىل دەسرلەردىكى سىياسىي كۆز قاراشلارنى ئىپادىلىگەن.»

20- ئەسىر ئۆزىنىڭ چەكسىز مۆۋەپپەقىيەتلىك يەنە ئۇرۇش، قىرغىن، تەقىپ، ئاچارچىلىق قاتارلىق قاباھەتلىكى بىلەن ئاسىيا، ياۋروپا خەلقىگە بالايى ئاپەتلەر كەلتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، فاشىزمغا قارشى، قۇللۇق ئاسارەتكە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ پارتلىشى ئارقىلىق ھۆرىيەتكە، يېڭىلىققا ۋە ئىجادىيەتكە ئىنتىلىش مۇدىئالىرىنىڭ روياپقا چىقىشى بىلەن يەكۈنلەندى.

مەلۇمكى 20- ئەسىر بېشىدا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجادىي تەسىرى ئارقىلىق يەتتە سۇدا نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ (ئۇيغۇر بالىسى) ۋە ئانا ۋەتەندە ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق زىيالىي قەلەم ساھىبلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇلار جاھالەتكە ئىستىبداتقا قارشى غايىلىرى بىلەن خەلقنى ئويغىتىشقا كىرىشتى. ئابدۇقادىر داموللا چەت ئەللەردە بىلىم ئالغان ئەللامە بولسا، ئۇيغۇر بالىسى غالجات يېزىسىدا ساۋاتى چىققان زات ئىدى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئورۇنبورگدا ۋە باشقا شەھەرلەردە تاتار تىلىدا نەشىر قىلىنغان «شورا» مەجمۇئەسى، «ۋاقىت»، «تۈرك يۇرتى»، «تەرجىما» قاتارلىق گېزىتلەر ئىدى. 1910- يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر بالىسىنىڭ «شورا» ژۇرنىلىنىڭ مۇشتەرى سۈپىتىدە ماقالە ۋە تارىخىي ماتېرىياللىرى داۋاملىق نەشر قىلىنىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئۇ 1914- يىلى تەڭرىتاغ مۇزات داۋىنى ئارقىلىق ئاقسۇ ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلغىنىدا قالاق فېئودالىزم، يەنى جاھالەت، زۇلمەت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇدھىش ھاياتىنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇرغان. شۇ يىللىرى يازغان «سال» ناملىق شېئىرىدا:

سالدا بارىمەن ئەتراپتا دولقۇن،
ھايداپ بارىدۇ قاينامغا سالقۇن.
يولۇم قاراڭغۇ، قولدا چىراغ يوق،
كۆرۈنمەس قىرغاق، كۆڭۈل جى، دوق.
«مەزلۇم ياشلارنىڭ زارى» ناملىق شېئىرىدا :
تۆپىدىكى قارا بۇلۇت قاچان كېتەر؟
جەبر-زۇلۇم، قايغۇ ـ ھەسرەت قاچان پۈتەر؟
قاچانمۇ ھۆرلۈك شاملى پەيدا بولۇپ،
مەزلۇملارنى ئەركىنلىككە سۈرۈپ كېتەر.

ـــ دەپ يازغان. ئـۇ يەنە تەڭرىتاغ مەنزىرىسـىنى كـۆرۈپ، هـاڭ-تـاڭ بولـۇپ قالغـان چاغدا يازغان بىر شېئىرىدا:

نېمە بۇ باغۇ-بوستانمۇ ۋەيا لالە گۇلىستانمۇ؟
تونالماي كۆزلىرىم تالدى، ۋەيا فىردەۋسى ئەدنانمۇ؟
چۈرەم ئەتراپ، كۆكۈل مەيدان، پۈراق سەپكۈچ گۇلىستانلار
هەم ئاسمان بويىغان تاغلار ياشارمىش زوقلۇق بوستانلار.
ئۆلۈن بەرگۈچ تىرىلغۇلار، ئېقىپ تۇرغان ئېقىن سۇلار،
ئۆسەر ئەتراپ داۋانىدىن، ئىللىق يەللىك خۇش پۈراقلار.

ـــ دېـگەن. كـۆرۈپ تـۇرۇپتىمىزكى، بـۇ قـۇرلاردىن بىـز تـالانتلىق ئەدىـب، شـائىر تىلىنىـڭ خەلـق تىلىغا يـېقىن ۋە ئەۋرىشـىملىكى، لىكسـىكا بـايلىقى ۋە تويۇنغـان مىللىـي پۈراقىنىڭ ئۇرغۇپ دىماقلىرىمىزنى غىدىقلىشىدەك ئىستېتىك لەززەتكە غەرق بولىمىز.

ئابــدۇقادىر دامــوللامنى ئالســاق، ئـــۇ 19- ئەســـىرنىڭ ئـــاخىرى ۋە 20- ئەســـىرنىڭ باشـلىرىدا مەركىزىـي ئاسـىيانىڭ بۇلـۇڭ پۇشـقاقلىرىدا دېموكراتـىك ئىجتىمـائىي، ئـازادلىق، ئـويغىنىش چىرىغىنـى پەيـدا قىلغـان مۇنەۋۋەر زاتلارنىـڭ بىـرى ئـىدى. ئۇنىـڭ ئـائىلە ۋە يۇرتىــدىكى مەدرىســلەردە سـاۋاتى چىققانــدىن كـېيىن بۇخــارا كۆكۈلـداش مەدرىســىدە ۋە هىندىستاندا تەلىم ئالغان. مىسىر، مەدىنە، ئىستانبۇل، قازان، تاشـكەنتلەردە ئەسـەرلىرىنى ئـېلان قىلغـان. يۇرتىغا قايتقانــدىن كـېيىن، قەشقەردىكى چـوڭ مەدرىسـىدە مـۇدەررىس بولغـان. جەمئىيەتتىكـى سـەلبىي هادىســلەرگە ۋە خۇراپاتقـا قەتئىـي قارشـى تۇرغـان. مەدرىسە-مەكـتەپلەردە ئوقـۇش ئۇسـۇلىنى يـېڭىلاپ شـاگىرتلارنى تەربىيەلىگەن. يەنە بـۇ ئەللامە:

«ئىنسانىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىز بىرىنچى نـادانلىق، ئىككىنچىسى تەپرىقە-ئىختىلاپـتىن ئىبـارەت.» دېـگەن ئـىدى. ئابـدۇقادىر دامـوللام «مىـۋلەر مۇنازىرىسـى» داستانىدا:

ئالتە كۇنلۇك ۋاقتىمىزگە بىز قىلىپ جېدەل،
كاشى بولسا ئەردى سۇلتانى ئادىل بىبەدەل.

زەبزەزار ئالدى نە گۈللەركىم ئاچلماي قالدى.
ــــدېسە، ئارۇزنىڭ مۇسەممەن شەكلىدە يازغان داستانىدا:
بۇ زامان رەۋناقىنىڭ ھېچ ئاپتاپى قالمادى،
بۇزدى ئاۋۋالقى نىزاملارنى تەنابى قالمادى.
بىغەرەز ئۇۇق ئىش ئۇچۇن ئانىڭ ساۋابى قالمادى،
دىل پاراكەندە بولۇپ، ھېچ كاميانى قالمادى.
ھېچ باللەر ئارايۇـئەدلۇ شەپقەتى قالمادى،
ئالىمۇ پەزلى ئارا خالىس ئىبادەت قالمادى.
ئەنبىيا دېھقان ئارا خەيرۇـساخاۋەت قالمادى.

ــــدەپ ئۆزى ياشىغان دەۋردە بەزىلەردىن بىزار بولىدۇ.
ئابــدۇقادىر دامــوللام 1924ـ يىلــى 8ـ ئايــدا ئــۆز ئۆيىــدىكى كىتابخانىســىدا قارانىيەتلەرنىڭ سۇيىقەســت قىلىشــى تــۈپەيلى ئالەمــدىن ئۆتكەنــدە پۈتكــۈل قەشــقەر خەلقى ماتەم دەرياسىغا چۆمۈلگەن.
ئابــدۇقادىر دامــوللا 1920ـ يىلــى بۇخــارادىن ئالمۇتــا ئــارقىلىق ۋەتــىنىگە قايتقانــدا ئامۇتىدا ئۇيغۇر باللىسى ۋە سابىرجان ساكرۇۋ بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇيغۇر باللىسى:

تەلپىمدۇر تا ئەزەلدىن،
ئىشىمگە بۇزغۇن چۇشەر.
بۇلبۇلغا قويساڭ تۇزاق،
بەختىمگە قۇزغۇن چۇشەر.

ـــ دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغاندا، ئابدۇقادىر داموللام:
ـــ پاھ، بۇ پەلسەپىۋى ھېكمەت ئىلە سۇغۇرۇلغان روبائىي ئىــكەن، ــــدەپ ئۆزىنىــڭ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋالغان ئىكەن.
20ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىلى چېلەك تەۋەسى بايسىيىت دېگەن قايىدا تۇغۇلۇپ، ئىستىقامەت قىلغان ئابدۇلھەي مۇھەممەدى بىلەن ئانا ۋەتىنىدە تۇغۇلۇپ ئىجاد قىلغان ئادۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىنى قاتار تەقىق قىلىشقا تۇغرا كېلىدۇ. ئابدۇلھەي مۇھەممەدى 1919ـ1926ـ يىللىرى تاشكەنت ۋە موسكۋادا ئالىي بىلىم يۇرتىنى

تامامىلغاندىن كېيىن مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدە ياشلارنى تەربىيەلەيدۇ. سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى سوپىيېۋ شېئىر ۋە ھېكايىلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە كەڭ تونۇلىدۇ. ئۇ «چاپ كەتمىنىڭنى» دېگەن شېئىرىدا:

چاپ كەتمىنىڭنى قاتتىق چاپ،
يەرنىڭ جېنى چىققۇنچە چاپ.
ئاستى ئۈستىگە ئاغدۇرۇپ،
يىلتىزلىرى پۈتكۈنچە چاپ.

دەپ، كونا جەمئىيەتكە قارشى ئۆز غايىسىنى ئىپا قىلغان.

ئابدۇلھەي مۇھەممىدىنىڭ تەشتۈشى، يالقۇنلۇق دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىقنى مىسالغا ئالساق، ئۇ 1901 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان. ئائىلىدە ۋە ئۆز يۇرتىدا ساۋاتى چىققاندىن كېيىن، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى قىزىقىپ ئۆگەنگەن. يىگىتلىك دەۋرىدە شەمەي، قازانلاردا بولغان. روسىيەدە ئازغىنە ۋاقىت ياشاپ بىلىم ئالغان. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ رېئال ھاياتى، ئىلغار پىكىر ئېقىمى ئۇنىڭغا بىۋاستە تەسىر قىلغان. ئۇ ئانا يۇرتىدىكى فېئوداللىق، قاششاق ۋە مۇستەبىت ھاياتقا نەپرەت، غەزىپى قوزغىلىپ، بىچارە خەلقنى ئويغىتىشتا يازغان شېئىرىدا:

ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقىدا چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.
باشقىلار سۇدا ئۈزۈپ، كۆكتە ئۇچۇپ كەتتى يىراق،
ئاھ، قاچانمۇ ئويغىنىپ قوشۇلاي قاتارمەن.

ـــ دېگەن. 1932 ـ يىلى، 1933 ـ يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە «ئاچىل» دېگەن ناخشا پەيدا بولىدۇ. ناخشىنىڭ مەتنىگە ئاھاڭ بەك ئۇيغۇن كەلگەچكە، بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ باللارنىڭ ۋارقىراپ ئېيتىششى ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. كېيىنچە ئۇقساق بۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەن:

ئاچىل ئاچىل گۇل ئاچىل،

ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل!
گۈللەر ئاچىلاي دەيدۇ ئاچىل،
باشقا سانجىلاي دەيدۇ، ئاچىل
يايرىمىنىڭ يۈرەك ئۈتى ئاچىل
تەنگە يامشاي دەيدۇ ئاچىل.
ئاچىل ۋاي دادەي.
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل.

1931- يىلى قۇمۇلدا خوجانىياز ھاجى، شۇ يىلى تۇرپان، خوتەن خەلقى قوزغالغان چاغ ئىدى، ئەپسۇس، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ساقچى، ئىشپىيونلىرى قان يالىغان ئىتتەك كوچا-كوچىلارنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن مەزگىلدە ئەرك-ئازادلىق، ھەق-ئادالەتنى تۇغ قىلغان شائىر ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماي يەنە قەلەم كۆچىنى ئىشقا سىپلىپ مۇنۇ مىسرالاردا:

كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جايدا بولسىن شۇ خىتاب.

ـــ دەپ، مەيدانغا ئاشكارە چىققان.

1933-يىلى ئاپرىلدا جاللات شىڭشىسەي پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئالتە شەھەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلدى. تۇرپانغا كەلگەندە پاپىنگۈتنىڭ سولداتلىرى ئارقىلىق تازىلاش ھەرىكىتىنى يۈرگۈزدى. يەرلىك يەرلىك ساتقىن مەزىننىڭ خائىنلىقى تۈپەيلى قولغا ئېلىنغان ئابدۇخالىقنى خەلق ئالدىدا جىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. ئەنە شۇ چاغدا ئۆلۈمگە قادىلىپ قارىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ياشىسۇن ئازادلىق! يوقالسۇن زۇلۇم!» دەپ مەردانىلەرچە قۇربان بولغان.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەسىرىدە بەدىئىيلىكى ئۈستۈن شېئىر ۋە غەزەللەر بىلەن كەڭ كىتابخانلارغا تونۇلغان شائىر نىمشېھىت بولسا ئۆزىنىڭ قازاقىستاندىكى تەڭتۇش قەلەمداشلىرىدىن ئۆمەر مۇھەممىدى ۋە ھېزىم ئىسكەندەروۋ قاتارلىقلار بىلەن بىر قاتاردا يازغان شېئىرلىرى بىلەن خەلققە كەڭ تونۇلۇشقا مۇيەسسەر بولدى. نىمشېھىت «ئالدىدا» ناملىق مۇخەممەس شېئىرىدا:

ۋەسلىدىن ئۆزگە كېرەكمەس ماڭا جانا ئالدىدا،
ئارزۇيۇم ئېرۇرسەن تەنىبلەن جان ئالدىدا.
بىر گۇلۇم رەنا ئېرۇرسەن باغۇ-بوستان ئالدىدا،
تا زىيارەت قىلمىسام مەن سېنى ئىمكان ئالدىدا.
يۈزلىرىم شەرمەندە بولغان تاڭنا مەشھەر ئالدىدا.
دۇنياغا تەك ئەيلىمەيمەن تاغلىرىڭنىڭ تېشىنى،
سېنى دەپ تاشقا قوشارمەن دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى.
سەن ئۈچۈن دەريا ئېقتىسام شۇم رەقىبلەر يېشىنى،
مۇمكىن ئولغايمۇ كۆرۈشكە ئايغا ئوخشاش قېشىنى.
قارا بەختىم ئاق بولارىدى شۇنداق راھمان ئالدىدا ...

ــــ دەپ، ئۆز ئىلىنىڭ ئەرك-ئازادلىقىنى كۈيلىگەن.

20- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى تالانتلىق شائىر ئۆمەر مۇھەممەدىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ تاشكەنت ئالىي بىلىم يۇرتىدا بىلىم ئالغاندىن كېيىن، شېئىرىيەت مەيدانىدا تونۇشلۇقا باشلىغان. ئۇ «ئۆتەبىر تېڭى ئاتقاندا» ناملىق شېئىرىدا:

مەن خاماندا تۇغۇلدۇم،
ئاتامنىڭ ئەمەس باينىڭكى.
ئارىلاش تاياقمۇ يەپ،
ئەسكى، كۆينەك، پۇرۇم چورۇق پۈتۈمدا.
مەن ئېتىزدا ئۆكستۇم،
ئۆزۈمنىڭ ئەمەس ئەلنىڭكى ...

شائىر ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئېغىر ئاغرىپ ياتقىنىدا بۇرادەرلىرىگە:

خوش ئاغىنىلەر، خوش!
كۆرۈشەرمىز تېخى ساق بولساق.
قەلەمنى ئات قىلىپ مىنىپ كەتتىم،

مىنىپ كەتتىم يىراققا
ئۆزۈم ئايرىلساممۇ سىلەردىن،
ناخشام ئايرىلماس ھېچ ۋاقىتتا.

ــــ دەپ ئېيتقان. ئاخىرقى تىنىقى ئالدىدا مۇئەللىملەر يوقلاپ كىرگەندە:

پۈتتۈم دوستلار!
پۈتتۈم، يانماس بولدۇم ئۆزۈمگە.
پىلدىرلاپ يانغان ئاداققى شامىم ئوتى
ئۆچۈرۈلدى، يانماس بولدى كۆڭلۈمگە.

ــــ دەپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىم بولۇپ قالغان ...

شائىرنى شائىر قىلغان ــــ تىل، ئۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى روھىدىن كېلىدۇ. دېگەندەك، ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان چاچما شېئىرىدىكى ئۆزگىچە مىللىي پۇراق، غايىۋى ھېسسىيات ۋە مەزمۇنىنىڭ تەسىرى كۈچى، سېھىرلىكى بىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىدۇ.

ھېزىم ئىسكەندەرۇف (تېتىك) 1930 ـ يىللاردا خەلقىمىزگە كەڭ تونۇلغان بولسىمۇ 1937 ـ يىلى تۈرمىدە ياتقان بولۇپ، 190 ـ يىللاردىن كېيىن بوشىنىپ چىققان. شۇندىن كېيىن «نازۇكۇم» داستانى، «ئۇيغۇر قىزى»، «خان تەڭرى»، «چېلىش دولقۇنلىرى» ۋە «تاللانما ئەسەرلەر» بىلەن كىتابخانلار كۆڭلىدىن ئورۇن ئالغان ئاتاقلىق شائىردۇر

مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى تىلغا ئالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىن يېرىمىدا خۇددى گۈزەل باغۇ-بوستاننىڭ ھەر يېرىدە خۇشپۇراق ئېچىلغان رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر مىسالى نۇر ئىسرائىلوف، تۇردى ھەسەن، مۆمىن ھەمرالاردىن باشقا ئانا ۋەتەندە قەلەم تەۋرەتكەن ئەخمەت زىيائى، خېلىل ساتتار، ئايۇپ مەنسۇرى، زۇنۇن قادىرى، ئەنۋەر ناسىرى، خۇدابەردى تاللىپ ۋە قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەدىب، شائىرلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەتقىق قىلىش ئورۇنلۇق ئىدى. ئىمكانىيەتنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن بۇ پىكرىمىزگە خاتىمە بېرىلدى.

ئەخمەت زىيائىي (1913ـ1989) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى ئىدى. پىشقەدەم، ئاتاقلىق شائىر، دراماتورگ يىلى قەشقەر يېڭى

www.kitaphumar.com

شـەھەر ناھىيەســى خـانئېرىق كەنتــدە مەرىپەتـپەرۋەر دېھقـان ئائىلىســدە تۇغۇلغـان. دادىســنىڭ تەربىيەســدە ئەدەبىيـات، تـارىخ، لوگىكـا، پەلسـەپە ۋە ماتېماتىكـا پەنلىرىنـى ئۆگەنگەن. ئەخمەت زىيائى كىلاسسىك ئەدەبىياتقا زىيـادە كۆڭـۈل بـۆلگەن شـائىر بولـۇپ، 380 پارچىــدىن ئـارتۇق شـېئىر، داسـتانلارنى يازغـان. 1953 ـ يىلـى مەشـھۇر تىلشـۇناس، لۇغەتشۇناس مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئەسىرى «تـۈركىي تىلـلار دىـۋانى»نـى تەرجـىمە قىلىـپ، 1955 ـيىلى 4 ـ ئايدا تاماملىغان. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە يۆتكىلىپ، يۈسۈپخاس ھاجىپنىـڭ «قۇتادغۇبىلىـگ» نـاملىق بۈيـۈك ئەسـىرىنىڭ ھـازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەزمىي شەكلىنى ئىشلەشكە كىرىشكەن. قوشۇمچە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇئەللىپ «ئىچكىنىم كىمنىڭ قېنى» ناملىق شېئىرىدا:

ئىچكىنىڭ زالىم، قىزلمەي، ئۇيلا كىمنىڭ قېنى،
يېگىنىڭ قايسى غېرىب، بىچارىلەرنىڭ تېنى؟

ـــ دېسە، «يۇرت ـ ئەل ئۈچۈن» ناملىق شېئىرىدا:

يۇرت ـ ئەل ئۈچۈن تارتقان جاپانى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.
خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

ـــ دەپ يازغان. («توزۇماس چېچەكلەر») زۇنۇن قادىرى «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتـارلىق نـادىر ئەسـەرلىرى بىـلەن ئۇيغـۇر ھـازىرقى زامـان دراماتورگىيەسـىگە ئاسـاس سـالدى ۋە «ماغدۇر كەتكەنـدە»، «چىنىقىش» قاتـارلىق ھېكـايىلىرى ئـارقىلىق ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىسى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

مەلـۇمكى قازاقسـتاندا 1930 ـ يىللاردىــن كېيىــن ئىجـادىيەتكە كىرىشـكەن قــادىر ھەمسەنوۋ ۋە ئىسمايىل ساتتارۇفلار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بەرگەن ئەڭ قىيىن ۋە مۇرەككەپ شارائىتنى بېشىدىن كەچۈرگەندى.

قـادىر ھەمســەنوۋ 1941 ـ1945 ـ يىللــىرى قـازاق قېرىنــداش يـازغۇچىلىرى بىــلەن بىـرلىكتە قازاقسـتان جۇمھۇرىيىتـىدە جاۋابكـارلىق ۋەزىـپە ئارتقۇزغـان. «تـاڭ سـىرلىرى»

(1947)، «شېئىرلار» (1948) ۋە «كەنجە» (1950) داستانلىرىنى نەشر قىلدۇردى.

بۇ جەريانىدا ئىسمايىل ساتتاروۋ بىلەن «گۈلىستان» ۋە «نۇزۇگۇم» درامىلىرىنى يازدى. قادىر ھەسەنوۋ «چىدىسۇنمۇ شائىر كۆڭلى» ناملىق شېئىرىدا:

چىدىسۇنمۇ شائىر كۆڭلى،
ئۆز ئېلىنى ماختىماي.
تاشقىنلىسا خەلق بەختى،
دۇنيا دېگىز، سايمۇ-ساي.

ــــدېسە، ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرى پانتىلوۋ گىۋاردىيە قەھرىمانلىرى ھەققىدىكى «يىگىرمە سەككىز» ناملىق شېئىرىدا:

كۆز كۆرۈپ تۇرسا، ئەگەر يۈرەك سوقۇپ،
دۈشمەننى قەدەم ئالغا سىلجىتمايمىز.
مۇبادا ئۆلۈپ كەتسەك جەڭدە تۇرۇپ،
دۈشمەننى تۇتۇپ قالار تەنلىرىمىز.

ئۆلۈم بار، ئاما يوقتۇر نومۇس، سېتىش،
بىز ئەمەس چېكىنەر، بەك ئاسانلا.
بەلكى بار، بىزلەرنىڭ بۇ قۇدرىتىمىز،
كۆپلەرنى چىللار ئۇلۇغ غازاتلارغا.

ـ دەپ يازدى. قادىر ھەسەنوۋنىڭ قېرىنداش ئىنىسى ئىسمايىل ساتتاروۋ ئالمۇتىدا ئوقۇۋشنى تاماملىغاندىن كېيىن، كۆپ ئۆتمەي ئالدىنقى سەپكە بارغان. ئۇ ئىلگىرى ئوقۇۋپ يۈرگىنىدە ئۇستازى ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغىنى ئۈچۈنمۇ شېئىر يېزىشقا قىزغىن كىرىشكەن. «ئۆكتەبىر تېگى»، «گۈلباغىستا» ۋە «كېلەر چاغ» قاتارلىق تۈنجى داستانلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇنىڭغا ئىلھام بېغىشلىغان. «ئۆمەر مۇھەممەدى خاتىرلىرى»دېگەن شېئىرىدا:

كۆڭلۈم سىغىندى گۈللەر يېغىپ،
تۇتام ياسىدىم بىر قەلەم.
ئۆمەر!
سېنى سېغىنىپ ئەسلەش ئۈچۈن،
مىڭلارچە خەلق كۆرسۇن دەپ.
مۇشۇ نەپىس گۈللىرىمنى،
ساڭا ئاتاپ تىزدىم مەن!

ـــ دەپ يازغـان. ئۇنـڭ شـېئىر، داسـتانلىرىنى ئوقـۇرمەنلەر يېـنىش يېنىشـلاپ سـۆيۈپ ئوقۇغان، «ھۆرباغ قىزى» داستانى ئېپىگرافىدىكى:

يىلنىڭ تۆگەل ئوت پەسلىدە كۆرسەڭ ئۇنى،
باھار ئايىنى ئەسلىتىدۇ كۈلۈشلىرى.
گۈزەل ئۆزى، چېۋەر ئۆزى، ئىشچان ئۆزى،
زەيتۇنەم كومسومۇلكا ھۆرباغ قىزى.

ـــ دېگەن مىسرالارنىڭ كىشىنى ئىختىيارسىز جازىبە قىلىش سېھىرلىك كۈچى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ تارتىملىق ئالاھىدىلىكى، كۆچمە مەنىدە ئىپادىلەنگەن ئوخشىتىش-مەجاز، مېتافورىلارنىڭ ئوقۇرمەنلەردە تەسەۋۋۇر تۇغدۇرۇشى ھەم تونۇلغان مىللىي پۇراقنىڭ دىماق يېرىپ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىدا بولسا كېرەك.
949-يىلـلار بېشـىدا كېيىنكـى ئەدەبىياتىمىزنىـڭ راۋاجلىنىشـىدا قازاقىسـتاندا قـادىر ھەسەنەنوۋ ۋە ئىسمايىل ساتتارۇۋلار قەلەم تەۋرەتكەن بولسا، ۋەتەنـدە لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابــدۇرېھىم تىلەشــۈپ ئۆتكــۈرلەر ئۆزلىرىنــڭ ئىجــادىيىتى ۋە تــالانتلىرى ئــارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە تونۇلۇشقا باشلىدى.
ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا 1944-يىلى نويابىردا ئىلىدا مىللىي ئـازادلىق ئۇچقۇنىنىـڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يالقۇنلىنىشىغا جور بولۇپ، «ئۇچقۇنلار تەشكىلات»نـى قـۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. «خىيالچان تىلەك» دېگەن غەزىلىدە:

لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بېقىپ ئاسمانغا،

تەپەككۇر كۆزۈم بىلەن كۆرۈمەن روشەن رۇجەكلەرنى.
جانان ناز ئۈيقۇدا يېتىپ نىچۇك تولغانماس،
ئاشىقى كۇتۇپ تۇرسا ئىچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى.
نىمشقا يازماي تىلەك ئارىلاش لىرىكىلارنى،
ئىشقى ئوتى ئۆرتەپ كۆيدۈرسە يۈرەكلەرنى.
سۆيگۈ دېگىز چوڭقۇرلۇقىدا مەن قايناپ تۇرسام،
ئۇسسۇزلۇقۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى.

ـــ دەپ ، ئىلى ئاسمىنىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە تەقەززا بولغان. يالقۇنلۇق شائىر ۋىسال شاراپىتىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئارمان قىلىپ، 1945ـ يىلى 18ـ سىنتەبىردە ئاقسۇ ۋىلايىتى تۈرمىسىدە بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي سەبداشلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈندى. ئۇ «سەجدىگاھىمغا» ناملىق غەزىلىدە:

بىلەمسەن، دىلرەبا ھۆسنۈڭنى ئاختۇرغان نىگاھىمدۇر.
بۇ گۈلدۈرماما چاقماقلار مېنىڭ پەريادى ئاھىمدۇر.

ئۆزۈڭنى ئوت بىلەن تاۋلا دېگەچ سەن سۆيگۈ سۇلتانى،
قەيەردە يانسا بىر يالقۇن شۇ يالقۇن قەبرىگاھىمدۇر.

ئەگەر رەشك ئەيلىسە مەيلى، ئەرەپ يۇرتىدىكى كەئبە،
مۇشۇ تۇپراق، ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

ـ دەپ، ئانا يۇرتىنىڭ قەدرى قىممىتىنى قىبلە كەئبىدىن ئۇلۇغ كۆردى ۋە قەيەردىدۇر تۇتاشقان بىر ئوت يالقۇنى ناميان بولسا ئۇنى كۈرەش مەيدانىدىكى بارگاھىغا تەقلىد قىلدى.

بىز بىر جۇپ تالانتلىق قەلەم ساھىبلىرىدىن مەيلى لۇتپۇللارنىڭ «كۆكلەم ئىشقى»، «ياشلىق ئۆگەن»، «يىللارغا جاۋاب» قاتارلىق لىرىك شېئىرلىرىنى ياكى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «يېتەر ئەي چەرخ»، «تاماكا بايان»، «تاك زىياسى»، «ئىز» قاتارلىق غەزەللىرىنى مىسالغا ئالمايلى، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى مىللىيلىق، رىتىمدىكى راۋانلىق،

ھىسسىيات ئامىللىرىنىڭ تەبىئىي ۋە خاسلىقى، ئەسەرلىرىنىڭ لىرىزىم بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقى، ئوبرازلارنىڭ سېھىرلىك كۈچى ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ.

مېنىڭ مەزكۇر شېئىرىيەت گۈلزارىغا 1945- يىلىدىن ئېتىبارەن قەلەم تەۋرەتكەن تالانتلىق شائىر تىيىپجان ئېلىيېۋنى ئالاھىدە قوشقىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ:

ئەسلىسەم قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا،
ياڭرايدۇ بىر چاغدىكى داقا دۇمباق.
ئاۋازى ئىسراپىلنىڭ نەيرىسىدەك،
نە ئامال ئۇ چاغدىكى پوسۇن شۇنداق.
ياڭرىتىپ داقا-دۇمباق ئېلىپ چىقتى،
مېنىمۇ «ياچېيكا» دەپ سازايىغا.
كۆرسىلە سۇنايچىسى ئوغلۇم ئىكەن،
تونۇدۇم بىر قاراپلا چىرايىغا.
ئۆزۈمنى تۇتالماستىن كۈلۈپ كېتىپ،
دەپتىمەن «نېمە بۇ؟ تووۋا، تووۋا،
چال ئوغلۇم، ئاتا-ئاناڭ تويىدىمۇ،
مۇنچىلىك قىززىمىغان نەغمە-ناۋا»

شېئىر رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولغاچقا، ئۇ شائىردىن جۇشقۇن ئىلھام ھاياجان، ھېسسىيات، چوڭقۇر تەپەككۇر تەلەپ قىلىدۇ. بىز تىيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ئورنىنى تېپىپ قويۇش ماھارىتى، تىلىنىڭ يۇمۇرىستىك ھەم ئوبرازلىق ئىكەنلىكى، ئۇسلۇبىنىڭ يېڭى راۋانلىقى ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرغانلىقىنى بايقايمىز.

شۇنى تەكىتلەشكە ھەقلىقمىزكى، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن زامانىمىزنىڭ ئارىستوتىلى ۋە فارابىسى سۈپىتىدە ھەققىي پەيلاسوپ بولۇپ قالماي، يېتۈك ئالىم ھەم شائىردۇر. ئۇ زاتنىڭ:

ئىلىم باشقا، تالانت باشقا،
غورۇر، ئىمان يەنە باشقا.
بولۇر ساھىب قىرانلىق،

www.kitaphumar.com

بۇ ئۈچ خىسلەت قوشسا بىر باشقا.

ـــ دېگەن ھېكمەتلىك شېئىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ساھىبقىران ئىكەنلىكىگە ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلىدۇ.

2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا نەزەر سالىداق، ئېغىر تىنىقلاردىن كېيىن «مانا ئەمدى، يازماي، قاچان يازىسەن؟» دېگەن خىتابىنىڭ يۈرىكىدە ئوتى بار قەلەمداشلارنى ياڭقۇنلاتقانلىقى تەبىئىي.

بۇ دەۋردە يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىدا قايتىدىن ئويغىنىش يۈز بەردى. ئۇلارغا روسىيە ۋە قېرىنداش قازاق، ئۆزبېك، تاتار ئەدەبىياتلىرى ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. 1955- يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «دەسلەپكى قەدەم» ناملىق ماقالە، ھېكايىلەر توپلىمى خۇددى ئەتىياز يەر يۈزىدىن قار كېتىپ، روي كۆرسەتكەن گۈل چېچەكلەر مىسالى كۆڭۈلمىزنى ئاۋۇتقان ئىدى. بۇ چاغدا ھېزمەت ئابدۇللىننىڭ «ئىلھام ئۇچقۇنى»، ھېزىم ئىسكەندەروۋنىڭ «تىنچلىق ناخشىسى» ۋە «تاللانما ئەسەرلىرى» نەشر قىلىندى. ئانا ۋەتەندىن كەلگەن خېلىل ھەمراۋ، مەسۇمجان زۇلپىقار، روزى قادىرى، ناسىر ھەسەن، زىياھىدىن قاھار، باتۇر ئەرشىدىنوۋ، تۇرسۇن قاھارى، جۇملىدىن تاشكەنتتە ۋە ئالمۇتىدا ئالىي بىلىم ئالغان ئىليار بەختىيار، ھېزىم بەختىيازوۋ ۋە ھېزىرزوۋلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ سېپىنى سۇغا سۇ قوشۇلغان مىسالى ئۇلغايتقان ئىدى.

ھەقىقىي ئەدىب، شائىرنىڭ تەبىئەتتىن ئىبارەت ئۆزگىچىلىكى، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت يېتەكچىلىكى بولۇشى كېرەك. خ . ئابدۇللىن ئۇرۇشتىن كېيىنكى سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سېپىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغانلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتە «شېئىرلار»، «دىدار غەنىمەت»، «كۆكۆلدە قالمىسۇن ئارمان» ۋە بىرقانچە باللادا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

1958- يىلى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرپان تەۋەسىدىكى ۋەقە ئاساسىدا «يۇرتداشلار» رومانى نەشر قىلىنغان. بۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئىجادىيىتىدە تۇرتكە بولغان. «ۋاھاب تامچىنىڭ ئوغلى»، «ياركەنت ناۋاسى»، «كۆچكەن يۇلتۇز» قاتارلىق ھېكايە-پوۋېستلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈملۈك ئەسەرلىرىگە ئايلانغان، دراماتورگىيىدە «شاۋقۇن»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «لۇتپۇللا» قاتارلىق ئەسەرلىرى تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئەپسۇسكى شائىرنى ئەجەل بىمەزگىل ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەدەبىياتىمىز ئاسمىنىدا يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇ.

1961 - يىلى قاتارىمىزغا قوشۇلغان پىشۋالاردىن تۇرسۇن ۋاھىدى، ئابدۇلھەي روزى، مۇھەممەد سىدىق نورۇزوۋ، يۈسۈپ ئىلياس، ھۈسەيىن ھەسەنلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆۋرۈكى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. 1957 - يىلى كوممۇنىزم تۇغى، جۇملىدىن ئالمۇتا رادىئو ئاڭلىتىش رېداكسىيەسى يېنىدا ئۇيغۇر بۆلۈمى تەسىس قىلىنىشى، شۇنداقلا قازاقىستان يازغۇچى نەشرىياتىدا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ شەكىللىنىشى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپىنى، ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. 1960 - يىللىرىدىن كېيىن ئېتىبارەن قۇربان مەختەموۋ، مەخمۇت ئابدۇراخمانوۋ، ئابدۇكېرىم غىنىيېف، ئەخمەتجان ھاشىرىف، شايىم شاۋايوۋ، ئىلاخۇن جەلىلوۋ، ئىلاخۇن ھوشۇروۋ، مۇئەللىق باقىيوۋ، كامال ھەسامىدىنوۋ، تۇرغان توختەموۋ، مەشھۇر جەلىلوۋ، جۇملىدىن ئىككىنچى نەۋەت ئانا ۋەتەندىن كەلگەن قەلەمى پىشقان ئىقتىدارلىق ياشلاردىن: دولقۇن ياسىن، ئا. قۇتلۇقوۋ، م. ھەمرايېۋ، غ. روزىيېۋ، ھەبىبۇللا يۇنۇس، ھ. ھېزىمۇۋ، س. ئىسكەندەروۋ، ئا. ماخمۇدوۋ، ئە، سادىروۋ، ي. تايىروۋ(يەھيا تايىر)، س. سىتىشوۋ، ئى. ھوشۇروۋ، پ. قاسىموۋلارنى شۇنىڭدەك شائىرەلەردىن نۇرانى، پىشقەدەم ئانا تۇراخان سادىقوۋا، ئانىدىن راھىلە ھاپىزوۋا، ھەنىپە سالىھوۋا، پاتىگۈل سابىتوۋا، خ. ئىلاخۇنوۋا، س. بابا جانوۋا، خ. تۇردى جۇملىدىن ئانا ۋەتەندىكى تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن، دىلبەر قېيۇم ۋە چىمەنگۈل ئاۋۇتلار ئەدەبىياتىمىز گۈلزارىمىزدىكى بىرى قىزىل گۈل، بىرى ئەتىرگۈل، بىرى رەناگۈل سۈپىتىدە ئېپار ھىدى چېچىپ تۇرغان دۇردانىلىرىمىزدۇر. بىز بۇ ھەقتە، بولۇپمۇ تالانتلىق شائىر خاتىرىلىرىمىزدىن ئىليار بەختىيار، خېلىل ھەمرايېف، دولقۇن ياسىن، ساۋۇتجان مەمەتقۇلۇپ، ھ. ھەپىزوۋالارنى، ياش تالانتلىقلاردىن ن. ئوبۇلقاسىموۋ، ج. روزاخۇنوۋ، غ. ئەخمەتوۋ، پ. مەخسەتوۋالارنى، شۇنىڭدەك يۇقىرىدا نامى تەكىتلەنگەن ئانا ۋەتەندىكى شائىرەلەرنى سەدەپ ئارىسىدىكى ئۈنچە مىسالى ئالاھىدە تەكىتلىگەن بولالمىدۇق.

ئەدەبىيات قاتارىمىزغا 20 - ئەسىردە ئىلگىرى ئاخىر قوشۇلۇپ كەلگەن، م. مىرىموۋ، ئابدۇرېھىم مۇتەللىپ، ئابدۇمېجىن دۆلەتوۋ، ئا. سەپىرى، ن. نۇراخۇنوۋ، م. جۇماروۋ، س. زەناۋوۋ، ش. نەزەروۋ، ئە. ئىسلاموۋ، ئابدۇكېرىم ھەمرايېۋ، ت. ھېزىيارۇۋالار كىشى كۆڭلىدىن چىققۇدەك ئۈنۈملۈك ئەمگەكلىرى بىلەن تونۇلماقتا. ئۇشبۇ «شېئىرىيەت گۈلزارى»مىزدا ئانا ۋەتەندە ياشاپ ئىجاد قىلىۋاتقان ئىقتىدارلىق ھەم ئىستېداتلىق قەلەم ساھىبلىرى بىزنىڭمۇ پەخرىمىز ۋە ئىپتىخارىمىزدۇر. ئۇلار ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى، پەقەتلا مۇبارەك ناملىرىنى تۆۋەندىكىچە ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالايلۇق، ئىمىن تۇرسۇن، ئابلىز نازىرى، رەخمىتۇللا جارى، قۇربان ئىمىن، تۇردى سامساق، ئەرشىدىن تاتلىق، غەنىزات غەيۇرانى، مۇھەممەت سادىق، رېھىم قاسىم، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مىرزاھىد كېرىمى، مۇھەممەدجان راشىدىن، بۇغدا ئابدۇللا، قۇربان بارات، ھاجى ئەخمەت، ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىق ئىستېداتلىق قەلەم ساھىبلىرى ھەممىمىزگە ئورتاق قىممەتكە ئىگە.

شۇنى تەكىتلەش ئورۇنلۇقكى، 20- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا ۋاكالىتەن ئۇشبۇ «شېئىرىيەت گۈلزارى»غا كىرگۈزۈلگەن قەلەم ساھىبلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدىن چىقسا مىننەتدار بولار ئىدۇق.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەخمۇت زەئىدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پىنسيونېرى.

ئابدۇمېجىت مۇھەممەد، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورانتى.

كۆرۈپ بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى

مەنبە: «شىنجاڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقى» ژۇرنىلى 2014- يىل 2-سان

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر ئەسىرلىك نوپۇس ئۆزگىرىشى

لى چى 李琪

تەرجىمان : ئىمىن تاجى تۇرگۇن

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىختىكى نوپۇس ئۆزگىرىشى خاتىرىلىرىنىڭ بىر ئەسىر دائىرىسىدىلا چەكلىنىشى ئالاھىدە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئوخشىمىغان تارىخى باسقۇچلاردا نوپۇس كۆرسەتكۈچىنىڭ ئېشىش ۋە كېمىيىش ھالىتى بۇ دۆلەتلەرنىڭ (ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ) تارىخى تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي شارائىتى، سىياسى ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىقتىسادىي ئاساسىي ۋە ئەتراپتىكى قوشنىلىرى بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە مۇناسىۋەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئېمزالانغان «جوڭگو-روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» غا ئاساسەن روسىيە تەۋەسىگە مەجبۇرى كۆچۈرۈلگەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قازاقىستانغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ھازىر بۇ يەردىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەتكە ئايلاندى① . 1989-يىلى پۈتۈن سوۋېت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق نوپۇس ستاتىستىكىسىدا ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش جۇمھۇرىيەتكە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 263 مىڭ(263000) ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ70% ى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋە تالدى قورغان ئوبلاستلىرىنىڭ ئىلى دەريا بويلىرىغا ئولتۇراقلاشقان. ئاز بىر قىسمى تالاس (ئىلگىرى جامبۇ شەھىرى) ۋە چىمكەنت شەھىرىگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 185 مىڭ 300 بولۇپ( 1989-يىلىدىكى ستاتىستىكا)، قازاقىستان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 1.1% نى تەشكىل قىلغان. قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرى، تاشكەنت ئوبلاستى، ئەنجان شەھرى ۋە ئەنجان ئوبلاستلىرىغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان(بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى سانى (140 مىڭ 9

ئـادەم‹14009 ›) . نـۆۋەتتە ئۆزبېكىسـتان ئۇيغـۇرلىرى بـۇ دۆلەتتىكـى نوپۇسـى ئەڭ ئـاز مىللەتنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

1989-5919-يىللاردىكى ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس ستاتىستىكا جەدۋىلى : ②

| يىللار | پۇسنو |
|---|---|
| 1959 | 19 مىڭ 400 |
| 1970 | 24 مىڭ 900 |
| 1979 | 25 مىڭ |
| 1989 | 35 مىڭ 300 |

قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك، ئۇش، توقماق، پۇرۋارسكىي قاتارلىق شەھەرلىرىگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، نوپۇسى 368 مىڭ ، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تۈركمەنىستاننىڭ بايرام، ئالى قاتارلىق شەھەرلىرىگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، نوپۇسى 1300، تاجىكىستاندا 600 دىن كۆپرەك ئۇيغۇرلار بار③. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار چوڭ دائىرىدە تارقىلىشىپ، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋەزىيىتىنى ياراتقان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس تەرەققىيات ئەھۋالىنى يۈز يىلدىن بۇيانقى پۈتۈن روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت تەرەپ ئېلان قىلغان نوپۇس ستاتىستىكا ماتېرىياللىنى ئاساس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

### ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس سانى ستاتىستىكىسى ؛

(رسىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش)

| يىللار | تۈمەن |
|---|---|
| 1897 | 71 مىڭ 400 |
| 1926 | 108 مىڭ 800 |
| 1939 | 80 مىڭ |

| | |
|---|---|
| 1959 | 95 مىلـڭ 200 |
| 1970 | 173 مىلـڭ |
| 1979 | 200 |
| 1989 | 211 مىلـڭ |

يـۇقىرقى جەدۋەلـدە ئوتتـۇرا ئاسـىيا ئۇيغۇرلىرىنىـڭ نوپـۇس ئۆزگىرىشـىنىڭ ۋاقىـت ئۆزگىرىشـىگە مـاس ھالـدا ئـۆزگىرىش ۋە كۆچـۈش دولقـۇنى ئەكـس ئەتتـۈرۈلگەن. ئىلىم ئەھلى شۇنداق قارايدۇكى، نوپۇس كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆزگىرىشى تارىخىيلىقتا ئىگە بولۇپ، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئـۆز-ئـارا تايىنىـدۇ ۋە تەسىـر كۆرسـىتىدۇ. چاررۇسـىيە، سـوۋېت ھۆكـۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ستاتىستىكا قىلغان سانلىق مەلۇماتىدىكى ئوبىكتىپ ئەھۋال بىلەن بۇنىڭدا كۆرسـىتىلگەن ئۇيغـۇرلار نوپۇسـىنىڭ تـارىخى تەرەققىياتىغـا قانـداق ھۆكـۈم چىقىرىمىز؟، ئېنىقكى تـارىخى تەكشۈرۈشـلەر ئـارقىلىق مۇھـاكىمە قىلىشقا بولىدۇ. بـۇ ماقالىـدە تـارىخى دەۋرلەر ئاساسى لىنىيە قىلىنىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس تەرەققىيات جەرياني مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

## 1. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسى ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى

ھازىرغـا قەدەر ئـۆزۈم كـۆرگەن روس يېزىقىـدىكى ئەسـەرلەردە سـوۋېت ھـاكىمىيىتى دەسلەپ تىكلەنگەن ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسـى 600 مىلـڭ(600000) دەپ خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىكى ئاساسلانغان ماتېرىيال ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كـومىتېتى تۈركىستان ئۆلكىلىـك مىللەتلـەر بۆلۈمىنىـڭ مۇدىرلىـق ۋەزىپىسـىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا روزى باقىيىق يەتتە سۇ سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتىدا يەتتە سۇ رايونىدا 265 مىلـڭ ، سىر دەريا ۋادىلىرىدىكى رايونلاردا 30 مىلڭ ، فەرغانە رايونىدا 30 مىلڭ ، تۈركمەنىستاندا 2500، سەمەرقەندتە 2500 ئۇيغۇرنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان④

كەمىنە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن يۇقىرقى دوكلاتتا

www.kitaphumar.com

ئېيتىلغانلارنىڭ 1897-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكا سانى بىلەن بىردەك چىقمايلا قالماستىن بەلكى 1917-يىلىدىكى روسىيە يېزا-ئىگىلىك ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى بىلەن بولغان پەرقمۇ چوڭ بولۇپ چىققان. 1897-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى تارانچىلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 71 مىڭ 91 (71091) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تارانچىلار 55 مىڭ 815⑤، بۇنىڭدىن باشقا 1905-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكا ماتېرىيالىدا يەتتە سۇ رايونى مىسال ئېلىنىپ ئومۇمىي نوپۇس 1 مىلييون 81 مىڭ 436 (1081436)، تارانچىلار 20 مىڭ 32 (20032)(بۇ رايون نوپۇسىنىڭ% 1.85 نى تەشكىل قىلغان⑥)، يۇقارقى ستاتىستىكا سانى چارروسىيە مەمۇرىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتى بىلەن بىردەك چىققان. شۇڭا بۇنى ئىشەنچلىك دەپ تەستىقلاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 1917-يىلىدىكى روسىيە يېزا-ئىگىلىك ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، روسىيە دائىرىسىدە 609 مىڭ 88(60988) تارانچىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاۋۋال قەشقەردىن ئىلىغا بوز يەر ئېچىشقا چىققانلىقىنى، كېيىن 1881-يىلىدىكى مەجبۇرىي ھالدا روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن. بۇلاردىن باشقا 39 مىڭ 528 (30528) ى قەشقەرلىك بولۇپ، ئومۇمىي سانى 1 مىلييون 516 (100516)⑦ ، بۇ ستاتىستىكا ماتېرىيالى بىزنى ئەسەرنىڭ بېشىدا دېيىلگەن « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چارروسىيە ئىلىنى بېسىۋېلىپ بۇ يەردىن چارروسىيە زېمىنىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى كۆز قاراشنى ماتېرىيال مەنبەسى بىلەنلا تەمىنلەپ قالماستىن بەلكى يەنە نوپۇسنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسىنىمۇ كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1897-يىلىدىن 1917-يىلىغىچە بولغان ئارلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسى 714 مىڭ دىن سانى 1 مىلييون 516 (100516) گە كۆتۈرۈلگەن. 20 يىل ئىچىدە ئوتتۇز مىڭ (30000) ئادەم كۆپەيگەن. بۇ نوپۇس ئۆزگىرىشىنىڭ سانلىق قىممىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا نوپۇسنىڭ تەبىئىي ئېشىش ئامىلىدىن باشقا يەنە مىخانىك ئېشىش ئامىلىمۇ زور رول ئوينىغان.

1904-1905 يىلىدىكى روسىيە-ياپونىيە ئۇرۇشى ۋە 1914-يىلىدىكى 1- دۇنيا ئۇرۇشى روسىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان بايلىقلىرىنى زور دەرىجىدە ئىسراپ قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي نەچچە مىلييون ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، دۆلەتتە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىكتەك ۋەزىيەت شەكىللىنىپ

زاۋۇتلار ئارقا-ئارقىدىن ئىشتىن توختاپ ، تېرىقچىلىق كۆلىمى زور دەرىجىدە تارىيىپ كېتىشتەك ۋەزىيەتنى پەيدا قىلغان.

چارروسىيە مانا مۇشۇنداق تارىخى شارائىتتا ئىگىلىكنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تۆۋەن باھالىق ئەمگەك كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ كاپىتال توپلاش ئۈچۈن مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ چېگرا رايونىدا تۆۋەن باھالىق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا بىرىپ ياللانما ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزا-ئىگىلىك ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. ھەر يىلىنىڭ تېرىم ۋە يىغىم مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاپىرىلغان. بۇ خىل پەسىللىك ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى يەرلىك ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىدىن تۆۋەن بولغاچقا يەرلىكلەر تەرىپىدىن ناھايىتى ئاسانلا ياللىنىپ ئىشلەشكە ئېلىپ قىلىنغان[8]. بىر قىسىم كىشلەر ھاياتلىق ئۈچۈن چارروسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى چىقىرىپ پەسىللىك ئىشچىلار دولقۇنى بىلەن چىقىرىش ۋە قوبۇل قىلىشنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنى بار-بارا شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، پەسىللىك ئىشچىلار دولقۇنى كۆنسىرى زورايغان. 1913- 1911 يىللىرى ھەر يىلىدا 20000-25000 قەشقەرلىكلەر فەرغانىگە بىرىپ پەسىللىك ئىشچىلار ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان[9]. پەقەت 1914-يىلىلا بۇنداقلارنىڭ سانى 40 مىڭ (40000) غا يەتكەن[10]. بۇلار ئادەتتە 50-18 ياشلار ئىچىدىكى ئادەملەردۇر. 1917-يىلىدىكى روسىيە يېزا-ئىگىلىك سىستاستىكا ماتېرىياللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى كۆنسىرى ئاشقان.

ياۋروپا ئۇرۇشىدىن كېيىن، چارروسىيە تەۋەلىكىدىكى جوڭگولۇق سودىگەرلەردىن نەچچە يۈز مىڭلىغان ئادەم روسلارنىڭ ئىزىشى ۋە ھاقارەتلىشىگە ئۇچرىغان[11]. بۇ سودىگەرلەرنى قوغداش ئۈچۈن جوڭگولۇق ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايتتى. مىنگو ھۆكۈمىتى دۆلەت چېگرىسىنى تاقاپ شىنجاڭدىكى ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بىرىپ ياللىنىپ ئىشلىشىنى چەكلىشى بىلەن پەسىللىك ئىشچىلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەن. 1926-يىلىدىكى نوپۇس ستاستېكىسىدا پۈتۈن روسىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمي سانى 1 مىلىيون 880 مىڭ (108800)بولۇپ چىقىپ 1917-يىلىدىكى ئىشىش نىسبىتىدىن چوڭ بولمىغان.

بۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس ئۆزگىرىشى نوپۇسىنىڭ تەبىئىي ئىشىش ئامىلىنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن بۇ رايونلارغا قوشنا بولغان موھىت ئامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. پۈتۈن نوپۇسنىڭ ئومۇمي كۆرسەتكۈچى ئىجتىمائىي، سىياسى ئامىل

بىلەن ئەتراپتىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئادەم ئالماشتۇرۇشنىڭ قېتىم سانى ۋە دەرىجىسى بىلەن ماس ھالدا ئۆزگىرىش ياسىغان.

## 2. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش دەۋرى

1924-يىلى لېنىن ۋاپات بولدى. ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتنى سانائەتلەشتۇرۇش ۋە يېزا-ئىگىلىكنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەركىتىنى ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق مەقسەت سوۋېت ئىتتىپاقىنى يېزا-ئىگىلىك دۆلىتىدىن سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش ئىدى. بۇ 1937-يىلىدىكى « 2-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئاندىن ئورۇنىدالدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئالاھىدە سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش ئالدىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانى ئازلاپ كەتتى. 1939-يىلىدىكى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان نوپۇس ستاتىستىكىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 1926-يىلىدىكى نىسبەتتىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

1926-1939- يىللىرى قازاقىستاندىكى قازاق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس نىسبىتى كۆرسەتمىسى⑫

| يىللار | تۈمەن | | |
|---|---|---|---|
| 1926 | | | |
| قازاقلار | 3 مىليون 628 مىڭ | | |
| ئۇيغۇرلار | 62 مىڭ | | |
| ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى | | 1.0 | % |
| 1939 | | | |
| قازاقلار | 2 مىليون 314 مىڭ | | |
| ئۇيغۇرلار | 37 مىڭ | | |
| ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى | | % 0.6 | |

نورمال تەرەققىيات قانۇنىيتى بويىچە، نوپۇس كۆرسەتكۈچى يىلسىرى ئېشىش كېرەك. ئۇنداقتا 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا نوپۇستا نېمە ئۈچۈن كېمىيىش يۈز بېرىدۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە بۇنداق ناموۋاپىق ھادىسىلەر چۈشەندۈرۈلۈشتىن چەتتە قالدۇرۇلغان. ئەمما كەمىنە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ مەسىلە ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەرنى چىقاردىم.

1.خاتا مىللىي سىياسەت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشتىكى بىۋاستە سەۋەب.

ستالىن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاقتتا، لېنىننىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى يوليورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭمۇ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەن. ئەمما، 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن ئىنىق قىلىپ ئېيتقاندا، 1934-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە بولغان ئارلىقتا بىر مەيدان سىياسىي قارا بوران پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنى قاپلىغان. كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، بولۇپمۇ چېگرا ھالقىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قارىلىنىپ، مىللىي سىياسەتتە ئېغىر خاتالىقلار ئۆتكۈزۈلدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن⑬. 1937-1938 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپادىن قارىلانغان ئۈچ تۇركۇم جوڭگو مۇھاجىرلىرى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن⑭.

2. سىياسىي ئاتموسفىرانىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى نوپۇسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب.

20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا پۇقرالار كىملىك گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. بۇ ئارقىدىنلا ئەينى ۋاقىتتىكى مىللەت تەركىبىنى ستاتىستىكا قىلىش تۈزۈمىنىڭ بىر ۋاستىسىغا ئايلانغان. بۇ خىل تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا مىللەت تەركىبىنى تىزىملاش ناھايىتى مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆلچىمى ۋە بەھرىلىنىدىغان ھوقۇقىنىڭ ئاساسىغا ئايلانغان. ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ئاتموسفىرانىڭ تەسىرىدە، پۇقرالار كىملىك گۇۋاھنامىسىدە مىللەت تەركىبىنى بېكىتىشتە ساختىلىق قىلىپ تولدۇرۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. ھەر قايسى

جۇمھۇرىيەتلەردە ئوخشاش بىر مىللىي تەركىبنىڭ كۆپ خىللىشىشتەك ئويلىمىغان ھادىسىلەر ۋە مىللەتلەر سانى ئازىيىشتەك ئەھۋاللار مەيدانغا چىققان⑮. بىر قىسىم كىچىك، ئاجىز مىللەتلەر مەجبۇرىي ھالدا چوڭ مىللەتلەر تەركىبىگە قوشۇۋېتىلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردىكى مىللەت نامى بەلگىلەنگەن مىللەتلەر (مەسىلەن قازاقىستاندا قازاق، ئۆزبېكىستاندا ئۆزبېك دېگەندەك) تەركىبىگە ياكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قوشنا مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈش بىر خىل يۈزلىنىشكە ئايلانغان. ئىككىنچى، بۇ مىللەتلەرنىڭ سانى ۋە نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.بۇ 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ تەتۈر نىسبەتتىكى ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

3. ئىقتىسادىي سىياسەتتىكى قارىغۇلۇق (بىر تەرەپلىمىلىك) نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ مۇھىم سەۋەب.

20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 30-يىللارنىڭ دەسلىپىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا يەككە دېھقان ئىگىدارچىلىقىدىكى ئىگىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ھەم نەزەرىيىۋى ئاساس ھەم ئىقتىسادىي ئاساس بولمىغان شارائىتتا قارىغۇلارچە ئېغىر سانائەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش ، كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى مەجبۇرىي يولغا قويۇش، ئاھالىنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە شەھەرلەشتۈرۈشتەك ھەركەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.شۇنىڭ بىلەن ستالىن تۆھپە نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى⑯. دېھقانلاردىن باجغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل ئېشىنچا قىممەت بېجى ئېلىشقا باشلىدى. بۇ دېھقانلارنىڭ سانائەت، يېزا-ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى بىر خىل تەقسىملەش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىپ سانائەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن باج تاپشۇرۇش ئىدى. بۇ خىل نەزەرىيە دۆلەتنى تېز سۈرئەتتە سانائەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي يول كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت ۋەزىيىتى غەلىبىلىك تاماملاندى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزا-ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور بەدەللەرنى تۆلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا ئاچارچىلىق يۈز بەردى،ئوتتۇرا ئاسىيامۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئۇيغۇرلار نوپۇسى ئەڭ كۆپ ھېسابلانغان قازاقىستاننى ئالساق، مەركەز ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە سىياسىي قارارلارنىڭ خاتالىقى بىلەن قازاقىستاننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپلا قالماستىن شۇ يىلدىكى ئاچارچىلىقتا نۇرغۇنلىغان ئادەم ئۆلۈپ كەتتى ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن سىرتقا چىقىپ كېتىش

بىلەن نوپۇس سانى شىددەت بىلەن كېمەيدى. 1939-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىنى 1926-يىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازاقلارنىڭ سانى 1 مىليون 314 مىڭ (13140000) ى ئازىيىپ كەتكەن. ئاساسلىقى يېزا-ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلاردىن 28 مىڭ (280000)ئادەم ئازىيىپ كەتكەن⑰. مۇشۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن چەتنىگەن قارىغۇلارچە ھەركىتى نوپۇس تەرەققىياتىدىكى پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھازىرغىچە كىشىلەر بۇ قېتىمقى ئادەم ئاملى كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەنىڭ يارىلىرىنى ھېس قىلىپ يىتەلەيدۇ.بۇ قازاقىستان نوپۇس تەرەققىياتىدىكى ئاسالىق ھەركەتلەندۈرگۈچ ماشىنىنى توختىتىپ قويۇپلا قالماستىن، كېيىنكى مەزگىللەردە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى چارۋىچىلىق ۋە يېزا-ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازاق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتىگىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن.

## 3. ئۇرۇشتىن كېيىنكى 50-يىللار

2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كەلگەن. ئۇرۇش سەۋەبىدىن بىلەن كۆپ مىقداردىكى نوپۇسنىڭ زىيانغا ئۇچراش ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نوپۇسنىڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈپ قېلىشتەك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى پۇقرالارنى تۇغۇتقا ئىلھاملاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى.

20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن 80-يىللىرىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەردە نوپۇستا پارتلاش خاراكتېرلىك كۆپىيىش يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن بىر دەۋرى بولدى.

1959، 1970، 1979، 1989 ـ يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسى ۋە ئېشىش نىسبىتى جەدۋىلى ⑱:

| | |
|---|---|
| 1959 | 95 مىڭ |
| 1970 | 173 مىڭ |
| 1979 | 211 مىڭ |

1989 300 مىڭ

1970-يىلى 1959-يىلىغا قارىغاندا ئاشقان نىسبىتى 82.1%
1979-يىلى 1970-يىلىغا قارىغاندا ئاشقان نىسبىتى 22.0%
1989-يىلى 1979-يىلىغا قارىغاندا ئاشقان نىسبىتى 42.2%

1959-1989 يىللىرىدىكى قازاقىستان ئومۇمىي نوپۇسى ۋە ئۇيغۇرلار نوپۇس ئەھۋالى جەدۋىلى⑲ ؛

ئېشىش نىسبىتى

1989

1979

1970

1959

تۈر

سانى

1989-1979

1979-1970

1970-1959

نىسبەت

نوپۇس

نىسبەت

نوپۇس

نىسبەت

نوپۇس

نىسبەت

نوپۇس

% 12.6

12.9%

40.0%

16 مىليۇن 538 مىڭ

14 مىليۇن 684 مىڭ

13 مىليۇن 900

9 مىليۇن 295 مىڭ

ئومۇمىي نوپۇس

25.3 %

%22.3

%101.6

%1.12

185 مىڭ

1.0%

148 مىڭ

0.9%

121 مىڭ

6.0%

60 مىڭ

ئۇيغۇرلار

بۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىدىكى سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە :

10نەچچە يىللىق ئېچىش قورۇلۇشى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئۆچقاندەك تەرەققى قىلىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاممۇۋى پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئاساس سالدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە كومپارتىيىسى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مىللەتلەر باراۋەرلىك سىياسىتىدە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، ئۆزۈن مۇددەتلىك رايون تەرەققىيات ئىستىراتىگىيىسى ئاساسىدا دۆلەتنىڭ

ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن سوۋېتتىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تەڭ نىسبەتلەشتۈرۈپ ، ئەسلىدىكى ئىقتىسادى تەرەققى قىلمىغان بىر قىسىم مىللىي چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا قىسىم تەرەققى قىلغان رايونلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن روسلار ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان بىر قىسىم تەڭسىزلىكلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئاساسىي فاكچىنى تۈزۈپ چىقىلدى⑳. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققى قىلىپ، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرلەپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا ھەر قايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق-ئىناق ئۆتۈپ خاتىرجەم تۇرمۇش كۆچۈردى. ئەنئەنىۋي ئائىلىلەرنىڭ مۇقۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، نوپۇسنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالي ياخشىلىنىپ، ئوتتۇرىچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتى ئۇزىراپ، ئۇيغۇرلانىڭ نوپۇسمۇ ماس قەدەملىك ئۆرلەشكە باشلىغان.

2 . سوۋېت ئىتتىپاقى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا تەخمىنەن 20 مىلىيۇن نوپۇسىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇرۇشتىن كېيىن نوپۇسنىڭ تەبئىي كۆپىيىش نىسبىتى بىلەن نوپۇس كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ مۇتلەق سانى يىلسىرى تۆۋەنلىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىدا، تەڭداشسىز قەھرىمانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋەتەننى قوغداپ، فاشىستلارنى يوقىتىش يولىدا زور بەدەللەرنى تۆلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەل نوپۇسى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالغان. ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى دۆلەتتە يەر كۆپ، ئادەم ئاز بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۆپ مىقداردىكى ئىقتىسادى قۇرۇلۇش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مول بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەمگەك كۈچلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان. شۇڭا نوپۇسنىڭ تېز سۈرەتتە ئېشىشى بىر خىل تەقەززالىققا ئايلانغان. ئەسلىدىنلا يۇرگۈزۈلۋاتقان تۇغۇتقا ئىلھاملاندۇرۇش سىياسىتى تېخىمۇ ئىلگىرلەپ ياخشىلىنىشقا باشلىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى «قەھرىمان ئانا» مۇكاپاتى سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىنلا يۇقىرى تۇغۇش نىسبىتى بولۇشتەك ئەنئەنىسى، تەبئىي كۆپىيىش نىسبىتى تۇغۇلۇش نىسبىتى بىلەن ماددىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشى ئارقىلىق بارلىققا تۆۋەن ئۆلۈش نىسبىتى بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتتىن يۇقىرى بولۇشى ئوتتۇا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ تېز سۈرەتتە ئېشىشىنى ئالاھىدە شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن.

3 . 1970-يىلىدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ستاتىستىكا ماتېرىيالى 60-70-يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېششتەك ھالەتنى كۆرسەتتى. بۇنىڭدا نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش ئامىلىدىن باشقا، نوپۇسنىڭ مىخانىك كۆپىيىش ئامىلمۇ بار. 60-يىللارنىڭ بېشىدا، سوۋېت دائىرىلىرى يىقىن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىدا ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، چېگرىدا ئەسكەر سانىنى كۆپەيتتى ۋە چېگرا توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1962-يىلى 4-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جوڭگودا تۇرۇشلۇق كونسۇلى تۇيدۇرماستىن ئېلىمىزنىڭ قورغاس، تارباغاتاي ۋە بورۇلتوقاي رايونلىرىدىكى 60 مىڭ (60000)ئاممىنى(21) سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆچۈردى. بۇلار ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار ئىدى.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، نوپۇسنىڭ تارىخى ھالىتى ۋە ئۆزگىرىشىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغىنى جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەلگىلىك تارىخى دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە سىياسەت ئىجرا قىلغۇچىلار يۈرگۈزۈۋاتقان نوپۇس سىياسىتى قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كۆچۈشى بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىككى تەرەپتۇر. نوپۇسنىڭ يۆتكىلىش ھەركىتى - نوپۇسنىڭ مىخانىك ھەركىتى دېيىلىدۇ. نوپۇسنىڭ بوشلۇق ھالىتىدىكى كۆچۈشىنى بىر تارىخى ھادىسە دەپ قارىغاندا، بۇ تەبىئىي ۋە ئىقتىسادى شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە رايون سىياسىيسى ۋە ئىقتىسادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇرۇشتىن كېيىن 50-يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا نوپۇسنىڭ ئىزچىل يۇقىرى بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى بۇ خىل ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىدا ئىدى.

4. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن نوپۇس مەسىلىسى جەمئىيەت ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى موھىم بىر تەركىبى قىسىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت تەرەققىياتىنىڭ چەكلىمىسى ۋە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن مۇرەككەپ ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. 1991-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلىشقا باشلىدى. قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مىللەتلەر

www.kitaphumar.com

مۇناسىۋەتتە تۈپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، كونا-يېڭى تارىخى دەۋرلەرنىڭ يەڭگۈشلىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ نوپۇس ئەھۋالىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. شۇڭلاشقا بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى نوپۇسى مەسىلىسىنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىش كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى گەرچە سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇندىن بېرى سوۋېت چوڭ ئائىلىسىنىڭ «ئىقتىسادىي ئىش تەقسىماتى» ۋەزىيىتى (تۈزۈلمىسى) بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراش سەۋەبى بىلەن كېلىپ چىققان يەككە ئىقتىسادىي قۇرۇلما، ئاجىز بولغان ئاساسىي ئەسلىھەلەر، ناچار سودا شارائىتى، مەبلەغ يېتىشمەسلىكتەك بىر قاتار ئېغىر مەسىلىلەر بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىغا زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئەڭ كۆپ بولغان قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكى پۈتۈنلەي كىرىزىس ۋە چېكىنىش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، مالىيە مەنبەسى قۇرۇقدىلىپ، سانائەت، يېزا-ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى پالەچ ھالغا چۈشۈپ تاۋارلار كەمچىل بولۇش، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەش ۋە دۆلەت كىرىمى مىسلىسىز ئازىيىشتەك پاجىئەلەر يۈز بېرىپ خەلق يېڭىپ بولغىلى بولمىغۇدەك پۇل پاخاللىقى مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى بىردەك بولمىغانلىقتىن، باي-نامراتلىق پەرقى چوڭ بولۇش، خىزمەت تېپىش، ئۆي ئېلىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، موھىت قوغداش، نوپۇسنىڭ سىرتقا ئېقىشىدەك ئەھۋاللار كۆنسىرى ئېغىرلاشقان. ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت سىياسىيسى ئوتتۇرىسىدىكى يامان خارەكتېرلىك ئايلىنىش نوپۇس تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغان.

قازاقىستان نوپۇسىنىڭ ھەر يىلىنىڭ بېشىدىكى ستاتىستىكىسى(22)؛

| يىل | ئومۇمىي نوپۇس سانى | شەھەر ئاھالىسى | يېزا ئاھالىسى |
|---|---|---|---|
| 1994 | 164 مىڭ | 91 مىڭ | 73 مىڭ |
| 1995 | 161 مىڭ | 89 مىڭ | 72 مىڭ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1996 | 160 مىلك | 88 مىلك | 72 مىلك |
| 1997 | 159 مىلك | 88 مىلك | 71 مىلك |
| 1998 | 157 مىلك | 87 مىلك | 70 مىلك |

يۇقىرقى جەدۋەلدە قازاقىستان نوپۇسىنىڭ يىلسىرى كېمىيىش ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە، كۆپلىگەن سلاۋيانلار سىرتقا ئېقىپ چىقىپ كېتىشتىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەب بار.

(1) باي-نامراتلىق پەرقى چوڭ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ناھايىتى ئېغىر بولۇش.

1989-يىلى نامراتلىق سىزىقىنىڭ تۆۋىنىدە ياشاۋاتقان ئاھالىلەر % 39 نى ئىگىلىگەن. 1992-يىلى % 45 كە يەتكەن. 1998-يىلى بولسا % 65-60 لەرگە(23) يەتكەن. قازاقىستاندىكى بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ كىرىم پەرقى 20 ھەسسە بولۇپ كەتكەن(24).

2. ئىشسىزلار نوپۇسى كۆلىمى كۆپەيگەن.

قازاقىستان مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مالىيە جەھەتتىكى ياردىمىگە تايىناتتى. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مالىيە كىرىمى پەقەتلا باجغا تايانغانلىقتىن، ئۇدا بىر قانچە يىل مالىيە قىزىل رەقەمى يۈز بەردى. كۆپ قىسىم كارخانىلار مەبلىغى كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن خام ئەشيا سېتىۋېلىش ۋە ئۆنى يۇقىرى ئېنېرگىيە سۆپىتىدە ساتالماسلىقىدىن يېرىم توختاپ قېلىش ياكى پۈتۈنلەي توختاپ قېلىش گىرداۋىغا باردى. ھەتتا تاقىلىپ قېلىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېرىم ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان كارخانىلار 800 گە يېتىپ قازاقىستان كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى. زىيان تارتقان كارخانىلار 1700 گە يەتكەن. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى زىيان تارتتى. مۇناسىۋەتلىك ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا قازاقىستاندىكى ئىشسىزلارنىڭ نوپۇسى يۈز نەچچە مىليونغا يەتكەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىر مەسىلىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئوخشاشلا يۈز بەرگەن.

ئەمەلىيەتتىكى ئىشسىزلار سانى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتتىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپى ئاشكارىلانمىغان ئىشسىزلار ۋە ئۆزۈن مۇددەت سەرگەن-سەرگەردانلىقتا ياشىغۇچىلاردۇر.

2. ئىجتىمائىي ئىستىمال سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ، تۇرالغۇ جاي كىرزىسى كېلىپ چىققان.

قازاقىستان يېقىنقى يىللاردا مالىيە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى ئازلاپ كەتكەن. پۈتۈن مەملىكەتتە تۇرالغۇ جاي مەسىلىسىنى ياخشىلاش لازىم بولغان ئاھالە 570 مىڭ (57000) ئائىلە بولۇپ، بۇ تەخمىنەن 160 مىڭ (16000) نوپۇس دېگەنلىكتۇر. پەقەت بۇنىڭ ئىچىدە ئالمۇتادىلا 55 مىڭ ئائىلە بار. بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆي-ماكانسىز قالغان. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئىككى يۈز مىڭ يۈرۈش ئۆي كەمچىل بولغان. ئەگەر 1991-يىلدىكى يېڭىدىن سېلىنغان 845 مىڭ يۈرۈش ئۆينى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئومۇمىي نوپۇس كۆپەيمەيدۇ دەپ قارىغاندىمۇ بۇ مەسىلىنى 23 يىلدا ھەل قىلىپ بولغىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ زىيان تارتىلىش نىسبىتى (دەرىجىسى) % 30 گە يەتكەن. ئولتۇراق ئۆي كەمچىل بولۇش تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. 1993-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى ھۆكۈمەت « يېڭى ئولتۇراق ئۆي سىياسىتى» نى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىشنى، شەخسلەر ئۆيلەرنىڭ ھەممە بارلىق ئەسلىھەلەرنىڭ رېمونت قىلىنىشىنى بىردەك ئۈستىگە ئېلىپ مەسئۇل بولۇش بەلگىلەندى. ئەمما شەھەردىكى تۆۋەن مائاشلىق ئاھالىلەر بۇنداق چىقىمنى كۆتۈرەلمەيتتى.

ھەممەيلەنگە ئايانكى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش ـ ئازىيىشى ھەر خىل ئامىللارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادى ئامىلنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭدۇر. چۈنكى ئۇ ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسىي شارائىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئىقتىسادى كاساتچىلىق، ئىجتىمائىي داۋالغۇش نوپۇس تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلماي بولمايدۇ. كۆپ قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئىقتىسادى شارائىت ناچارلىشىشتىن كېلىپ چىققان داۋالغۇنىش مەسىلىسى ياخشى بولماسلىق، مۇھىت بۇلغۇنىشى ئېغىر بولۇش، ئاھالىنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالى كۈنسېرى ئېغىرلىشىشتەك (تۆۋەنلەشتەك) رىئاللىقتىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، تۇرمۇش زورلىغان كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇت ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشكە باشلىدى . ئۇلار بۇ جەھەتتە باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش « ئىنچىكە ھېسابات، چوڭقۇر ئويلىنىش» لار ئارقىلىق تۇغۇتنى

چەكلىمىسە بولمايتتى.

بىرگە مەلۇمكى، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىنى تۇغۇلۇش نىسبىتى بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتى بەلگىلەيدۇ. مۇستەقىل بولۇشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن، ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولۇش، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى ئاستا بولۇشتەك ھادىسىلەر كېلىپ چىققان. مەسىلەن، مۇستەقىل بولۇپ سەككىز يىلدىن كېيىن قازاقىستاندا تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن. 1994-يىلى پۈتۈن قازاقىستان بويىچە يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقلار 306 مىڭ 500 (306500)بولۇپ، 1992-يىلدىكىدىن 98 مىڭ (98000) ى ئازلاپ كەتكەن. 1989-يىلدىكىدىن 758 مىڭ (758000) ى ئازلاپ كەتكەن. ئۆلۈش نىسبىتى كۆنسىرى ئۆرلىگەن. 1994-يىلىنى مىسال قىلساق، پۈتۈن مەملىكەتتە ئۆلۈپ كەتكەنلەر 160 مىڭ (160000) بولۇپ، پارچىلىنىشتىن بۇرۇنقى 1989-يىلدىكىدىن 34 مىڭ 200(34200) ئادەم، 1993-يىلىدىكى ساندىن 4300 ى ئېشىپ كەتكەن. يۇقىرى ئۆلۈش نىسبىتىدەك بۇ خىل ھادىسىدە ئەمگەك كۈچىگە يارايدىغان ئەرلەر كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسمى قان تومۇر يېرىلىش كېسەللىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. قالغانلىرى ھەر خىل ھادىسە، زەھەرلىنىش ۋە ھاراق ئىچىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. تەربىيلىنىش يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىمۇ ئېشىپ كەتكەن. تۇغۇت ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن بەش ئاياللىڭ بەشىنىڭ بىرى بالىنى ئالدۇرۇۋېتىش سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. 1995-يىلىدىكى بالىنى بالدۇر ئالدۇرۇۋېتىشكە تېزىملاتقانلار 22 مىڭ 400 (22400)بولۇپ، ئاساسلىقى مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئېغىرلىقى، قان ئازلىق، بۆرەك كېسىلى، يامان خاراكتېرلىك ئۆسمە ۋە يۈرەك-قان تومۇر كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇغۇلۇش ، ئۆلۈش ۋە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىش جەدۋىكى(26)

| يىل | تۇغۇلۇش نىسبىتى | ئۆلۈش نىسبىتى | تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى |
|---|---|---|---|
| 1989 | 230 مىڭ | 7.6% | 15.4% |
| 1990 | 217 مىڭ | 7.7% | 14.0% |
| 1991 | 210 مىڭ | 8.0% | 13.0% |
| 1992 | 199 مىڭ | 8.1% | 11.8% |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1993 | 188 مىڭ | 9.2% | 9.4% |
| 1994 | 182 مىڭ | 9.5% | 8.7% |

روشەنكى، نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تۆۋەنلىگەن ئۆرگىرىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەمما، بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي سىياسى تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە يىقىن مۇناسىۋەت بار. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ، ئۇلار ئېغىر ئىقتىسادى كىرىزىسنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدى. يىقىنقى يىللاردا سەل-پەل ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنچىلىك بولماي يەنىلا تۆۋەن سەۋىيەدىن ھالقىپ چىقالمىدى. 1998-يىلىنى مىسال ئالساق، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ياشاۋاتقان قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادى كۆرسەتكۈچى تۆۋەنلىگەن. شۇ يىلى 1-ئايدىن 9-ئايغىچە ئۆزبېكىستاننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكى % 5.2 دىن % 4.4 گە تۆۋەنلىگەن. قازاقىستاننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى بىر يىلدىكى تۆۋەن نىسبەتلىك ئۆسۈشتىن تەتۈر نىسبەتلىك چۈشۈشكە قاراپ % 1.2 تۆۋەنلەپ كەتكەن. قىرغىزىستاننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى بىر يىلدىكى % 10 دىن % 1.4 گە چۈشۈپ قالغان(28). بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭ ماكرولۇق ئىقتىسادىنىڭ تەكشۈرۈلۈشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تەسكە چۈشكەن. ئىقتىسادى ئايلىنىشتا تۈپكى ياخشىلىنىش بولمىغان شارائىتتا، تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن ، ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدەك ئەھۋاللار ئېغىر ساقلىنىۋەرگەن. قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگىمۇ يەتمىگەن.

1999-يىلىدىكى قازاقىستان نوپۇس تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسى 210 مىڭ 439 بولۇپ، 10 يىل ئاۋۋالقىدىكىدىن % 13.57 كۆپەيگەن. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىكى 70 يىلغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ خىل ئېشىش نىسبىتى تۆۋەن ھالەتتە تۇرغان. قازاقىستان مۇستەقىل بولۇپ 10 يىلدىن كېيىن يۇقىرىدا دېيىلگەن ھەر خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، دۆلەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئون يىل ئاۋۋالقى (1989-1999)ئېشىش نىسبىتى ئالدىنقى بىر ئون

يىلدىكىدىن (1979ـ1989) يىلدىكىدىن % 50 گە يېقىن تۆۋەنلەپ كەتكەن .

1989ـ1989ـيىللاردىكى قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس سېلىشتۇرمىسى

| يىللار | ئۇيغۇرلار |
| --- | --- |
| 1989 | 185 مىڭ 300 |
| 1999 | 210 مىڭ 439 |

1999ـيىلى 1989ـيىلىغا قارىغاندا ئاشقان نىسبىتى 13.7%

1959ـ1999 ـيىللىرىغىچە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ھەر ئون يىللىق ئېشىش جەدۋىلى؛

| يىللار | ئۆسۈش نىسبىتى |
| --- | --- |
| 1959～1970 | 101.6% |
| 1970～1979 | 22.3% |
| 1979～1989 | 25.3% |
| 1989～1999 | 13.7% |

بۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇس ئۆزگىرىشىنى كۆزەتكەندە، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس تەرەققىياتى ياكى سلاۋيانلارغا ئوخشاش كۆپ قىسىم نوپۇس سېرتقا ئېقىپ كوللېكتىپ نوپۇسىنىڭ روشەن تۆۋەنلىشىدەك ئەھۋالى كېلىپ چىقمىغان ياكى يەرلىك قازاقلارغا ئوخشاش « يۇرتىغا قايتىش» دېگەندەك كۆپ خىل ئامىللار ئاساسىي مىللەتلىك نوپۇس كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇۋەتكەندەك ئەھۋاللار يۈز بەرمىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشنىڭ ئالدى-كەينىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىدا روشەن ئۆزگىرىش بولمىغان. شۇڭا قازاقىستان نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىش چوڭ يۈزلىنىشى نوپۇسىنىڭ تەبىئىي ۋە مىخانىك ئازىيىش ئاساسىي چەكلىمىسى نوپۇس كۆپىيىش جەريانىغا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان. قازاقىستان نوپۇسىنىڭ تۆۋەنلەش ئىزچىللىقى قازاقىستاننىڭ

بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش مەزگىلىدە ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ قىيىن مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بۇ خىل ئەھۋالغا ئېغىر زەربە بەرگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، روسلار كۆچۈپ كېتىپ، قازاقلار كۆچۈپ كىرىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇيغۇرلار بۇنداق ئامىللارغا تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش- ئازىيىشىنى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلەيتتى. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك،« ئەمەلىيەتتە ھەر بىر خىل ئالاھىدە تارىخى ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە تارىخى رول ئوينايدىغان نوپۇس قانۇنىيىت بولىدۇ» دېگەندەك بىر جەريان ئىدى(29).

يۈز نەچچە يىلدىن بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى مۇرەككەپ، ئەگرى-توقايلىقنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىش ۋە ئازىيىشتەك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كۆچۈردى. ھەر خىل تارىخى ۋەقەلەر ۋە ئەتراپتا يۈز بەرگەن ئامىللار بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ۋە شۇ دۆلەتتە ئىگىلىگەن نوپۇس نىسبىتىگە روشەن ھالدا تەسىر كۆرسەتكەن. نوپۇس كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆزگىرىشى يۈز يىلدىن بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە رايون مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ماس قەدەملىك ئۆزگىرىشلەرگە جۆر بولۇپ كەلدى.

نوپۇسشۇناسلىق ئىلمىدا بىر رايون نوپۇسىنىڭ بىر قېتىملىق كۆتۈرۈلۈش-پەسىيىشى بىر دولقۇن دەپ قارىلىدۇ. بىر مىللەت نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدىكى كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈش ياكى چۈشۈپ كۆتۈرۈلۈشتەك بىر خىل جەريانمۇ بىر خىل ئېچىنىشلىق رېئاللىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، ھەر بىر قېتىملىق كۆتۈرۈلۈشتىكى يۇقىرى پەللە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ مۇقىم ئېشىپ ، ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ نىسبىي ھالدا تۆۋەنلىشىدەك بىر قاتار ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە نوپۇسنىڭ مىخانىك ھەرىكىتى بولۇپمۇ ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن نوپۇس كۆچۈرۈلۈشمۇ (نوپۇسنىڭ ئېقىپ كىرىشمۇ) ناھايىتى ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىدە، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش-ئازىيىشى ئۇلار كۆچۈپ كەلگەن ياكى كۆچۈپ كەتكەن دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي، تەبىئىي شارائىتى قاتارلىق ئامىللار ئۇنىۋېرسال ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار كۆچۈپ كىرگەن ياكى كەتكەن دۆلەت بولسۇن ھەر بىر دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي

تەرەققىياتى ۋە تاشقى سىياسىتى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىغا چوڭقۇر ئىزنالارنى قالدۇرغان. تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ماتېرىياللار بىزگە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر ئەسىرلىك نوپۇس ئۆزگىرىشىنى ئىلمىي ھالدا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئاساسلارنى تەمىن ئەتتى.

## ئىزاھاتلار :

① تاجىرباييۋ : «مىللەتلەرنىڭ شەھەرلىشىشى مەسىلىسى»، «تەپەككۇر» ژورنىلى (روسچە)، 1996-يىللىق 5-سان، 22-بەت. قازاقىستاندا نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئالدىنقى ئون مىللەت تەرتىپ بويىچە قازاق، روس،گېرمان، ئۆزبېك، تاتار، ئۇيغۇر، بېلروس، چاۋشيەن ۋە ئەزەربەيجانلىلاردىن ئىبارەت.

② 1959-1989يىللىرىدىكى پۈتۈن سوۋېت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان نوپۇس ستاتىستىكىسى ماتېرىيالى.

③ لوجىرسون : «ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسى»، «دۇنيا ئىقتىسادى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت» ژورنىلى(روسچە)، 1994-يىللىق 8،9-قوشما سانى، 103-بەت.

④ م. روسىباجىق، خ. روسىباجىق : «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى»، قازاقىستان نەشرىياتى، 1987-يىلى نەشرى.

⑤ سوۋېت دۆلەتلىك مەركىزىي تارىخ ماتېرىياللىرى ئارخىپخانىسى ، 1284-چوڭ بۆلۈم، ئومۇمىي223- مۇندەرىجە، ، 165-جىلد، 68-بەت. قازاقىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك مەركىزىي ئارخىپخانا، 64-چوڭ بۆلۈم، ئومۇمىي1- مۇندەرىجە، 395-جىلد، 17-بەت.

⑥ بېكماخونوۋ : «كاپىتالىزم دەۋرىدىكى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى مىللەتلەر» (روسچە)، موسكۋا، 1986-يىلى نەشرى، 185-بەت.

⑦ رالوبىن : «تۈركىستاندىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ستاتىستىكا ماتېرىيالى»، «روسىيە ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ۋە مىللەتلەر تەتقىقات ھەيئىتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، 1925-يىلى روسچە نەشرى، 18-19-بەتلەر.

⑧ نىكىرىسكايا : «19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭدىن تۈركىستانغا كۆچۈپ بارغان كۆچمەنلەر»(روسچە)، تاشكەنت، 1962-يىلى نەشرى، 40-بەت.

⑨ «روسسىيەنىڭ قارارى»(روسچە)،1912 ـ يىلى، بىلوف : «شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىكى شىنجاڭدا روسىيە-جۇڭگو مۇناسىۋەت تارىخى»، «يىراق شەرق مەسىلىلىرى» (روسچە)، 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان، 85 ـ بەت.

⑩ كارپوف : «پەسىللىك ئۇيغۇر ئىشچىلار» (روسچە)، تاشكەنت، 1929 ـ يىلى، 9،10 ـ سان، 52 ـ بەت.

⑪ ياك زىڭشىن : «ئىستىغپار ھۆجرىسىدىكى پاراڭلار»، 4 ـ بۆلۈم، 10 ـ بەت.

⑫ «قازاقىستان تارىخى»(روسچە)، ئالمۇتا، 1993 ـ يىلى نەشرى.

⑬ «شەرق ھەقىقىتى گېزىتى»(روسچە)، 1898 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانى.

⑭ «نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان «جۇڭگو ئىككىنجى تارى ماتېرىياللار ئارخىپخانىسىدىكى شىنجاڭغا ئائىت ئىچكى ماتېرىياللار» ناملىق ماتېريال.

⑮ ئۇياجىچ، راسراۋوسكىي : «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيەلەرنىڭ پارچىلىنىش سەۋەبلىرى»، «مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» (روسچە)،موسكۋا، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان، 24 ـ بەت.

⑯ 1928 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ستالىن بولشېۋىكلار پارتىيەسى ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە.

⑰ «قازاقىستان تارىخى»(روسچە)، ئالمۇتا، 1993 ـ يىلى نەشرى، 402 ـ بەت.

⑱ 1959،1970،1979 ۋە 1989 ـ يىللىرى ـ يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى نوپۇسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ستاتىستىكا ماتېرىيالى.

⑲«قازاقىستان تارىخى»(روسچە)، ئالمۇتا، 1993 ـ يىلى نەشرى.

⑳ جاك باۋگو : «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننى ئىچىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 75 ـ بەت.

(21) «جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتى قامۇسى»، دالىيەن خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 102 ـ بەت.

(22) «1997 ـ يىللىق قازاقىستان ستاتىستىكىسى»، قازاقىستان ستاتىستىكا نەشرىياتى، ئالمۇتا، 1998 ـ يىلى نەشرى.

(23) بورسكوف : «ئولتۇراقلىشىش بازار : قىيىنچىلىقلارنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى»، «تەپەككۇر» (روسچە)، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان، 51-55 ـ بەتلەر.

(24) پوزكوف : «كېيىنكى سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئۇنىڭ

چەكتىن ئاشقان ئىقتىدارى»، «تەپەككۇر» (روسچە)، 1996-يىللىق 4-سان، 6-2-بەتلەر.
(25) «1997-يىللىق قازاقىستان ستاتىستىكىسى»، قازاقىستان ستاتىستىكا نەشرىياتى، ئالمۇتا، 1998-يىلى نەشرى.
(26) كىلىموف : «ئاھالىلەر نوپۇسى»، «تەپەككۇر» (روسچە)، 1997-يىللىق 2-سان.
(27) «1997-يىللىق قازاقىستان ستاتىستىكىسى»، قازاقىستان ستاتىستىكا نەشرىياتى، ئالمۇتا، 1998-يىلى نەشرى.
(28) چېن مىڭشەن : «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى»، «زامانىمىزدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت » ژورنىلىنىڭ 1999-يىللىق 1-2 قوشما سانلىرى، 55-بەت.
(29) ماركس : «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 692-بەت.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لىچىنىڭ (李琪) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىلى 12-ئايدا نەشر قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى» ناملىق كىتابىدىن(3-بابى) تەرجىمە قىلىندى.

مەنبە: شىنجاڭ يازغۇچىلار مۇنبىرى ، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى

# قەدىمقى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى "شيوڭنۇ" قاتارلىق ئىسىملارنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىكى تەرجىمىسى

**ياسىن ھوشۇر**

**قىسقىچە مەزمۇنى**: بۇ ماقالىدە خەنزۇ تىلىدىكى "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى" ۋە ئۇنىڭ 10-ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى تەرجىمىسىگە ئاساسەن، خەنزۇچە ئەسلى تېكىست ۋە ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى سېلىشتۇرۇلۇپ،ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى "شيوڭنۇ"قاتارلىق قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ ئىسمى ۋە جۇغراپىيىلىك ناملارغا بولغان چۈشىنىشى دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

تارىختا شيوڭنۇلار خەنزۇچە ماتېرىياللاردا ئوخشىمىغان ناملاردا تىلغا ئېلىنغان. جوۋ دەۋرىدە ئۇلار "خۇنيى،شۈنيۈ، شيەنيۈن"، چۇنچيۇ دەۋرىدە "روڭ، دى"، جەنگو، چىن، خەن دەۋرلىرىدىن بۇيان "خۇ" ياكى "شيوڭنۇ"، چىن، خەن دەۋرلىرىدىن بۇيان ئادەتتە "شيوڭنۇ" دەپ ئاتالغان. ۋاڭ گوۋېي "شاڭ، جوۋ دەۋرلىرىدىكى گۈيفاڭ، خۇنيى، شۈنيى، شيەنيۈنلەر، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى روڭ، دىلار ۋە جەنگو دەۋرىدىكى خۇلارنىڭ ھەممىسى شيوڭنۇلار بىلەن بىر ئۇرۇقتىن، ئەمىلىيەتتە بىر مىللەتتۇر"دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە " 'گۈيفاڭ' دىكى 'فاڭ' ۋە 'خۇنيى' دىكى 'يى' نى خەنزۇلار ئۆزلىرى قېتىۋالغان" دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى باشقا قەدىمي مىللەتلەر "شيوڭنۇ"لارنى قانداق ئاتىغان؟ بۇ جەھەتتە، قەدىمي ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەر بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ماقالىدە خەنزۇچە "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى" ۋە ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى "بۇدساتۋا سامتسو ئاچارىنىڭ يورىغىن ئۇقتماق سى ئىېن چىن تىگمە نوم بىتىگ" ناملىق تەرجىمىسىگە ئاساسەن،خەنزۇچە ئەسلى تېكىستى بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى سېلىشتۇرۇلۇپ، بۇ كىتاپنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە

قىلغۇچىسىنىڭ "شيوگنۇ" قاتارلىق قەدىمقى مىللەتلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ناملارنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بىشارەت بەرگەن ئېتنىك مەنبە مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشىنىشى دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل قىلىنىدۇ.

### 1. خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى شىمالدىكى مىللەتلەرگە ئائىت خاتىرىلەر

تاڭ سۇلالىسىدىكى شۈەنزاڭ ئېلىمىزدىكى داڭلىق سەيياھ، تەرجىمان ۋە بۇددا كالانى. خەنزۇچە يېزىلغان "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى" شۈەنزاڭنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى شۇنداقلا ئەڭ تەپسىلى خاتىرىدۇر. بۇ كىتاپنىڭ ئالدىنقى 5 جىلدى شۈەنزاڭنىڭ شاگىرتى خۇيلى شۈەنزاڭنىڭ نوم ئېلىپ كېلىش سەپىرىگە ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، ئورىگىنال پۈتكەندىن كېيىن مەخپى ساقلىنىپ باشقىلارغا كۆرسىتىلمىگەن. خۇيلى ئۆلۈش ئالدىدا ئاندىن مۇخلىسلىرىغا بۇ كىتاپنى ئەلگە ئاشكارىلاشنى بۇيرۇغان. ۋۇزېتيەن چۈيگوڭنىڭ 4-يىلى (مىلادى 688-يىلى) شۈەنزاڭنىڭ يەنە بىر شاگىرتى يەنزوڭ بۇ 5 جىلدنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆزى يەنە 5 جىلد تولۇپ (يەنى بۇ كىتاپنىڭ ئارقىسىدىكى 5 جىلد)، جەمى 10 جىلد قىلىپ "شامېن خۇيلى نۇسخىسى، يەنزوڭ يەشمىسى" دەپ نام بېرىدۇ. كىتاپتا شۈەنزاڭنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى تەپسىلى خاتىرىلەنگەن، بولۇپمۇ شۈەنزاڭنىڭ تاڭجېنگۈەننىڭ 3-يىلىدىن 19-يىلىغىچە (مىلادى 629-يىلىدىن 645-يىلىغىچە) ھىندىستانغا بېرىپ نوم ئېلىپ كېلىش سەرگۈزەشتىسى، غەربىي رايون ۋە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرى ۋە دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتاپ ۋە شۈەنزاڭنىڭ يەنە بىر ئەسىرى "بۈيۈك تاڭ غەربىي رايون تەزكىرىسى" بىزنىڭ بۈگۈن غەربىي رايون ۋە ھىندىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشىمىز جەھەتتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ.

19-ئەسىردىن بۇيان "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى" ئىنگلىزچە، ياپونچە قاتارلىق كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرى تەرىپىدىن كەڭ تەتقىق قىلىندى. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى"نىڭ تېپىلىشى مىلادى 10-ئەسىردە بۇ ئەسەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى بىر ئۇيغۇر ئالىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تاڭ تەيزوڭ جېنگۈەننىڭ 18-يىلى (مىلادى 644-يىلى) شۈەنزاڭ ئۇدۇنغا قايتىپ

كېلىپ، تـاڭ تەيزوڭغا مەكتۇپ يـوللاپ، ئۆزىنىـڭ ۋەتەنـگە قـايتىش ئەھـۋالىنى دوكـلاد قىلدى. جېنگۇەنىنىڭ 9-يىلى (مىلادى 645-يىلى) نىڭ بېشىدا شۈەنزاڭ چاڭئەنگە يېتىپ بېرىپ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىنىدۇ. 2-ئايدا شۈەنزاڭ تـاڭ تەيـزوڭ بـىلەن دىـدار مۇلاقـات بولىدۇ. تاڭ تەيزوڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا شۈەنزاڭ سـۇدەك جـاۋاپ بېرىـپ، شاھقا نۇرغـۇن تەدبىـر پىكىرلەرنـى بېرىـدۇ. شـىمال بـىلەن غەربىـي رايـون ئارىلىغـىدىكى تـۈركلەر ئىزچىـل تـاڭ تەيزوڭنىــڭ بېشــىنى ئاغرىتىــپ كېلىۋاتقـان بولـۇپ، ئـۇ چېگـرا رايونلارنىڭ ۋەزىيىتىگە ھەرۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىۋاتقان ئىـدى.جېنگۇەنىنىـڭ 20-يىلـى (مىـلادى 646-يىلـى) شـۈەنزاڭنىڭ ئېيتىـپ بېرىشـى ۋە مۇنشـىنىڭ خاتىرىلىشـى، ئـاخىرى شـۈەنزاڭنىڭ ئـۆزى تۈزىتىـپ كـۆرۈپ چىقىشـى نەتىجىسـىدە "بۈيـۈك تـاڭ غەربىـي رايـون تەزكىرىسـى"نىـڭ 20 جىلـدى تاماملىنىـدۇ ۋە "غەربىـي رايـون تەزكىرىسـى" تـىزىملىكىگە كىرگۈزۈلىدۇ. جېنگۇەنىنىڭ 22-يىلى (مىلادى 648-يىلى) 6-ئايدا تاڭ تەيـزوڭ شـۈەنزاڭنى ئوردىغا كىرىشكە ئەمىر قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن بۇرۇن تاڭ تەيزوڭ شۈەنزاڭنىڭ راھىبلىقتىن قول ئۈزۈپ سىياسـىي بـىلەن شۇغۇللىنىشىنى كۆپ قېتىم ئۈمىت قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم سىپايىلارچە رەت قىلىنغان ئىدى. بۇ قېتىم ئىككىيلەن مۇڭدىشىش جەريانىدا ئەلنى ئىدارە قىلىش يولىرى توغرىسىدا توختىلىدۇ. شۈەنزاڭ تاڭ تەيزوڭنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە كاساپاسىنى سىلىپ تاشلاپ راھىبلىقتىن قول ئۈزۈپ سىياسىي بىلەن شۇغۇللانماسلىقىدىكى 5 تۈرلۈك سەۋەبنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى تۈرلۈك سەۋەپلىرىدە تارىختا شىمال ۋە ئەتراپتىكى رايونلاردا ئۆتكەن مىللەتلەر مەسىلەن "شيوڭنۇ" قاتارلىق قەدىمىي مىللەتلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ناملار تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

ساۋاپ يـولى چەكسىز تۈگىمەستۇر. ئەلنى ئىـدارە قىلـىش يـولى رەھـىم-شـەپقەتلىك بولـۇپ ئەل كـۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشتۇر. ئاللىرنىـڭ شـەپقەت سىياسـىتى تەرەپ-تەرەپكە تارقالـدى، شـەرقتە دېڭىزدىكـى كـۇنچىقىش رايونلىرىـدىن تارتىـپ غەرپتە كۇئېنلۇنـدىن ھالقـدى. جەنۇپتا ئىسسىـق بەلـۋاغ رايونلىرىغىچە،شـىمالدا چـۆل-باياۋانلارغىچە يېتىـپ بـاردى. دۇنيانىـڭ ھەممە يېرى شـۇنداقلا بـارچە قىتئەلەردىكـى يـۇز-بەدەنلىـرىگە گـۈل چېكىۋالـدىغانلار بولسۇن ياكى بۇرنىـدا سـۇ ئىچىـدىغان خەلقلەر بولسۇن ۋە ياكى ئـوت-چۆپتىن كـىيىم كىيىـدىغان ۋە كىيىمنـى سـول تەرەپتـى ئـىزملاپ ئېتىـدىغانلار بولسۇن ھەممىسى بوران-چاپقۇنغا قارىماستىن ئاللىرىغا باش قويۇپ، چىـن قەلبىـدىن ئىتائەت قىلىــپ، ئۆزلىرىنىــڭ گەۋھەر-جـاۋاھىراتلىرىنى تەقـدىم قىلىپ،شــەھەرلەرنى بايلىققـا

www.kitaphumar.com

تولدۇردى. بۇ ئاللىرىنىڭ ئەلگە مېھرىبان بولغانلىقىدىن بولدى. باشقىلارغا ھاجەت چۈشمىدى. بۇ ئۈچۈنچىسى. شىيەنيۈنلارنىڭ مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇپ كېلىشىۋاتقانلىقىغا ئۇزۇن بولدى. قەدىمدە بەش پادىشاھ ئۇلارنى ئەل قىلالمىغان، ئۈچ خاقانمۇ ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىغان. شۇنىڭ بىلەن قودى ساچلىقلار فېڭ، خاۋ رايونلىرىغا بۆسۈپ كىردى، چاڭئەن قاتارلىق جايلار ئوق باشلىقلارنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بالا تېگىپ شيوڭنۇلارنىڭ ھەيۋىسى ئۆستى. يەن، جوۋ دەۋرلىرىگە كەلگەندىمۇ يەنىلا شيوڭنۇلارنى چېكىندۈرگىلى، جەڭ ئوتىنى پەسەيتكىلى بولمىدى. خەن ۋۇدى دەۋرىدە بارلىق قوشۇنلارنى توپلاپ شيوڭنۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ۋېيچىڭ خو چۈبىڭلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارغا ئازراق زەخمەت يەتكۈزگەن بولسىمۇ شيوڭنۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شيوڭنۇلارغا تاقابىل تۇرغىدەك بىرەر تەدبىر ئويتتۇرىغا چىقىپ باقمىدى. ئاللىرى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەتراپلىق تەدبىر تۈزۈپ، ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ قىلدىلا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ئىبغىر تالاپەتكە ئۇچراتتىلا. خاۋخەي،يەنرەن قاتارلىق جايلار پۈتۈنلەي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ باشقۇرىشىغا ئۆتتى. قاغان بىلەن ئۇنىڭ لاۋۇ-لەشكەر ئەل-قەۋملىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە پۇقرا بولدى. ئەگەر بۇنى ۋەزىر-ۋۇزەرالارنىڭ تۆھپىسى دېيدىغان بولساق، يۈ، شىيا سۇلالىرىدىن تارتىپ دانىشمەن ۋەزىرلەر قۇمدەك تولا ئىدى، لېكىن نېمە ئۈچۈن غەلىبە قازىنالمايدۇ؟ شۇڭا ئاللىرى كەڭ قورساق رەھىمدىل بولسىلا ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق بولىدۇ، باشقىلارغا تايىنىشقىمۇ ھاجەت چۈشمەيدۇ، بۇ تۆرتىنچىسى.

## 2. "شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى"نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى

"شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى"نى قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى سىڭقۇ سەلىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. بىز ئۇ تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە "شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى"دىن ئۇنىڭ غەربىي يۇرت بەشبالىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ توغرىلىق ئۇ "شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى"نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 7-جىلدىنىڭ ئاخىرىدا (بېيجىڭ فاكسىمىلىنىڭ 23-بېتىنىڭ كەينى يۈزىدە) : "بەشبالىقلىق راھىپ سىڭقۇ سەلى تابغاچ تىلىدىن تۈرك تىلىغا ئۆرىگەن بۇدساتۋا تاڭ سەنزاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ تەرجىمھالىنىڭ مېھرى-شەپقەت تەجىمھالى بابىنىڭ 7-جىلدى تۈگىدى" دەپ يازغان.

"شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى" دىن باشقا سىڭقۇ سەلى يەنە خەنزۇچىدىن بۇددا دىنى ماخايانا مەزھىبىنىڭ نومى "ئالتۇن يارۇق" نىڭ 10جىلدىنى تەرجىمە قىلغان.

"ئالتۇن يارۇق"نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش قىسمىدا سىڭقۇ سەلى "يەنە شەرقتىكى قۇتلۇق تاڭدىكى ماخايانا ھىمايانا مەزھەبلىرىنىڭ بارلىق نوملىرىنى پىششىق بىلىدىغان بۇدساتۋا سەنزاڭ ھەزرەتلىرى ئەنەتكەك تىلىدىن تابغاچ تىلىغا تەرجىمە قىلدى. كېيىن بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ بۇ بۇلغانغان رەزىل دۇنيادا يەنە تابغاچ تىلىدىن تۈرك-ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرىگەن نوملارنىڭ كاتتىسى-"ئالتۇن يارۇق" پۈتۈنلەي تامام بولدى" دەپ يازىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى "شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى" تەخمىنەن 1940-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە شىنجاڭدا تېپىلغان. ئۇزۇنلىقى 44 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 18 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ھۆججەت بايقالغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى ئېلگىرى-كېيىن روسىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. بۇنىڭ 94 ياپرىقى ھازىر روسىيە ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ سانكت-پېتربۇرگ شۆبىسىدە، 116 ياپرىقى فرانسىيە گۇمى ئاسىيا سەنئەت بۇيۇملىرى موزېيىدا، قالغان 208 ياپرىقى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا (1951-يىلى بېيجىڭدا فاكسىملى نەشر قىلىنغان) ساقلانغان.

سانكت-پېتربۇرگ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان قىسمىنىڭ مەزمۇنى 5-، 6-، 8- ۋە 10-جىلدلارغا تەۋە.

بۇلارنىڭ ئىچىدە، 6-جىلدىنىڭ 42-، 43-44-بەتلىرىدە مەزكۇر ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن تاك تەيزوڭ بىلەن شۇەنزاڭنىڭ پاراڭلىشىش جەريانىدا شۇەنزاڭ ئېيتقان 3- ۋە 4-سەۋەبىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بار.

تۆۋەندە مۇئەللىپ ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ ئالاقىدار قىسمىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، ماس كېلىدىغان ئەسلى خەنزۇچە تېكىستى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى سۇنىدۇ:

## 3. "شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ ئۇيغۇرچە تەرقىمىسىدىكى "شيوڭنۇ" قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا دەسلەپكى تەھلىل

"شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ خەنزۇچە تېكىستى ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاز-تولا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن

بولسىمۇ لېكىن خەنزۇچە تېكىستىكى مىللەت ۋە جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار ئىپادىلىگەن ئۇقۇملارنى توغرا چۈشەنگەن ھەمدە ئۇلارنى ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە كونتېكىستقا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن توغرا ئىپادىلىگەن. ئۇ خەنزۇچىدىكى "شيوڭنۇ" دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلغان چاغدا ئۇيغۇرچە سۆز بىرىكمىسى "تۈرك يوچۇل بودۇن" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ سۆز بىرىكمىسى يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ مەزمۇنىدا ئىككى قېتىم ئۇچرايدۇ. روسىيىلىك ئالىم تۇگۇشېۋا " 'تۈرك يوچۇل بودۇن' تۇراقلىق مەنىگە ئىگە سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، كۆچمەن تۈركلەر، ئەركىن تۈركلەر دېگەن مەنىدە" دەپ قارايدۇ.

خەنزۇچە ئەسلى تېكىست بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، "تۈرك يوچۇل بودۇن"دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە "شيوڭنۇ" دېگەن سۆز بىلەن ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرچە سۆز بىرىكمىسى "تۈرك يوچۇل بودۇن" يەنە بىر ئۇيغۇرچە ھۆججەت "مايترىسىمىت نوم بىتىگ"نىڭ پارچىسىدا كۆرۈلىدۇ.

تەرجىمان "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ 5-جىلدىنىڭ 87-ياپرىقىدا "تاۋغاچ تىلىندىن يەنە بىش بالىقلىغ شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ تۈرك تىلىنچە ئەۋىرمىش" (مەنىسى: تاۋغاچ تىلىدىن يەنە بەش بالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تۈرك تىلىغا ئۆرىدى) دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە، تەرجىمان دەۋاتقان تۈرك تىلى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان ئەدەبىي تىلدۇر.

يەنە شۇ تەرجىمان ئۆزى تەرجىمە قىلغان يەنە بىر بۇددا نومى"ئالتۇن يارۇق" (سۇۋارناپراباسا) تا، ئۇيغۇرچە تەرجىمە 10-جىلدىنىڭ كىرىش قىسمىدا "بىش بالىقلىق شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىندىن تۈرك-ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۈ ئەۋىرمىش" (مەنىسى : يەنە بەش بالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىدىن تۈرك-ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرىدى) دەپ يازسا، يەنە "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى" نىڭ 5-جىلدىدىكى خەنزۇچە تېكىست ”亦睹货罗故地。风俗大同突厥“ دېگەن جۈملىنى "ئول بالىق يەمە توخرىلارنىڭ سوكى يېرى تىنتىر: تۆرۈسى توقۇسى بارچە تۈرك بىرلە بىر ئەرىپ" (مەنىسى: ئول شەھەر توخرىلارنىڭ ماكانىدۇر. ئۆرپ-ئادىتى بارچە تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش) دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ يەردە سىڭقۇ سەلى خەنزۇچىدىكى “突厥” دېگەن سۆزنى "تۈرك" دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىمە قىلغان چاغدا ئۆزىنىڭ تىلىنى "تۈرك تىلى" ياكى "تۈرك-ئۇيغۇر تىلى" دەپ ئاتايدۇ. "جوۋنامە" نىڭ 50-جىلدىنىڭ "تۈركلەر تەزكىرىسى"دېگەن قىسمىدا "تۈركلەر ھۇنلارنىڭ بىر خىلى، ئاشىنا ئۇرۇغىدىن، ئايرىم

قەبىلە" دەپ يېزىلسا، "يېڭى تاڭنامە"دە: "ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلاردۇر" دەپ يېزىلدۇ. "سىفبىك يۈەنگوي" دە: "ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادىدۇر" دەپ يېزىلدۇ.

تۈركلەر توغرىسىدا "يېڭى تاڭنامە"دە: "تۈركلەرنىڭ ئاشىنا ئۇرۇغى قەدىمقى ھۇنلارنىڭ شىمالى ئۇرۇغىدۇر" دېگەن خاتىرىلەر بار.

ۋاڭ گوۋېينىڭ تەتقىق قىلىشىچە، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى "شيوگنۇ" ۋە "شيەنيۈن"دېگەن ئىككى سۆز ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، "شيەنيۈن" خەنزۇچە تارىخنامىلەردە يەنە "شيوگنۇ"لارنىمۇ كۆرسىتىدىكەن. لېكىن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى "شيوگنۇ" "تۈرك يوچۇل بودۇن" (كۆچمەن تۈركلەر) دەپ، "شيەنيۈن" بولسا "تومشۇقلۇغ، تارماقلىغ" (تومشۇقلۇق، تىرناقلىق) دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

مەسلەن تەرجىمان "匈奴得志，中国陵迟"دېگەننى: "ئورتۈن ئىل ئۇلۇش... كسىز باسىنچ-لىغ بولتى: تۈرك يوچۇل بودۇن ئەرتىگۈ ئايام-لىغ بولتى" (مەنىسى: ئوتتۇرا خانلىقلار پۈتۈنلەي ئۇلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى، شيوگنۇلار ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە بولدى" دەپ؛"其来自久，猃狁为患"نى "بۇ تاۋغاچ ئىلى تومشۇقلۇغقا سوقتۇرغالى تارماقلىغقا تارتدۇرغالى ئۇركىچ بولمىش ئەردى"(مەنىسى:تاڭ سۇلالىسىنى شيەنيۈنلەرنىڭ بوزەك قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئۇزۇن زامانلار بولغان ئىدى" ) دەپ تەرجىمە قىلىدۇ.

خەنزۇچە مەتنى بىلەن ئۇيغۇرچە مەتنىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېنىق كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇچە مەتنىدە خاتىرىلەنگەن "شيوگنۇ" بىلەن "شيەنيۈن" ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇملار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىغۇچىنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن پەرقلىق بولۇپ، بۇ نۇقتا توغرىسىدا يەنىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

قەدىمقى تۈرك تىلىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان "تۈرك" دېگەن سۆز خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى"突厥" دېگەن سۆزگە باراۋەر كېلىدۇ. مەسلەن تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق سۆزلەر بار: "بىلگە تونيۇقۇق بەن ئۆزۈم تابغاچ ئىلىگە قىلىنتىم، تۈرك بودۇن تابغاچقا كۆرۈر ئەرتى..." (مەن بىلگە تونيۇقۇق تاڭ دۆلىتىدە تەربىيە ئالدىم، بۇ چاغدا تۈرك خەلقى تاڭ سۇلالىسىگە قارايتتى.) قەدىمقى تۈرك مەڭگۇ تاشلىرىدىكى "تۈرك بودۇن" دېگەن سۆزنىڭ "تۈرك خەلقى"دېگەن تۇراقلىق مەنىسى بار.

كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى "شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى "شيوگنۇ" قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى قايسى سۆزلەرگە ماس كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن. 10-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تەرجىمان "شيوگنۇ"لارنى "تۈرك يوچۇل

بودۇن " (كۆچمەن تۈركلەر)، ئۆزىنىڭ تىلىنى "تۈرك تىلى" ياكى "تۈرك-ئۇيغۇر تىلى" دەپ ئاتىغان. بۇ بىزنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە تارىختا ئۆتكەن ئەتراپتىكى مىللەتلەرنى تونۇشىمىزغا نىسبەتەن مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرچىغا ئۆرگۈچى ئەسلى تېكىستنى تەرجىمە قىلغان چاغدا بەزى بىشارەت خارەكتېرلىك مەزمۇنلارنى كىرگۈزگەن. مەسىلەن تەرجىمان ئۇيغۇرچە "شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى"نىڭ 6-جىلد 44-بېتىدە : "بىشىنچ تۈرك يوچۇل بودۇن ئەرتىڭۇ كۆترۈلتى، ئۆستۈنكى ئىل ئۇلۇشلار، تۆرۈسىن ئىچقىنتى" (مەنىسى: بەشىنچى، شىيوگنۇلار ناھايىتى مەغرۇرلۇق بىلەن ئىرىندىن تۇردى، ئۇلار بۇيۇك ئەلنىڭ قانۇننى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى) دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتە خەنزۇچە ئەسلى تېكىستتىكى بۇ بىر ئابزاس شۇەنزاڭ ئېيتقان راھىپلىقتىن قول ئۈزۈپ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماسلىقنىڭ بەشىنچى سەۋەبى بىلەن باشلىنىدۇ.

ئۇ تارىختىن نەقىل كەلتۈرۈپ "高丽小蓄失礼上国，隋帝总天下之师，三自征发" : ئاخىرى "虚丧六军狼狈而返" بولغانلىقىدەك تارىخىي ساۋاقنى ئەسلىتىدۇ، بۇنىڭ شىيوگنۇلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق. لېكىن تەرجىمان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا يۇقىرىدىكى خەنزۇچە مەزمۇنغا ماس كېلىدىغان تەرجىمىنى كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى شىيوگنۇلارغا ئائىت يۇقىرىدىكى مەزمۇننى قاتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا تەرجىماننىڭ بەزى مىللەت، يەر ناملىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى تەرجىمە قىلىشىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. مەسىلەن "镐，酆" دېگەنلەرنى "قۇتلۇغ چۇنان" (مۇقەددەس چاڭئەن) دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇ يەردە تەرجىمان "镐，酆" دېگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىغا "قۇتلۇغ" دېگەن سۆپەتنى قاتقان. بۇنىڭدىن تەرجىماننىڭ يۇقىرىقى ئىككى جاي ئىسمىنىڭ مۇھىم تارىخىي ئورنىغا بولغان تونۇشىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

"卫、霍尽力" دېگەن جۈملىنى تەرجىمە قىلغاندا تەرجىمان ئەسلى تېكىستنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىدۇ، تەرجىمە تېكىستىدە نامى تارىختا يېزىلغان مەشھۇر گېنېرال ۋېيچىڭ بىلەن خو چۈيبىڭنىڭ ئىسمى كۆرۈلمەيدۇ، مۇناسىپ مەزمۇن "قاماغ كۈچىن ئۆتۈنتۈرۈپ" (بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، "中国" بولسا "ئورتۇن ئىل ئۇلۇش" (ئوتتۇرا ئەل، ئوتتۇرا ئىقلىم) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇرچىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەرجىمىسى بولغان "تاۋغاچ" دېگەن سۆزدىن

پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە كۆرۈلىدىغان "تۇپۇت" بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىدىكى "吐蕃"لارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، خەنزۇچە تېكىستتە "吐蕃"غا ئالاقىدار مەزمۇنلار يوق.

ئەسلى تېكىستتىكى "单于弓骑之人" نىڭ يېنىغا "قىرقىز يا مىڭلۇلۇك كىشىلەر" (قىرغىز ۋە ئاتلىق ئوقياچىلار)دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. تەرجىمان بۇ يەردە خەنزۇچە "单于" دېگەن سۆز ماس كېلىدىغان ئورۇنغا "قىرقىز" دەپ ئالىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇن ئۆزگەرتىش سەۋەبىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

تەرجىمان خەنزۇچە تېكىستتىكى "俱充臣妾"دېگەن جۈملىنىڭ مەسەلىي مەنىسىنى توپ-تولۇپ چۈشەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ "كىشىلەر يۇمقى ئىچ ئىچەرەكى بولتىلار"( كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى) دەپ تەرجىمە قىلىدۇ، بۇ تەرجىماننىڭ سەۋىيىسىنى نامايەن قىلىدۇ.

تەرجىمان ئەسلى تېكىستتىكى"充委夷邸" نى "تولۇ ياتۇر ئۈچ باللىقلارتا" (ئۈچ شەھەردە تولۇپ ياتىدۇ) دەپ تەرجىمە قىلىدۇ ھەمدە ئەتەي "ئۈچ باللىقلار"نى گەۋدىلەندۈرۈپ، تارىخي ۋەقەلەرنى ئەسلىتىدۇ. خەن، تاڭ دەۋرىدە شىمالدىكى چېگرا جايلاردا ئەل بولغان شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان. تاڭ دەۋرىدە بۆگۈنكى ئوردۇسنىڭ شىمالىدا تۈركلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن شەرق، غەرب ۋە ئوتتۇرا ئۈچ ئەل بولغان شەھەر بەرپا قىلىنغان. بۇ بىر بۆلەكنىڭ تەرجىمىسى ئاپتورنىڭ جوڭگو تارىخىغا ئىنتايىن تونۇش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، تەرجىمان سىڭقۇ سەلى بۇددا ئىلمىنى چوڭقۇر بىلىپلا قالماستىن يەنە سىياسىي، تارىخ ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ پىششىق بىلىدۇ.

بۇ يەردە مۇئەللىپ 'جىننامە" نىڭ 95-جىلدى "佛图澄传"دىكى بىر ئابزاس ئەھمىيەتلىك خاتىرىنى پايدىلىنىشقا سۇناچى:

"

澄曰：相轮铃音运：‘秀支替戾冈，仆谷劬秃当’。此羯语也。秀支，军也。替戾冈，出也。仆谷，刘曜胡位也。劬秃当，捉也。此言军出捉得刘曜也。"

بۇ ئابزاسنى ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرى كۆپ تەتقىق قىلغان. روسىيىلىك تىلشۇناس تېنىشېفمۇ شىۋڭنۇ تىلى توغرىسىدا ئىزدەنگەن.

روسىيىلىك تىلشۇناس شىرۋاشىدزې ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا خەنزۇچە شېئىر

‘秀支替戾冈，仆谷劬秃当’ تۆۋەندىكىدەك ئەسلىگە كەلتۈرگەن:

خەنزۇچە شەكلى:

秀支替戾冈，仆谷劬秃当‘

قەدىمقى خەنزۇچىدە چۈشەندۈرلىشى:

秀支，军也。替戾冈，出也。仆谷，刘曜胡位也。劬秃当，捉也

ئەسلى تىلغا قايتۇرۇلىشى:

sükä tal’ïqtïŋ, buquγ qodï qo(d)tïŋ

تەرجىمىسى: ئەسكەر چىقىرىپ بۇقۇغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاڭلار!

(دىققەت: رامستېت بۇنى مۇنداق ئەسلىگە كەلتۈرگەن:kaŋ bügüg tutaŋïsükä tal

مەنىسى:ئۇرۇشقا چىقىڭلار!بوگۇنى تۇتۇڭلار!

تالات تېكىننىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگىنى: sükä tilïkaŋ bugugkï tuktaŋ

مەنىسى:ئۇرۇشقا چىقىڭلار! بۇغۇقنى تۇتۇڭلار!ـــــــــتەرجىماندىن)

شىرۋاشىدزې (جۈملىدىن رامستېت ۋە تالات تېكىنــــــتەرجىماندىن) سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرىقى شېئىرنى ئەسلى تىلغا ياندۇرۇپ ئۇنىڭ قەدىمقى تۈرك تىلى ئىكەنلىكىنى ئىنىقلاپ چىقتى. سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى ،شىرۋاشىدزې ئەسلىگە كەلتۈرگەن قەدىمقى تۈرك تىلىنىڭ مەزمۇنى ئەسلى تېكىستتىكى ئىككى مىسرا شېئىرنىڭ خەنزۇچە يەشمىسى “此言军出捉得刘曜也” غا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

## 4. خۇلاسە

يېقىنقى يىللاردا تىلشۇناسلىق،قەدىمى ھۆججەتشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق ۋە باشقا پەنلەرنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرلىشى قەدىمقى زامان ۋە تارىختىن ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ تىلى، جەمىيىتى، كۆچۈش پائالىيىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتلارنى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈردى. "شىۋڭنۇ" تىلىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ باشقا

تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىزچىل تىلشۇناسلار كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن مۇھىم ساھە بولۇپ كەلدى. تەتقىقاتچىلار "شىيوڭنۇ"لارنىڭ تىلىنى چۈشەندۈرۈپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەسلى قىياپىتىگە ياندۇرماقچى بولدى. جوڭگو ۋە غەرپنىڭ تارىخلىرىدا تىلغا ئېلىنغان "شىيوڭنۇ"لار ۋە باشقا قەدىمى مىللەتلەر كىتاب بەتلىرىدىن بارا-بارا "يوقاش" بىلەن بىرگە يەنە ئوخشىمىغان نامدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر تارىخي خاتىرىلەردە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. تارىختىكى ۋە ھازىرقى تىللار ۋە دىئالېكىتلارنى ھەممە بۇ تىللارغا يۈكلەنگەن تارىخنى تەتقىق قىلىش قەدىمقى "شىيوڭنۇ"لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىختا "غايىپ بولغان" مىللەتلەرنىڭ تىلى، مەدىنيىتى، ئىجتىمائى ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى ئۈنۈملۈك يول دەپ قارالدى. مەسىلەن داڭلىق روسىيە ئالىمى باسكاكوف "شىيوڭنۇ قەبىلە ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن شەرقىي، غەربىي تۈرك تىللىق قەبىلىلەرگە ئايرىلىپ، ھەرقايسىسى مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە تۈركىي تىللارنىڭ ئىككى تارمىقىغا يەنى غەربىي ھۇن تىلى تارمىقى ۋە شەرقىي ھۇن تىلى تارمىقىغا بۆلۈندى. غەربىي ھۇن تىلى تارمىقى تەرەققى قىلىپ بۇلغار، ئۇغۇز، قىپچاق ۋە قارلۇق تىل گۇرۇپپىلىرىغا ئايرىلدى، غەربىي ھۇن تىلى تارمىقى چۇۋاش تىلى، گاگاۋۇز تىلى، ئەزەربەيجان تىلى، تۈركىيە تۈركچىسى، قىرىم تاتار تىلى، نوغاي تىلى، تۈركمەن تىلى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقىي ھۇن تىلى تارمىقى تەرەققى قىلىپ ئۇيغۇر-ئۇغۇز ۋى قىپچاق-قىرغىز تىل گۇرۇپپىسىغا بۆلۈندى، شەرقىي ھۇن تىلى تارمىقى قەدىمقى ئۇغۇز،ئۇيغۇر تىلى ۋە ياقۇت، تۇۋا، خاكاس، قىرغىز، چۇلىم تاتار تىلى قاتارلىق تىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ" دەپ قارىدى. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى قاتارلىق تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ تۈركشۇناسلىرى تاماملىغان "تۈركىي تىللارنىڭ تارىخي سېلىشتۇرما گىرامماتىكىسى" (فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس، لېكسىكا، تىل جۇغراپىيىسىنىڭ ئەسلىگە قايتۇرۇلۇشى قاتارلىق بۆلەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يۈرۈشلۈك كىتابىنىڭ ئۇدا نەشر قىلىنىشى تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدىكى زور نەتىجىلەردۇر. بۇ بىر يۈرۈش ئەسەرلەردە تىلشۇناسلار ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى تارىختا مۇھىم تەسىرى بولغان تۈركىي تىللارنى فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس ۋە تىل جۇغراپىيىسى قاتارلىق نۇقتىلاردىن سېلىشتۇرۇش بىلەن بىرگە "ئىپتىدائى تۈرك تىلى"نى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇ بىزنىڭ قەدىمقى ئىچكى ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزگە نىسبەتەن مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

100 نەچچە يىلدىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تىل مەدەنىيەت ئالىملىرى ۋە تارىخشۇناسلىرى نۇرغۇن زېھنىنى سەرپ قىلىپ قەدىمقى ھۇنلارنىڭ مىللەت مەنبەسى ۋە مىللەت تەۋەلىكىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەتقىق قىلدى. مۇئەللىپ شيوڭنۇلار ئۇزۇن تارىختا ئوخشىمىغان مىللەت ۋە تىللارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركىي تىللارغا تەۋە تىللارمۇ بار، تارىختىكى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن شيوڭنۇلارنىڭ تىلى، مىللەت مەنبەسى، شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە كۆچۈشى ھەمدە يازما خاتىرىلەردىن پەيدىنپەي "يوقاش" سەۋەبىنى پۈتكۈل ياۋرو-ئاسىيا تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئىجتىمائى، سىياسىي، مەدەنىيەت، تىل، مىللەتلەر كۆچۈشى قاتارلىق كاتېگورىيىلەر تەۋەسىدە تەھلىل قىلىش كېرەك، شۇنداقلا كۆپ خىل ئىلىملارنىڭ ئۇنۇۋېرسال تەتقىقاتى ئارقىلىقلا ئاندىن تارىخنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىغا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تىلشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، تارىخ، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، قەدىمىي ھۆججەتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالىملار يېقىندىن ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن شيوڭنۇلار ۋە ئۇلار ياشىغان دەۋرنىڭ سىرىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

"شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى" نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بۇ جەھەتتە بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.10 -ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىم سىڭقۇ سەلىنىڭ خەنزۇچە مەتىندىكى "شيوڭنۇ" ۋە باشقا قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ نامىلىرى ۋە يەر ناملىرىنى تەرجىمە قىلغان چاغدىكى تونۇشى ھازىرقى تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ قەدىمقى "شيوڭنۇ"لارنىڭ تىلى ۋە مىللەت مەنبەسىنى ھۆكۈم قىلىشى جەھەتتە شۈبھىسىزكى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

www.kitaphumar.com

# «قەشقەر» ۋە «سۇلى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى

**هاجى ئابدۇراخمان باقى**

## 1.«قەشقەر» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى

جۇڭگونىڭ «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېينامە»، «سۈينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق تارىخي كىتابلاردا «قەشقەر» دېگەن بۇ نام «سۇلې» (疏勒 )دەپ خاتىرلەنگەن. «ۋېي سۇلالىسى تارىخىدىن قىسقىچە بايان» دا، «جىيې شى» (竭石)، «گاۋسېڭ تەزكىرىسى» دە، « گاۋسېڭ تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» دا، «شالى» (沙勒 ) «بۇددا مەملىكىتى خاتىرىلىرى» دە«جىيې چا» (竭叉)، «بۆيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربى يۇرت خاتىرىسى» دە «چۈشا» (去沙) ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا «كېشىخار» (可失哈耳)، «يۈەن سۇلالىسى مەخپىي تارىخى» دا، «چىسخائېر» (乞思哈尔)، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ① «خاشىخائېر» (哈失哈尔) دەپ خاتىرلەنگەن.چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ،چىڭ هۆكۈمىتىنىڭ هۆججەت ـ ئالاقىلىرىدە «كاشگار» (喀什噶尔) دەپ يېزىلىشقا باشلىغان.

«قەشقەر» نامى تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى هۆججەت ـ ۋەسىقىلەردە تىلغا ئېلىنغان. بۇ هەقتە مىلادىيە Ⅷ ئەسىردە ئۆتكەن كورىيەلىك راھىب خۈي چاۋنىڭ «ھىندىستاندىكى بەش دۆلەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «پامىردىن بىر ئاي يول يۈرۈپ سۇلېغا يېتىپ كەلدۇق، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرى ‹جىيا شىچىلىگو(伽师祇离国) دەپ ئاتايدىكەن» ② دېيىلگەن. خۈي چاۋ بىلەن زاماندىش بولغان قەشقەرلىك ئالىم خۈي لىن (慧林) ئۆزىنىڭ «بارچە نوملارنىڭ ئىزاھى» (一切经音义) ناملىق ئەسىرىدە قەشقەرنى «Kashgiri) «迦师佶黎) دەپ تىلغا ئالغان. ③ «ئوكيانۇس» تا : «سۇلې» غەربىي ئەلدىكى دۆلەت نامى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ‹چۈشا (去沙)›، ‹جىياشىچىلى(伽师祇离) دەپ ئاتالغان » ④ دېيىلگەن. «يېڭى

تاشنامە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «سۇلې (سۇللۇغ) يەنە 去沙 qiexiaدەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئايلانمىسى 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق. خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى پېي 裴،ئۆزلىرىنى (ئامۇ جۇ) دەپ ئاتىشىدۇ. jiashi ياكى qieshi) 伽师) شەھىرىدە تۇرىدۇ. تۇرك خانلىقى قىزىنى ئۇلارغا خانىشلىققا بەرگەن.» ⑤ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان 去沙 ۋە 伽师 قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى (qas قاش) دېگەنلىك بولىدۇ. مىلادىيە 727 ـ يىلى قاش شەھىرىدىن ئۆتكەن چاۋشىيەنلىك راھىب خۇي چاۋ بۇ شەھەرنى گەرچە سۇلې (سۇللۇغ) دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، يەرلىك خەلقنىڭ (jiashiqil « 伽师祇离)»دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.⑥ خۇي چاۋ ئاتىغان بۇ نام 伽师估黎 ئاھاڭ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر بولۇپ ، «kashgiri» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى، ئۇ «kashgar» دېگەن سۆزگە بەك يېقىن كېلىدۇ. دېمەك، مىلادىيە Ⅷ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى» دېگەن بۇ نام مەۋجۇت بولۇپ، خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، سۇلې (سۇللۇغ) دەپ خاتىرىلەشنىڭ ئورنىغا «قاش» دەپ خاتىرىلەنگەن. خۇي چاۋ بەرگەن مەلۇماتتىن «قاشقارى» دېگەن شەكىل (نام) خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە سۇلې (سۇللۇغ) نامى ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇ نامنىڭ مىلادىيە Ⅷ ـ V ئەسىرلەردىكى يەرلىك خەلق تىلىدا ئاللىقاچان «قاشقارى» ياكى «قەشقەرى»شەكلىگە مۇقىملىشىپ بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.⑦

«قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە ھەر خىل ماتېرىياللاردا ئوخشاشمىغان تەبىرلەر بېرىلگەن. «جۇڭگونىڭ قەدىمكى، ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» دا:««خاش، قاش(Kash)، خار، غار(gar) قىشلىق ئۆي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شەھەردە نۇرغۇن رەڭلىك خىشلاردا سېلىنغان ئۆيلەر بولغاچقا (رەڭلىك خىشلاردىن ياسالغان ئۆيلەر كۆپ شەھەر شەھەر مەنىسىدە)، شۇنداق ئاتالغان ۋە ياكى ««خاش، قاش(Kash)خار، غار(gar)› ئىجاد قىلماق، ياراتماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلې تۇتۇق مەھكىمىسى مۇشۇ يەردە قۇرۇلغان بولغاچقا، ‹تۇنجى قېتىم بەرپا قىلماق، ئەمدىلا يولغا قويۇلماق› دېگەن مەنىدىكى نام بىلەن ئاتالغان⑧ دېيىلگەن. «بۇيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسىگە شەرھى» دېگەن كىتابتا:«伽师祇离 يەنى 伽师信离، kasyar伽师، بىلەن (<yar<i) نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن. بۇ قەدىمكى ساك تىلىدا رايون، دۆلەت دېگەن مەنىدە» دەپ خاتىرىلەنگەن⑨ گېنىڭ شىمىن

ئەپەندى:«قەشقەر-كاش (kax) بىلەن چار (qar) ئىككى خەتتىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. (كاش) خەنزۇچە تارىخي كىتابلاردىكى佉沙، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،佉沙(كاش)نىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى. (چار)قەدىمكى ئۇدۇن تىلى، (دۆلەت) ياكى (رايون) دېگەن مەنىنى، (كاشچار) بولسا 佉沙国 دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. (كاشچار) كېيىن ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكى (قەشقەر) ھالىتىگە كەلگەن دەيدۇ⑪

«كاشغار» ئاتالغۇسى ھەققىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بەزى قاراشلار بار. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «كاشغار» پارس تىلى بولۇپ، «كاشىنكار» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. «كاش» سىرلىق خىش، «كار» ئىشلەنگەن، يەنى سىرلىق خىش، «كار»ئىشلەنگەن، يەنى «سىرلىق (كاھىش) خىشلاردىن ياسالغان جاي» دېگەن مەنىدىن كەلگەن دەيدۇ...«قەشقەر» سۆزى «قاشقار» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. «قاش» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «قاشتېشى»نى بىلدۈرىدۇ. «غار» سۆزى قەدىمكى ئالتاي تۈركىي تىلى سىستېمىسىدا «دەريا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «قاشغار» بولسا «قاشتېشى بار دەريا» ياكى «قاشتېشىدەك سۈزۈك سۇلۇق دەريا» مەنىلىرىدە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن (11)دەپ قارايدۇ. «قەشقەر»تۈرك تىلىدا«يېشىل كاھىشلىق ئىمارەت»، «قاشتېشى شەھىرى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. (12)

بەزىلەر يەنە تۆمەن دەرياسىنىڭ لېۋىدە ئۈزۈنغا سوزۇلغان تۈپتۈز بىر قاش بولۇپ، ئۇ ھاۋاسى ياخشى، مەنزىرىسى كۆركەم، ئىگىزلىك جەھەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ شەھەر شۇ گۈزەللىكى بىلەن تەسۋىرلىنىپ، «قاشنىڭ قىرى»دەپ ئاتالغان ئىدى، دېيىشىدۇ.⑬ ئۇنىڭدىن باشقا، «قەشقەر-ئۇيغۇرچە سۆزدىن كېلىپ چىققان. قەش-ھەر تۈرلۈك رەڭ، خەر-خىشتىن ياسالغان بىنا. بۇ شەھەرنىڭ يېرى مۇنبەت، ئۇنىڭدا خىشتىن يسالغان ئۆيلەر كۆپ، شۇڭلاشقا قەشقەر دەپ ئاتالغان» دەيدىغان قاراشمۇ بار. «قەشقەر» دېگەن نامدىكى «قاش» سۆزىنى رىچتوفېن تۈركىي تىلىدىكى قاشتېشىغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.⑭ «قاش» دېگەن بۇ سۆز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئۇچرايدۇ. ئالىم ئۇز ئەسىرىدە «قاش» سۆزلەمىگە:«قاشتاش. بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كۆرۈنىدۇ.ب ۇنىڭ ئىبقىنى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىدۇ»دەپ يېشىم بېرىدۇ.⑮ ئەگەر، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ با يانىنى قوبۇل قىلغاندا، ئېنىقكى«kashدۆلىتى»، «kashرايونى»، «kashشەھىرى» دېگەن مەنىنى

بىلدۈرىدىغان «قەشقەر» نامى تۈركىي تىلى بىلەن قەدىمكى ساك (خوتەن) تىلىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «قاشتېشى دۆلىتى»، «قاشتېشى شەھىرى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2. «سۇلې» نامىنىڭ ئېتمولوگىيەسى توغرىسىدا

«تىلشۇناسلىقنىڭ ئېتمولوگىيە تارمىقى مىللىي تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كىرگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى،كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، ھازىرقى زامان ئىستېمال دەۋرىگە يېتىپ كېلىش ئەھۋالىنى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىدۇ.(16) قەشقەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا ـيېپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەلگە جايلاشقان قەدىمكى بوستانلىق. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا قەشقەرنىڭ خەن دەۋرىدىكى نامى«سۇلې» دەپ خاتىرلەنگەن. بۇ نام ئەڭ ئاۋۋال «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇچرايدۇ.(17)

1. ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى سوغدى تىلى ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« فونېتىكىلىق جەھەتتىن سوغدى تىلى (S) ۋە (L) دىيالېكتلىرىغا بۆلۈنىدۇ...‹S›تىلى بويىچە، سوغدىلارنىڭ ئىسمى Suodياكى suodak دېيىلسە،‹L› دىيالېكتىدا بۇ سۆز suilياكى sulik دېيىلگەن.قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلارنىڭ تىلى (L) دىيالېكتىغا مەنسۇپ بولسا كېرەك. قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئىسمى ‹سۇلې› سۆزى ‹سۇلۇق› سۆزىدىن كەلگەن.»(18)

2. جىيەن بوزەن ئەپەندى:«‹سۇلې›قەدىمكى ھون تىلىدا ‹سېرىق› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ:«داغۇر ۋە شىبە تىللىرىدا‹黄›نى‹sara›،ئۇيغۇرتىلىدا‹serek›، قەدىمكى سىيانپېي تىلىدا ‹sarag› دەيدۇ. مۇڭغۇل ئېگىزلىكىدە ‹sarag› ئىسىملىك بىر دەريا بولۇپ، تەرجىمىسى ‹سىلىنگا دەرياسى› بولىدۇ...saragنىڭ تەلەپپۇزى ‹疏勒›دىكى sarag بىلەنيېقىن كېلىدۇ. سىلىنگادەرياسى خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردا بەزىدە سېرىق دەريا 黄河 دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان. گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىمۇ ‹سۇلې دەرياسى›دېگەن بىر دەريا بار...سېرىق دەريا دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شىنجاڭنىڭ قەشقەردىكى ‹سۇلې دەرياسى› (ھازىرقى قىزىل دەرياسى)نىڭ مەنىسىمۇ سېرىق دەريادۇر، چۈنكى سۇلې بەگلىكى جاڭ

چيەن غەربي يۇرتقا كېلىشتىن ئاۋۋال قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا هونلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا هۆكۈمرانلىق قىلغىنىغا كۆپ يىل بولغان ئىدى. هونلار ياشىغان سېلىنگا دەرياسى ۋادىسى بىلەن سىيانپىي، مۇڭغۇل، ئۇيغۇر، قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ياشىغان جايى يېقىن، ئۇلارنىڭ تىلى ناهايىتى ئوخشىشىدۇ. شۇڭا (疏勒) سۆزى هون تىلىدىكى ‹سېرىق(黄) مەنىسىنى بېرىشكە هەقلىق، يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەر ئەتراپىنىڭ تۇپىسى قىلىن،ب اهاردا قار مۇزلار ئېرىگەندە سۇلى دەرياسىنىڭ سۈيى سېرىق رەڭگە كىرگەچكە ‹سېرىق دەريا(黄河) دەپ ئاتالغان.»[19]

3.ياپونيە ئالىمى بەينياۋ كۇجى ئەپەندى«سۇلي»نامىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:«بۇگۈنكى قەشقەر خەن دەۋرىدە‹سۇلي›دەپ ئاتىلاتتى. تۈركىي تىلىدا 水سۇ،水有سۇلۇق دېيىلىدۇ. قەشقەر رايونىنىڭ ئوت-چۆپى مول بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.»[20]

سۇلي نامىغا بېرىلگەن يۇقىرىقى تەبىرلەردىن بىز مۇنداق چۈشەنچىگە كېلىمىز: بىرىنچى، «سۇلي»نامىسۇلېدا ياشىغان سوغدىلارنىڭ نامىدىن كەلگەن. ئىككىنچى، «سۇلي» نامى تۈركىي تىلىدا «سۇلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى بىز يۇقىرىقى يەكۈنلەر ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم تەھلىل يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى:

بىرىنچى قاراشتىكىدەك، ‹سۇلي› نامى سۇلېدا ياشىغان سوغدىلارنىڭ نامىدىن كەلگەن دېيىلگەندە بۇ نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە(سۇلي-قەشقەر) كېلىش جەريانىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا سوغدىلار كىم؟ بۇ يەرگە قاچان، قانداق كەلگەن؟

سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىران خەلقىنىڭ بىرى. ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅷ - Ⅴ ئەسىرلەردىن، مىلادىيە Ⅹ - Ⅸ ئەسىرلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي هاياتىدا، بولۇپمۇ يىپەك يولى ۋاستە قىلىنغان سودا ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلەردە چوڭ رول ئوينىغان ئىدى.

سوغدىلار سەمەرقەند بىلەن بۇخارانى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنبەت سوغدىيانە تۇپرىقىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، قەدىمكى چاغلاردا «سوغدىيانلار» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ جەنۇبى چېگراسى تۆمۈر قاپقا بولۇپ (بوغال ئۆتكىلى)بولۇپ، بۇ ئۆتكەنىڭ جەنۇبىدا توخرىلار ياشىغان. غەربىدە سوغدىلار، قاڭقىللار(بۇلار تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن خەلق)غا قوشنا ئىدى. شەرقتە سوغدىلار پەرغانىگە چېگرىداش ئىدى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا،سوغدىلار سودىگەرچىلىككە ماھىر بولۇپ،ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك سودا بىلەن شۇغۇللانغان،بولۇپمۇ يىپەك يولىنىڭ داۋاملىشىشى ۋە گۈللىنىشى نۇرغۇن سوغدىلارنىڭ شەرققە بېرىشىغا سەۋەب بولدى. دۇنخۇاڭ، تاجىكىستاندىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەتلەرنىڭ مىلادىيە IXئەسىرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى (22) نى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «1907-يىلىستەيىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان لوپنور كۆلىنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى خەن دەۋرىگە ئائىت تۇر خارابىسىدىن تاپقان مىلادىيە I ئەسىرگە ئائىت دەپ ھېسابلانغان بىر پارچە سودا ھۆججىتى» (23) نى سوغدىلارنىڭ تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتى دەپ ھېسابلانغاندا ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ مىلادىيەدىن كېيىنكى ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. دېمەك بىز مۇشۇ ۋاقىتنى سوغدىلارنىڭ قەشقەر(سۇلى)دا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتى دەپ پەرەز قىلساق، «سۇلى»نامى مىلادىيە I ئەسىردە بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. ئۇنداقتا، ھونلار بۇ رايونغا قاچان كەلگەن؟

مەلۇمكى، ھونلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى مۇڭغۇل چۆللۈكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلق ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 209-يىلى باتۇر(مودۇن) ئۆز ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، ھونلارغا تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىن، ھونلار تېز قۇدرەت تېپىپ، «شەرقتە دۇڭخۇ‹تۇڭگۇس›لارنى، غەربتە توخرىلارنى مەغلۇب قىلغان، جەنۇبتا لۇفەن خانىنى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەيان خانىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان» بولۇپ، چېگرىسى«شەرقتە خوەيخې،چاۋشيەنلەر بىلەن تۇتىشاتتى»(24).

«شىمالدا خۇنيۇ، چۈشى، دىڭلىڭ، قىرغىز(خاكاس)، شىنلى ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇپ»، 25، موڭغۇل چۆللۈكىدە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى چوڭ بىر دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176-يىلى باتۇر تەڭرىقۇت خەن خاقانىغا يوللىغان مەكتۇبىدا:«تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سىپاھ بەگلەرنىڭ خىل، ئاتلارنىڭ قاۋۇللۇقى ئارقىسىدا توخرىلار تارمار قىلىندى، قىرىپ تاشلاندى. قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. روران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنجىتىلدى، ھەممىسى ھونلارغا تەۋە بولدى. بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى»26 دەپ كۆرسەتكەن. ئەگەر بۇ تەھلىلدىكى خۇلاسىنى تولۇق كۈچكە ئىگە دەپ قارىغىنىمىزدا

www.kitaphumar.com

«سۇلي» نامى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەنى ھونلار بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراش «سۇلي»نامى تۈركىي تىلدا «سۇلۇق»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. يەر-جاي ناملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش ئەھۋالىدىن سۆز ئاچقاندا، يەر-جاي ناملىرى «مۇشۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت-شارائىتى، مەشھۇر كان بايلىقلىرى ،يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئاتاقلىق كىشىلىرى، قەھرىمانلار نامى، شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن تەبىي ھادىسىلەر...قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان[27]بولۇپ، ئۇ جۇغراپىيەلىك تەبىي شەرت-شارائىتلار ئەكىس ئەتتۈرگەن ئىسىم ۋە تارىخىي شەرت-شارائىت ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىم دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، ھەم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىخىي تەرەققىيات، خانلىقلار ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ يۈكسىلىشى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، «سۇلي»دېگەن ناممۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى ئۆزئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ھادىسىلەر، بولۇپمۇ يىراق قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۇنيادا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھادىسىلەر ۋە تىل-يېزىقتا ئوخشاش مەدەنىيەت ئامىللىرى، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ،ئارلاشما دىنىي ئېتقاد، مەنبەداشلىقى كۆپ خىل بولغان تىل -يېزىق قاتارلىقلارنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ ھال تېخىمۇ رېئال يوسۇندا يەر-جاي ناملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنداق بولسا، تۈركىي تىلدا «سۇلۇق»مەنىسىنى بېرىدىغان «سۇلي» نامى قايسى خىل ئاملىغا ياكى تۈركىي تىلى سىستېمىسىدىكى قايسى مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن؟

مېنىڭچە، مۇشۇ ئىككىنچى خىل قاراش «سۇلي» نامىنىڭ ئېتمولوگىيەسى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى «سۇلي» نامىنىڭ «سۇلۇق» مەنىسىنى بېرىشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قويۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا، بۇ نام بىر قەدەر مۇۋاپىق قويۇلغان. مېنىڭچە، «سۇلي» نامىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى سوغدىلارغا باغلىغاندىن كۆرە، ھونلارغا باغلىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق.

1) ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا،ھونلارنىڭ بۇ جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى سوغدىلاردىن بۇرۇن، يەنى ئالدىنقىسىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىر ئەتراپىدا، كېيىنكىسىنىڭ مىلادىيە I ئەسىر (ئەگەر سوغدى يېزىقىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىنى مىلادىيە II ئەسىر ) (28) دەپ قارىغىنىمىزدا، لوپنوردىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەتنىڭ مىلادىيە I ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇشى گۇمان تۇغدۇرىدۇ.

2) «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «ھۇدۇدۇلئالەم» دەپ بايان قىلىنغىنىدەك، بېشبالىق ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدىلارنىڭ بەش كەنتى بولغان، يەتتىسۇ، تەڭرىتېغىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەللىرى، لوپنور رايونى، تاغئوت يولى (خېشى كارىدورى) ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىمۇ سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كەنتلىرى بولغان [29] بولسىمۇ،ئەمما بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى بولمىسا كېرەك.چۈنكى،مەيلى قەدىدە بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن ،سودىگەرلەر ئۆچۈن يۇرتىنىڭ ئۆگىيى بولغان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

3) «سۇلي» قەدىمكى بىر بەگلىكنىڭ نامى. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى چوقۇم شۇ بەگلىكنى قۇرغان خەلقە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى چاغدىكى «سۇلىلىقلار» دەپ ئاتالغان خەلق سوغدىلىقلار بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، «سوغدىلار تارىم رايونىدا بەگلىك قۇرمىغان(30) ئەگەر قەشقەردە سوغدىلار ياشىغان، شۇڭا ئۇنىڭ نامى «سۇلي» دەپ ئاتالغان دېيىلگەندە، بۇ يەكۈن كىشىنى تولۇق قايىل قىلالىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بەزى ماتېرىياللاردا سوغدىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىن چوڭ رول ئوينىماي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتتىن چوڭ رول ئوينىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.(31) «سۇلي» قەدىمكى ھون تىلىدا «سېرىق»، تۈركىي تىلىدا «سۇلۇق» مەنىسىنى بىرىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردىكى «سېرىق» ۋە «سۇلۇق» مەنىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

4) بەزىلەر قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى «سۇلي»نى سوغدى-قەدىمكى ئىران تىلىدا «ئىلاھىي جاي» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ، گەنسۇدىكى سۇلي دەرياسىنىڭمۇ مەنىسى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ.(32) ئەمەلىيەتتە بۇنىداق «سۇلي» نامىدىن ئېلىمىزدە ئۈچى بار. بىرى، قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى «سۇلي»، ئىككىنچىسى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جىمسار ئەتراپىدىكى سۇلي. ئۈچىنچىسى، گەنسۇ-خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى سۇلي دەرياسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ «سۇلي» ئوخشاشلا، قەدىمكى

تۈركىي تىلىدا «سۇلۇق» مەنىسىنى بىرىدۇ.(33)

5) «خەننامە» ۋە «كېيىنكى خەننامە»دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە سۇلي بەگلىكى مەۋجۇت بولغان بولۇپ، قەشقەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن ئېقىندىكى كاشغەر شەھىرى (ھازىرقى مارالبېشىنىڭ غەربىدە) ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىدى. يەكەن دەرياسى ۋادىسىدا ساكرائۇل (ھازىرقى يەكەن) ۋە چاكۇكا (ھازىرقى قاغىلىقنىڭ شىمالىدا)، كاۋانتا (ھازىرقى تاشقورغان) قاتارلىق ئۇچ بېقىندى بەگلىك بار ئىدى. زېمىن دائىرىسى ئاساسەن ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستىغا توغرا كېلەتتى. Ⅶ-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، سۇلي بەگلىكىنىڭ مەركىزى غەربتىكى كاشغار شەھىرىگە (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى ئەتراپى) غا كۆچۈرۈلگەن.» (34)

قەشقەر قەدىمدە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان ۋە قوشۇلىدىغان مۇھىم جايى بولغان. شۇڭا، قەشقەر قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان مەشھۇر ئەدىب، مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

ۋېنگرىيەلىك ئالىم ج.فارماتتا «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ قەدىمكى ھىندى-ياۋروپا تىللىرى ئىچىدىكى ھىندى-ئىران تىلىغا (يەنى ئارىيان تىلىغا) مەنسۇپ نام ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەدىمكى «كاستى» دېگەن خەلق (مىللەت) نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

نۆۋەتتە، تەتقىقاتچىلار قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ ئاھالىسى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. لېكىن تا ھازىرغىچە مەيلى چەتئەل تەتقىقاتچىللىرى بولسۇن ياكى مەملىكىتىمىز تەتقىقاتچىللىرى بولسۇن، بۇ مەسىلىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق. بەزىلەر:«قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ ئاھالىسى سوغدىلار ئىدى، قەشقەرنىڭ سۇلي دېگەن ناممۇ ئەنە شۇ سوغدى مىللەت نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر:«قەدىمكى قەشقەر بەگلىكىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ساكلار ئىدى» دەيدۇ. ئېلىمىز ئالىمى مىي سۈن ئەپەندىنىڭ يېڭى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ قەدىمكى قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتاش توغرىدەك قىلىدۇ.

XX-ئەسىردىن باشلاپ چەتئەل ئېكسپېدىتسىيەچىللىرى قەشقەر رايونىدىن تاپقان قەدىمكى ھۆججەتلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى قەشقەر ئاھالىسىنىڭ

تىل-يېزىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىللىرى قەدىمكى قەشقەرلىكەرنىڭ تىلىنى قەدىمكى ساك تىلى ياكى ساك تىلىنىڭ بىرخىل شېۋىسى دەپ قارىسا، بەزىلىرى قەدىمكى ئۇدۇن تىلى بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋىتى بولغان ئىران تىلىغا يېقىن تەۋە، بىراق ئۇ يەرلىك تىل دەپ قارىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇدۇن-ساك تىلىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنى«تۇمشۇق تىلى» دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەمەلىيەتتە، 1897-يىلىلا روسىيەلىك پېتىرووۋىسكى ئۇنى قەدىمكى «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 1992-يىلى قارۇشتى يېزىقى تەتقىقاتچىلىرى تۇمشۇق ۋە توققۇز سارايدىن تېپىلغان بارلىق يازما ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى يەنە خەنزۇزچە ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، «قەدىمكى قەشقەر تىلى»دەپ ئاتاشنىڭ ئىلمىي ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەرنى مەركەز قىلغان كەڭ رايون «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى. «خاقانىيە تىلى» دېگەن ئاتالغۇ ئەنە شۇ ئۆلكە نامىدىن كەلگەن. ئەھمەد يۈكنەكى بۇ تىلنى «قەشقەر تىلى» دەپمۇ ئاتىغان. شۇڭا-XI، XII-ئەسىردە «خاقانىيە تىلى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن «قەشقەر تىلى» دېگەن ئاتالغۇ XI-ئەسىردىمۇ بىر مەنىدە ئىشلىتىلگەن. شۇنداق ئىكەن، -XI، XII-ئەسىرلەردىمۇ «قەشقەر» دېگەن نام كەڭ قوللىنىلغان. ئىككىنچىدىن،«شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا 5-باب، 78-بەت،9 -قۇر)دا قەشقەر «كەش بالىق» دېيىلگەن، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «بالىق» شەھەر دېگەن بولىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە «قەشقەر» «سۇلېگو» (疏勒国) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. شۋەنزاڭ بۇ شەھەرنى «چۈشاگو»(去沙国) دەپ ئاتىغان. بۇ «كەش بالىق»نىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە «碣石»(جىيېشى)، «碣叉» (جىيېچا)، «迦舍» (جياشې)، «伽师»(جياشى)، «去沙»(چۈشا) دېگەندەك خىلمۇ خىل شەكىللەردە يېزىلغان يەر ناملىرى «كەش» ياكى «كاش» دېگەن نامنىڭ ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن ھەر خىل خەنزۇچە خەتلەر بىلەن يېزىلغان ئاھاڭ تەرجىملىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئاھاڭ تەرجىملىرى ئىچىدە «جياشىدىلى»(伽师祇离) ياكى «جياشىجىلى»(伽师吉黎) دېگەنلەر «كاشغەر» دېگەن ئىسمىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئەڭ كونا ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. دېمەك، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇزاق مۇددەت

«سۇلي» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ يەرلىك ئىسمى شۇ دەۋردىلا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «كاشغەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇچىنچىدىن، قەشقەرنىڭ «سۇلي» دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك،بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئىسمىنى «سوغلاق» ياكى«سوغداق» دېگەن مىللەت ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ (سوغدى تىلىدا (ل) تاۋۇشى بىلەن «د» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى بار. سوغدى تىنىڭ بىر شېۋىسىدە بۇ مىللەت نامى سوغداق دېيىلسە، قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلار شېۋىسىدە سوغلاق دېيىلىدۇ.) خېرمان تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پىكىرگە فىرانسىيە ئالىمى پېللىئوت:««رەسمىي ھۆججەت ئاساسى يوق» دەپ قوشۇلمايدۇ. «سوغداق» دېگەن ئىسىم تۈركىي خەلقلەرنىڭ «سوغداق»لارنى ئاتىشى. قەشقەردىن باشقا لوپنۇر ۋە دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى دەريالارنىڭمۇ «سۇلي» دەپ ئاتىلىشى بۇ يەرلەردىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە سوغدى سودا مەركىزى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىسمىنى بەزى ئالىملار تۈركىي تىلىدىكى «سۇلىق» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسىمۇ، لېكىن بۇ پەرەزدىنلا ئىبارەت. بۇنىڭمۇ ھازىرچە ھېچقانداق يازما ھۆججەت ئاساسى يوق. تۆتىنچىدىن، «كاشغار»دېگەن ئىسمىغا كەلسەك، بۇ ئىسىم «كاش»(خەنزۇچە伽师) بىلەن «غار» دېگەن ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن. قەدىمكى ساك تىلىدا «غارى» دېگەن سۆز «رايون، مەملىكەت» ياكى «شەھەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ «غار»نى بالىق دەپ تەرجىمە قىلىپ، كاشغەرنى «كەش بالىق» دەپ ئىپادىلىگەن. بۇ ئىسىم تەركىبىدىكى بىرىنچى سۆز «كەش» ياكى «كاش»قا كەلسەك، بەزى ئالىملار:«بۇ سۆز قەدىمكى ھىندى مەنبەلىرىدە ئۇچرايدىغان ھىمالايا تاغلىرىدا ياشايدىغان ‹كاشال› دېگەن قەبىلە ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك» دەيدۇ. خوتەن ساك تىلىدىكى «ساڭغۇت يولىغا ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ھۆججەتتە قەشقەر «گاسجاڭ» دېيىلگەن. بۇ ھۆججەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، خوتەن ھۆكۈمدارى ۋىساراسىياخا قەشقەر ھۆكۈمدارىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن قەشقەردە «گاسونا» (قەشقەرلىق) دېگەن نامدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان. خوتەن ساك تىلىدا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «گ» تاۋۇشى قەدىمكى ھۆججەتلەردە ئومۇمەن «ق» ياكى «خ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن ساك تىلىدىكى «گا» سۆزى قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقى ھۆججەتتە «يۇيمىن» شەھىرى «گاكامانا» دېيىلگەن. بىزگە مەلۇم، خەنزۇچە (玉) «قاشتېشى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ پاكىتلاردىن قارىغاندا، كاشغەردىكى«كاش» سۆزى قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

دېمەك، «كاشغەر» دېگەن ئىسىم «كاش+غار» دېگەن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان بولۇپ، بىرىنچى سۆز قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىككىنچى سۆز «شەھەر»دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئىزاھلار:


① ئادىل مۇھەممەد تۇران:«قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ-جۇغراپىيەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،2001-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى 1-بېسىلىشى،57-بەت.

② گېڭ شىمىن :«ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتى ۋە مەدەنىيەت ۋەسىقەلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»1988-يىلى3-ئاي 4-نەشرى،53-بەت.

③ جۇلىيەنگۇن:«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسىدىكى تارىخ-جۇغراپىيەگە ئائىت تەتقىقاتلار مەجمۇئەسى»،1984-يىل2-ئاي،خەنزۇچە نەشرى،207-بەت.

④ بىر توملۇق«سىخەي»1808-بەت.

⑤ «يېڭى تاڭنامە» 221-جىلد، «قۇربغار تەزكىرىسى. قەشقەر»، جۇڭخۇا كىتابچىلىك ئىدارىسى، 1976-يىلى نەشرى، 6233-بەت، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997-يىللىق 2-سان، 41-بەت.

⑥ ⑦قۇربان نىياز:«ئۇدۇن-ساك يېزىقىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997-يىللىق2-سان 41-بەت

⑧ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان يەر ناملىرى قامۇسى»سودا نەشرىياتى، 1931-يىل خەنزۇچە نەشرى،881-بەت.

⑨ جى شىيەنلىن:«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسىنىڭ شەرھى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىك ئىدارىسى،بېيجىڭ،1985-يىلى،خەنزۇچە نەشرى، 12 -جىلد، 996-بەت.

⑩ يۇ ۋېيچىڭ: «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1986-يىلى خەنزۇچە نەشرى،83-بەت.

⑪ ئابلىمىت روزى:«يەر ناملىرى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر»،شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986-يىل3-سان، 119-بەت، 120-بەت.

⑫ئادىل يۈنۈس:«

⑬ ئىبراھىم نىياز:«تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، قەشقەر ئۇيغۇرنەشرىياتى،1988-يىل 9-ئاي نەشرى،2-3-بەتلەر

⑭ پېللىئوت: «قەشقەر ھەققىدە تەتقىقات»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»،خەنزۇچە،1986-يىللىق 1-سان،68-بەت

⑮ مەھمۇد كاشغەريي:«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»III توم،208-بەت.

⑯ ئابلىمىت روزى:«ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى ۋە مەنبەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»،1991-يىللىق 2-سان ، 94-بەت.

⑰«خەننامە،غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، جوڭخۇا كىتابچىلىك ئىدارىسى، 1962 -يىل 1-نەشرى، 1983-يىلى6-ئاي4-باسمىسى، «سۇلې بەگلىكى».

⑱«ئىبراھىم مۇتىئى ماقالىلىرى »، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990-يىل10-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 232 ،-235،-332-241،-242-بەتلەر.

⑲ جىيەن بوزەن :«ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1985-يىل خەنزۇچە نەشرى،2-قىسىم164-بەت،165-بەتلەر.

⑳ۋاڭ شياڭ:«قەشقەرنىڭ نامى ھەققىدە»،«يىپەك يولى»ژۇرنىلى1987-يىللىق 4-سان،58-بەت.

(21)(22)«ئىبراھىم مۇتىئي ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىل 10-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى،232-،235-332-241،-242-بەتلەر.

(23) يۇ تىيەنخېڭ:«غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»،83-بەت.

(24)(25)(26) «تارىخىي خاتىرىلەر»،400-.401-،402-بەتلەر.

(27) راھمان تۆمۈر شاھ:«يەر ناملىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(تەبئىي پەن قىسمى)،ئۇيغۇرچە 1984- يىللىق 1-سان،81-بەت.

(28)(30) «ئىبراھىم مۇتىئي ئىلمىي ماقالىلىرى» ،مىللەتلەر نەشرىياتى1990-يىل 12 -ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.

(29) گابائىن:«قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»،تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى نەشر قىلدۇرغان،1989-يىل 3-ئاي،خەنزۇچە نەشرى،11-بەت.

(31) نىيۇ رۇجېن:«سۇلې نامى ھەققىدە مۇلاھىزە»،«يەر ناملىرى بىلىملىرى» ژۇرنىلى

،خەنزۇچە1986-يىللىق4-سان 4-بەت.

(32) سۇ بىخەي:«سۇلپ نامى ھەققىدە تەتقىقات»،«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»،1984-يىللىق3-سان،62-بەت.

(33) ئابدۇقەييۇم مۇسا:«قەدىمكى سۇلپ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يىپەك يولىدىكى ئىقتىسادىي ئورنى»،«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007 -يىللىق 1-سان، 50 -بەت.

(34) يۇ ۋېيچېڭ:«شىنجاڭنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش تەرەققىياتى ۋە يەرناملىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى خەنزۇچە نەشرى،80 -،81-بەتلەر.

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا.

تەھرىرلىگۈچى: مەرۋەپچان مەمتىمىن

مەنبە: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى 2012-يىللىق 6-ساندىن ئېلىندى

# تارىخ ئاتالغۇچىلىقى ۋە ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

**ئىلشات ئەيسا**

**قىسقىچە مەزمۇنى**: بۇ ماقالىدا تارىخ ۋە ئاتالغۇ ئىلىملىرىنىڭ كېسىشمىسىدىن شەكىللەنگەن تارىخ ئاتالغۇچىلىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلىپ، ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە تارىخ ئاتالغۇلىرىنى توغرا ئاتاش ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: تارىخ، ئاتالغۇ، ئۇيغۇر تارىخ ئاتالغۇلىرى

20-ئەسىردىكى پەن-تېخنىكىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى ئىلىم-پەن تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىلىمگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ قېلىپلىشىشىغا بولغان ئېھتىياجنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئاتالغۇچىلىق ئايرىم پەن شەكلىدە تىلچىلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش يولىغا ماڭدى. ھەر قايسى ئەللەردە ئاتالغۇچىلىققا ۋە ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلىشىشىغا بولغان تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپىشىشى خەلقئارالىق مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە خەلقئارالىق ئۆلچەملەشتۈرۈش تەشكىلاتى مەيدانىغا كەلدى.

ئاتالغۇ — ئۇ تۈرلۈك ئىلىم-پەن تەتقىقاتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە قوللىنىلىدىغان مەخسۇس خاراكتېرلىك ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىنى ئالغان سۆزلەملەرنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەتتىكى ئېغىز ۋە يازما تىلى سىرتىدا، يەنى تەتقىقاتتا قوللىنىلىدىغان، مەخسۇس كەسپكە ئائىت ئۇقۇملارنى ئىپادە قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان، چەكلىك مەنىلەر بىلدۈرىدىغان بىر ئۇقۇمنىڭ قىسقارتىلىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئورتاق تىلدا قوللىنىلىدىغان سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قالمايدىغان، ئۆزىگە خاس ساھەسى بولغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئاتالغۇ دەپ ئاتىلىدۇ. بىر ئاتالغۇ ئادەتتە پەقەتلا بىر ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداقلا شۇ ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ بىر قاراشتىلا شۇ ئۇقۇمنى چۈشىنەلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاتالغۇ

بىرەر مۇھىم سەۋەب بولمىغان شارائىتتا خالىغانچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ، يەنى نىسبىي مۇقىم بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ تىل ئادىتى بىلەن بىردەك بولۇنۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاتالغۇنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللىقنى ساقلاپ، بۇ جەھەتتىكى ئالاقىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ باشقا ساھەدىكىلەرنىڭمۇ شۇ ساھەنى تونۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئاتالغۇ ئاللىقاچان بۈگۈنكى تەتقىقات ئىشلىرىدا چوقۇم ھازىرلاشقا، بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ شەكىللىنىپ بولدى. ئاتالغۇنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، ئىلىم-پەن ئىشلىرى يۈكسەلگەن مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قېلىپلىشىش ۋە ئومۇملىشىش ئەھۋالىنىڭمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئەكسىچە تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستا مىللەتلەردە ئۆز تىلىغا خاس ئاتالغۇلارنىڭ كەملىكى، شۇنداقلا قېلىپلىشىش ۋە ئومۇملىشىش ئەھۋاللىرىنىڭمۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربنىڭ زامانىۋى ئىلىم-پېنى بىلەن ئۇچرىشىشى بىر قەدەر بالدۇر باشلانغان بولسىمۇ، بىراق ئارىلىقتا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق بوران-چاپقۇنلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تۇرغۇنلۇقىنى، مىللىي مەدەنىيەتكە ئائىت ئىشلىرىنىڭ بولسا بېكىنمىچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا رەسمىي يوسۇندا ئاتالغۇچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى تولىمۇ كېچىكىپ مەيدانغا چىقتى. 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە ئاتالغۇچىلىق ۋە ئۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر يېزىلىپ، ش ئۇ ئا ر تىل-يېزىق كومىتېتى ئاتالغۇلارنى بېكىتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق يوسۇندا باشلىدى. شۇندىن باشلاپ ھەر ساھە، ھەر كەسىپكە ئائىت تۈرلۈك ئاتالغۇلار ياسىلىپ، قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار ئېلان قىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا بىر مۇنچىلىغان لۇغەتلەرنىڭ نەشر قىلىنىپ، ئاتالغۇچىلىقتەك بۇ ساھەنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، بىراق بۇ جەھەتتە ئاز بولمىغان مەسىلىلەرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇ سەۋەبتىن گەرچە نۇرغۇن ئاتالغۇلار قېلىپلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ھەتتا شۇ ئاتالغۇنى قېلىپلاشتۇرغانلارمۇ ئۆزلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاتالغۇ ئامبىرىغا تەۋە بولدى، دەپ ئۆزلىرى ياسىغان ئاتالغۇنى ئىشلەتمەي باشقا تىللار ئارقىلىق شۇ مەنىنى ئىپادىلەشتەك پاجىئە كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى كۆپ خىل چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. قىسقىسى ئۇيغۇر تىلى ئاتالغۇلىرىنىڭ ياسىلىشىدا مەسىلە كۆرۈلگەنلىكتىن، قېلىپلىلىشىشى، ئومۇملىشىشىمۇ مۇۋاپىقىيەتسىز بولماقتا.

ماقالىمىزدا تارىخ پېنى ئاتالغۇلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمىز.

تېما ھەققىدە سۆزلەشتىن ئاۋۋال تارىخ ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى: ئادەتتە تارىخ دېيىلگەندە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتكەن زامانىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىدىغان ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئىشلار ھەققىدىكى سىستېمىلىق خاتىرىلەر، ئىزاھلار ۋە تەتقىقاتلار كۆزدە تۇتىلىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئالغاندا تارىخ ئىلگىرى يۈز بەرگەن ھەممە ئىشقا قارىتىلىدۇ، شۇنداقلا پەقەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ خىل مەنىدىكى تارىخ گەۋدىسى ئالەمنىڭ تارىخى، يەر شارىنىڭ تارىخى، قۇشلارنىڭ تارىخى، ۋاقتىنىڭ تارىخى دېگەندەك كۆپ خىل نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولىدۇ. ئادەتتە قوللىنىلىدىغان تار مەنىدىكى تارىخ ئۇقۇمى پەقەت يېزىق ۋاستىسى ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللار ئاساسىدىكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنىلا كۆرسىتىدۇ. يەنى تارىخ يېزىق ئىجاد قىلىنغان زاماندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تارىخ تارىختىن بۇرۇنقى تارىخ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ئىنسانىيەت تارىخى ياكى جەمئىيەت تارىخى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ سىرتىدىكى تارىخ ئادەتتە تەبىئەت تارىخى دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتىكى تارىخ تەتقىقاتلىرىدا پەقەت جەمئىيەت تارىخىلا كۆزدە تۇتىلىدۇ. تارىخ ئۇقۇمى ھەققىدىمۇ تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. «بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى»دا «تارىخ ئىستېمالدا پۈتۈنلەي ئوخشاشمىغان ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. بىرى ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋە ھەرىكەتلەر؛ ئىككىنچىسى بۇ ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى. ئالدىنقىسى ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى شۇ يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەسۋىرلەش ۋە شۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كۆرسىتىدۇ»① دەپ ئىزاھلانغان.

ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئۇقۇمنى ئىپادە قىلىدىغان «تارىخ» سۆزى ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇ كۆپچىلىك تۈركىي تىللاردا «تارىخ» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەنئەنىۋى تارىخ ئىلمى گېرېك تارىخچى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو تارىخچىسى سىماچيەن يازغان «تارىخنامە» شەرق ئەللىرىدىكى تارىخچىلىقنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلاردا تارىخ ئىلمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يازما يادىكارلىقلىرىدىن سانالغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن باشلاشقا بولىدۇ. مەڭگۈ تاشلاردا ھەققىي ۋەقەلەر شۇ زامان تارىخىنى يارىتقۇچى داھىيلار تەرىپىدىن ئەينەن يېزىلىپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھەققىي تارىخ ئەسىرى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، تارىخ يېزىش نەسرىدىن رابغۇزىنىڭ

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» ۋە ئەبۇلغۇتۇھ ئەبدۇغەففارنىڭ «كاشغەر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن چاغاتاي نامى بىلەن ئاتالغان دەۋرگە ئۇلانغان. تا 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئۇيغۇرلاردا تارىخ يېزىش ئەنئەنىسى ھېچ ئۈزۈلۈپ قالمىغان. شۇ دەۋر زىيالىيلىرى تارىخ يېزىپ ئۆز دەۋرىدە بولۇنغان ئىشلارنى كېيىنكىلەرگە بىلدۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ھېسابلاپ بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى داۋام قىلىپ كەلگەن. ئەنئەنىۋى تارىخچىلىقنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىدە كۆرۈلگەن. يەنى ئەنئەنىۋى تارىخچىلار كۆپىنچە ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا ئۇقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك بەدىئىي ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلانغان. بەزى تارىخچىلار ھەتتا نەزمىي شەكىل بىلەن تارىخ يېزىش يولىنى تاللىۋېلىشقان. بەزىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىگە نەزمىي بۆلەكلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەشتە پايدىلانغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر تارىخچىلىقىدا كۆپىنچە ئاپتورلار ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى مەنبەداشلىقى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى قىسمىدا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، نوھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ قىسقىچە بايان قىلىپ كېلىپ، نوھنىڭ ئوغلى تۈرك ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىزلەرنىڭ تارىخىمىزنى شۇ خىل رەۋىشتە تەبىئىي ئۇلاپ تارىخىمىزنىڭ بىر پۈتۈن سىخېمىسىنى سىزىپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۇيغۇر تارىخچىلىقىدا بۇرۇندىن بىر قەدەر روشەن ئەكس ئەتكەن ئارتۇقچىلىق شۇكى، ئۇيغۇر تارىخچىلىرى تارىخقا ئائىت كىشى ئىسىملىرى، يەر-جاي ناملىرىنى ئىپادىلەشتە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىزچىللىققا ئىگە قىلغان. بۇ خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ يات مىللەتكە ئائىت ناملارنى خاتىرىلەشتىكى كۆپ خىللىقىغا قارىغاندا ئىلغارلىق ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدىغان، قوچو يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىدىغان « ئۇيغۇر »، «ئوغۇز»، «قارا قورۇم» ناملىرى 20-ئەسىرگە ئۇلاشقان تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ شۇ خىلدا ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. بۇ تەبىئىيلا تارىخ تەتقىقاتىغا زور قۇلايلىق تۇغدۇرىدۇ. كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر تارىخچىلىقىدا بەدىئىي ئەدەبىيات يولىنىڭ كۆپرەك قوللىنىلغىنىغا قارىماي، ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلارغا قەدىمدىن بېرى دىققەت قىلىنىپ كەلگەن.

غەرب ئەللىرىدە يېقىنقى زامان ئىلىم-پېنىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىللە، تارىخ ئىلمىنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدىكى ئىزدىنىش، تەتقىقاتلار، تارىخ پەلسەپىسىنىڭ كاتېگورىيەسى، تارىخ پەلسەپىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى تارىخ ئىلمىنى

نوقۇل ھالدىكى تارىخنى بايان قىلىپ بېرىشتىن، تارىختا بولغان چۈشەنچە ۋە تارىخى قانۇنىيەتلەرگە بولغان ئىزدىنىش باسقۇچىغا يۈكسەلدۈردى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تارىخ ئىلمى يەنە تەتقىقات نىشانى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تارىخ پەلسەپىسى، يىلنامە ئىلمى، ۋەسىقە ئىلمى، قەدىمكى يېزىق ئىلمى دېگەندەك كۆپلىگەن ساھەلەرگە بۆلۈندى. بۈگۈنكى تارىخ ئىلمى ئاللىقاچان باشقا ئىلىملار بىلەن بىر قاتاردا رەسمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىنىش باسقۇچىغا كىرىپ بولغاچقا، بىز ئۇيغۇر تارىخ تەتقىقاتىدا ئۆلچەملەشكەن، بىرلىككە كەلگەن تارىخ ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تارىختا ئائىت ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىش، ئۆلچەملەشتۈرۈشتە شىئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ، شىئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ، شۇنداقلا ئاتاقلىق تارىخ تەتقىقاتچىسى ئابلەت نۇردۇن ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇندىن باشقا نۇرغۇن تىل ۋە تارىخ تەتقىقاتچىلىرى بۇ ساھەگە ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. بىراق ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىملار تۈزۈپ، 2003-يىلى نەشر قىلدۇرغان «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» ناملىق ئەمگىكىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك بۇ ساھەدە بىرلىككە كېلىش ھەققەتەنمۇ قىيىن ئىدى. جۈملىدىن نۇرغۇن تارىخى ناملار مەسىلىسى تا ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسى تەرىپىدىن ھەل بولماي تالاشتا بولۇپ كەلگەنىدى. لېكىن، قىيىن، تەس دەپلا بۇ مەسىلىگە كۆزىمىزنى يۇمۇپ ئېتىبار بەرمەسلىككە، ئۇنى قېلىپلاشتۇرماسلىققا يول يوق. ئۇيغۇر تىلىدا تەتقىقات، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان خادىملاردا بىرلىكنى ساقلاش ئۈچۈن چوقۇمكى تارىخ ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك، بۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۈگۈنكى تەتقىقات ئۈچۈن چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك مۇتلەق زۆرۈر شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخ ئاتالغۇلىرىنى ئۇيغۇر-تۈرك مەنبەلىرىدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى، ياۋروپا، يەنى غەرب مەنبەلىرىدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى، ئەرەب-پارس مەنبەلىرىدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى، خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى، ھىندى مەنبەلىرىدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى دېگەندەك مەنبەلەر بويىچە بىر قانچە كاتېگورىيەگە ئايرىش مۇمكىن. ئاتالغۇلار تارىخنى خاتىرىلىگەن مۇشۇ بىرقانچە مەدەنىيەتلىك قەۋملەرنىڭ بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن تارىخ ئەسەرلىرىدىن ھېچبولمىغاندا شۇ دەۋر شارائىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن تېپىشىمىز مۇمكىن. بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە شۇكى، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى ئاتالغۇلارنى تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ ئېلىش كېرەكمۇ ياكى ئەسلى فونېتىك ياكى لېكسىكىلىق

شەكلى بويىچە بېرىش كېرەكمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە خاتىرىلىگەن مەلۇماتلىرىنى قانداق قىلىپ ئۆز مەنبەلىرىمىزدىكى، ياكى باشقا مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، توغرىسىنى تاپالايمىز، دېگەندەك مەسىلىلەر چوڭقۇر تەتقىقات ئارقىلىقلا ھەل قىلىش مۇمكىن بولغان مەسىلىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1994-يىلى دېكابىردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دۇنيا تارىخى ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» 1985-يىلى شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخا ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنى بىر قەدەر دۇنيا تارىخى ساھەسىدە بىر قەدەر مۇۋەپپىقىيەتلىك بېسىلغان بىر قەدەم دەپ ئېيتىش مۇمكىن. بىراق لۇغەتنىڭ شەرھلىق لۇغەت بولۇشى ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالغۇلىرىنىڭ ئازلىقىنى، دۇنيا تارىخىغا ئائىت بولۇشى بىزنىڭ تارىخىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىشلىتىش قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن.

ئەمدى ئۆزىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئاتالغۇلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتسەك، خەنزۇچە مەنبەلەر تارىخىمىز ھەققىدە ناھايىتى مول مەلۇماتلارنى قالدۇرغىنىغا قارىماي، ئوخشاش بىر ئاتالغۇلارنىمۇ ئۆز تىلىنىڭ، ئۆز دەۋرىنىڭ، ھەتتا ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈرلۈك شەكىلدە خاتىرىلىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز تىلىمىزدىكى ۋە باشقا مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى ئۇنىڭ ئەسلى ئۆز تىلىمىزدىكى تەگدىشىنى تېپىشنىڭ تولىمۇ تەس ئىكەنلىكىنى بەلگىلەپ قويغان. بىراق ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت تەتقىقاتتا ھېچقاچان خەنزۇچە 24 تارىخ نامى بىلەن ئاتالغان تارىخ كىتابلىرىدىن ئايرىلىپ تەتقىق قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇ مەسىلىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي-تەتقىقات باشقارمىسى 1980-يىللارنىڭ باشلىرىدا «24 تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ، خەنزۇچە تارىخ ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆلچەملىك تەرجىمىسى ئۈستىدە خىزمەتنى تۇنجى قېتىم باشلىدى. مەزكۇر گۇرۇپپا 1983-يىلى يانۋاردا تۈزگەن «تارىخنامە.پەرغانە تەزكىرىسى» «خەننامە.ۋېي چىڭ، خۇچۈيبىڭ تەزكىرىسى»(پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)نىڭ دەسلەپكى قىسمىدا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا «ئەمەللەرنى تەرجىمە قىلىشتا مۇمكىن قەدەر ئۇيغۇر تىلىدىن شۇ ئەمەل ئىسمىنىڭ قارشىلىقىنى تېپىپ ئىشلەتتۇق. زادى مۇناسىپ ئاتالغۇ تېپىلمىغاندا مەنىسىنى تەرجىمە قىلىپ ئاندى ئىزاھلىدۇق. تەرجىمە قىلغاندا ئۇيغۇرچە ئاتالمىلارنى ئىشلىتىشتىن تاشقىرى، ئەرەبچە، پارسچە ئەمەل ئىسىملىرىدىن پايدىلاندۇق.»② دەپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى پرىنسىپال مەيدانىنى شەرھلەپ ئۆتكەن. بۇ قېتىملىق خىزمەتنىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلگەن ئېنىدىكىسىقا بېرىلگەن سۆزلەردىن 焉支山 ــ ئالچى تېغى، 安息 ــ ئارساك،妫水 ــ ئامۇ دەرياسى، 大夏 ــ باكترىيە،前将军 ــ ئالدىچى سەنگۈن، 贤王 ــ بىلگە تۆرە، بىلگە خان، 骁骑将军 ــ ئالىپ چەۋەنداز سەنگۈن، 特勤ــتېكىن، 翁主ــ خانىكىچە، 太后ــ خان ئانا، 乌孙ــ ئۇيسۇن، 姑师 ــ قوس دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ناھايىتى مۇۋەپپىقىيەتلىك چىققان. ئۆزىمىزدىن بۇرۇنقى ئىلىم ساھەسىدە بولۇنغان تەتقىقاتلار ئارقىلىق، ئېنىقلانغان ناملار ئەينەن ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەل-مەنسەپ ناملىرىنى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىمىزدا ئىپادىلەشتە ئۆزلىرى ئېيتقاندەك ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرگە ئاۋۋال مۇراجىئەت قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ئۇيغۇر تارىخ ئاتالغۇچىلىقىدا مۇۋاپپىقىيەتلىك بېسىلغان بىر قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخي ئاتالغۇلار لۇغىتى»(1990)، «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى»(1997)، «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»(2003)، «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» (2001) قاتارلىق ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ساھىبى بولغان تارىخچى ئابلەت نۇردۇن تارىخىي ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسى مەسىلىسىدە كۆز يۇمغۇسىز زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرىدا، بولۇپمۇ 2003-يىلىدىكى «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» ناملىق ئەمگىكىدە «قايتا تۈزۈش رەتلەش داۋامىدا ئىلگىرىكى كىتابلاردا خاتا كەتكەن بەزى ئاتالغۇلار تۈزىتىلدى ياكى رەت تەرتىپى توغرىلاندى»③دەپ يازغان. بىراق مەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، تەتقىقاتچىنىڭ بۇ لۇغەت نەشردىن چىقىشتىن ئىككى يىل بۇرۇن نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» ناملىق كىتابىدىكى بىلەن ئوخشاشمايدىغان بەزى تەگداش ئاتالغۇلارنى بايقاپ قېلىپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. تۆۋەندە پەقەت ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسىدىكى پەرقلەرنىلا كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

«غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى ئىدىگىن(تېكىن) ئەركىن ـ بۇسات ـ تۇمېد ــ بايان ــ بازغان ــ دۇكتىك ـ ۋۇقتېبىر(ئۇتىبەگ) ـ چېگزۇك ــ ئۇتبان ــ قۇشۇ ـ گۇربالا ــ بايانچۇر ــ ئېل تېكىن ـ تون باغا ـ تاراس ـ ئايچۇر. قۇتلۇق ــ ئاي تەگرىدە قۇت بولمىش قۇلۇق بىلگە

قاغان ـ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان ـ كۈن تەڭرىدە ئۈلۈغ بولمىش قۇچ كۈچلۈك بىلگە قاغان ـ هازار تېكىن ـ غۇز تېكىن ـ كىچىك تېكىن ـ ئۈنى تېكىن ـ ئىنەن تېكىن»④

«خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» «قاغانلىق قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارلىرى سۈكۈن ئىركىن ـ بۇسات ـ تومىد ـ بايان ـ يىسۇغۇردۇ ـ دۇكىچ ـ ئۇگىتىر ـ دۇتىن ـ ئۇگنىر ـ قۇشۇ

ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى گۇربالا ـ بۇيانچۇر ـ ۋەزىردۇن باغا ـ ئىدىكىن ـ تاراس ـ ئالچۇر. ۋەزىر قۇتلۇغ ـ دىيانەتمەن قاغاننىڭ ئەۋلادى ـ تەڭرى ...بىلگە قاغاننىڭ ئەۋلادى ـ دىيانەتلىك قاغاننىڭ ئەۋلادى ـ قازار تېكىن ـ قۇت تېكىن ـ كاسار تېكىن ـ ئۇكا تېكىن ـ تېكىن ئاكىنىر»⑤

ئۇندىن باشقا ليۇزىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگىكىدە ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسى يەنە تۆۋەندىكىدەك بېرىلگەن:«تېركىن ـ بوسات ـ تۇمەت ـ بايان ـ بىي سوغۇردۇ ـ تۇغۇچۇق ـ ۋودىبىربەگ ـ چىكى زۇڭ ـ گۇربالا ـ مويۇنچۇر ـ ئىدىكىن ـ تون باغا تارخان ـ تاراس ـ ئىل كۇر ـ قۇتلۇق ـ ؟ـ ؟ـ ؟ـ قازار تېكىن ـ قۇت تېكىن ـ قوۋۇ تېكىن ـ ئۇكا تېكىن ـ ئوكنىر تېكىن»⑥

تارىخ تەتقىقاتچىسى ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى ھەققىدىكى مەخسۇس ئەسىرى «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا شەجەرە تۆۋەندىكىدەك بېرىلگەن:

«سۈكۈن ـ بۇسات ـ تومىد ـ بايان ـ باز ـ دۇكىچ (تۇغۇچۇق)ـ ئوكتېبىر ـ چىڭزۇڭ ـ ئۆكتېنان(ئوتبان)ـ قۇشۇخان ـ كۆل بويلا ـ باياچۇر ـ ئىدىكەن ـ تونباغا ـ تالاس(تاراس) ـ ئايچۇر ـ قۇتلۇق ـ كۈلۈگ بىلگە ـ ئىنگى ياغلاقار ـ ؟ـ خازار(هازار) تېكىن ـ قۇت تېكىن ـ قۇشۇۋ تېكىن ـ ئوكا تىكىن ـ ئوكنىر تېكىن⑦»

(ئىزاھات: يۇقىرىدا پەقەت قاغانلارنىڭ ئۆز ئىسمى ياكى شۇنىڭ ئورنىدا كەلگەن ئاتالغۇلارلا ئىشلىتىلدى. ئۇنۋان ناملىرى ئاتالمىدى.)

ئەمدى ئوخشاش ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاغانلىرى شەجەرىسى ھەققىدىكى چەتئەل ئالىملىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

گۇلچىن چاندارلى ئوغلىنىڭ «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەتى» ناملىق ماقالىسىدا كۆرسىتىلىشىچە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسى تۆۋەندىكىچە:

«قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ـ مويۇنچۇر ـ بۆگۈ ـ ئالپ قۇتلۇق بىلگە ـ ئاي تەڭرىدە

قۇت بولمىش كۈلۈگ بىلگە ــ ئا چو(فەك چىبك) ــ ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ ئۇلۇغ بىلگە ـ تەڭرىدە بولمىش ئالىپ كۈلۈگ بىلگە ــ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە ــ كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ كۈچلۈك بىلگە ــ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش بىلگە ــ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ كۈلۈگ بىلگە»⑧

سائادەتتىن گۈمەچىنىڭ «ئۇيغۇر تۈركلىرى تارىخى ۋە مەدەنىيەتى» ناملىق كىتابىدا كۆرسەتكەن ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسى تۆۋەندىكىدەك:

«قۇتلۇق بىلگە قاغان ـ تاي بىلگە تۇتۇق ـ ئىل ئەتمىش بىلگە قاغان(مويۇنچور) ــ ئىل تۇتمىش بۆگۈ قاغان ــ تۈن باغا تارقان(ئىشىخ تىلىبىردىن) ـــ كۈلۈگ بىلگە قاغان ــ قۇتلۇق بىلگە(ئا چور) ـ ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان ـــ ئالىپ كۈلۈگ بىلگە قاغان ـــ ئالىپ بىلگە قاغان ــ كۈچلۈگ بىلگە قاغان ــ قاسار قاغان ـــ خۇ(ئالىپ كۈلۈگ بىلگە)قاغان ــ قاسار قاغان2 ــ لۇچى تېگىن»⑨

ئۇندىن باشقا ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ تۈركچە «Uygur Kağanlığı» ماددىسىدا:

«قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ـ بىلگە كۆل قاغان (مويۇنچور قاغان)ـــ تەڭرى قاغان (تەڭرى قاغان)ـــ ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان ((تۈن باغا تارقان)ـــ كۈلۈگ بىلگە قاغان ــ قۇتلۇق بىلگە قاغان ـ ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بۇلمىش ئالىپ قۇتلۇق ئۇلۇغ بىلگە قاغان ـــ ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان ـ ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالىپ بىلگە قاغان ـ كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بۇلمىش ئالىپ كۈچلۈگ بىلگە قاغان ــ ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالىپ بىلگە قاغان(قاسار تېگىن) ـ ئاي تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالىپ كۈلۈگ بىلگە قاغان ــ ۋۇزوك (لۇژى قاسار)»⑩ دەپ ئېلىنغان.

ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ ئىنگلىزچە « Uyghur Khagans» ماددىسىدا:

«قۇتلۇغ بىلگە كۆل (ك’ئۇ-لى پ’ئىي-لو)ـ ئىل-ئەتمىش بىلگە (بايان چۇر، مو يېن چو)ـ قۇتلۇغ تارقان سەنگۈن (تەڭرى بۆگۈ، تەڭ-لى موئۇ-يۈ)ـئالىپ قۇتلۇغ بىلگە (تۈن باغا تارقان)ـئاي تەڭرىدە بۇلمىش كۈلۈگ بىلگە (تو-لو-سسۇ)ـقۇتلۇغ بىلگە (ئا-چو)ـ ئاى تەڭرىدە ئۇلۇغ  بۇلمىش ئالىپ قۇتلۇغ ئۇلۇغ بىلگە (قۇتلۇغ، كۇ-تۇ-لۇ)ـ ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش كۈلۈگ بىلگە ـ ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش كۈلۈگ بىلگە ـكۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بۇلمىش ئالىپ كۈچلۈگ بىلگە (چۇڭ-تېي)ـئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالىپ بىلگە (قاسار، كو-سا)ـئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالىپ كۈلۈگ بىلگە (هۇ)ـكۈرەبىر (هو-سا) ــ ئۆگې»[11] دەپ ئېلىنغان.

يەنە ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ رۇسچە «Уйгурский каганат» ماددىسىدا:

www.kitaphumar.com

«قۇتلۇق بىلگە ــ مويۇنچۇر ـ ئىدىگەن ــ دۇنماغا؛ ئالپ قۇتلۇغ بىلگە ــ پاڭگۈن تېكىن؛ دولوس؛ كۈلۈگ بىلگە ـ ئاچژو خان قۇتلۇغ بىلگە قاغان ـ قۇتلۇق؛ ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇغ ئۇلۇغ بىلگە قاغان ـ كۈلۈگ بىلگە قاغان ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان ـ بويى خان؛ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان ــ چېڭدي خان؛ كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بۇلمىش ئالپ كۈچلۈگ بىلگە قاغان ـ جاۋلى خان؛ ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالپ بىلگە (قاسار) ـ كۈلۈگ بەگ؛ خان ئاى تەڭرىدە قۇت بۇلمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان ــ خېسا تېكىن ــ ئۇگې خان ــ ئېنيەن قاغان»[12] دەپ ئېلىنغان.

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ تەتقىقاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خەنزۇچە مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاشلاردا خاتىرىلەنگەن قاغان نامىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تولۇق بىرلىككە كەلگەن ئورتاق بىر قاراش تېخى شەكىللەنگىنى يوق. چەتئەل ئالىملىرى بۇ خىل نامالارنى تەتقىق قىلغاندا، كۆپىنچە خەنزۇچە ئەسلى يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشىنى يازغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ياكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى نامىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قاغانلارنىڭ ئىسمى ئادەتتە ئۆز ئىسمى، ئۇيغۇرچە يەرلىك ئاتاق نامى، خەنزۇچە ئاتاق نامى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلەتتى. مەسىلەن، كۆپىنچە ئىلىم ساھەسىدە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ بىرىنچى قاغانى دەپ ھېسابلانغان، 骨力裴罗 نامى بىلەن، 骨咄禄毗伽阙可汗ئۇنۋانى بىلەن، شۇنداقلا يەنە خەنزۇ تىلىدىكى 怀仁可汗 نامى بىلەن خاتىرىلەنگەن قاغاننىڭ نامى ليۇزېشياۋ ۋە ئابلەت نۇردۇن ئەپەندىلەر تەرىپىدىن گۈربالا، قۇتلۇق بىلگە كۈل قاغان، رەھمەدىل قاغان، سۆيىنگىل قاغان دېگەن ناملار بىلەن ئالغان. ئەھمەد سۇلايمان ئەپەندى بۇ نامنى «كۆل بويلا» دەپ ئالغان. خەلقئارا تەتقىقاتلاردا بۇ قاغان ئومۇمەن قۇتلۇق بىلگە قاغان ياكى قۇتلۇق بىلگە كۈل قاغان نامى بىلەن ئاتالغان. بىر ئادەمنىڭ بۇنداق كۆپ خىل ناملار بىلەن ئاتىلىشى بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغان. تەتقىقاتچىلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا كۆپ خىل يول تۇتقان. بەزىلىرى قاغان ئاتاقلىرىنى قىسقارتقان. بەزىلىرى يەنە ئايرىم خاتالىقلارغا يول قويغان. بۇلارنىڭ تارىخي خاتالىقلىرى ھەققىدە سۆزلەش ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى بولمىغاچقا، ئۇ ھەقتە توختالمايمىز. بۇ خىل ناملارنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە، قارىقويۇق خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىش ھەرگىز كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنداق بولغاندا، بىزنىڭ تارىخ ساھەيىمىز

ئاتالغۇ قالايمىقانچىلىقىغا پېتىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ نورمال تەتقىقات يولىدا ماڭالمايدۇ. شۇڭا تارىخ ئاتالغۇلىرىنى بولۇپمۇ قەدىمكى زامان تارىخىغا ئائىت بۇنداق ئاتالغۇلار ھەققىدە ئىشلىگەندە تېما ھەققىدە پۈتۈن دۇنيادا ئىشلەنگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر ئىلىمدە يەككە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىلىم-پەننى تۈيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. كۆپ خىل تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، مەسىلەن يۇقىرىقى قاغان نامىلىرىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە يېزىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەسلى نامى ھەققىدىكى چەتئەل تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قەدەر نوپۇزلۇق قاراشلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئۆز پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ ئاتالغۇنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. يۇقىرىقى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسىنىڭ تۈرلۈك مەنبەلىرىدىكى سېلىشتۇرمىلىرىدىن ئايرىم پەرقلەر گەۋدىلىنىپ تۇرسىمۇ، بىراق كۆپىنچە قاغان نامىلىرى بىر-بىرىدىن بەكلا پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. دېمەك، بۇ جەھەتتە ئاساسەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىدە پىكىر بىرلىكى شەكىللىنىپ بولغان. بۇنداق نۇقتىلاردا بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسىنى بېكىتىشتە شۇ خىل ئورتاق قاراشلاردىن پايدىلانساق تامامەن بولىدۇ.

بۇ يەردە يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ، شىنجاڭ تارىخىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توغرا بىلىش ۋە چۈشىنىشكە ئېرىشىشىدە ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىمدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ ساھەسىدە ئۇيغۇرچە تەتقىقات ۋە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر قانداق بىلىم ئادىمى چوقۇم تارىخ ئاتالغۇلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىش مەسىلىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك. ئابلەت نۇردۇن ئەپەندىدەك ئۆزى ئىشلەتكەن تارىخ ئاتالغۇلىرىنى ئۆزى ئىنكار قىلىشتەك ئاچچىق ھەقىقەتتىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، ئاددىي ھالدىكى تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ئەلۋەتتە تارىخ ئاتالغۇلىرىنى توپلاپ، كىتاب قىلىشتا ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى زور تۆھپە قوشتى. بۇ جەھەتتە بېسىلغان تۇنجى قەدەملەر ئابلەت نۇردۇن بىر ئۆزىنىڭ غەيرىتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان بولسا، بۇندىن كېيىنكى مۇكەممەل تارىخ ئاتالغۇلىرى لۇغىتى تارىخ ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ باش قوشۇپ، بىرلىكتە ئىشلىشىگە باغلىق ناھايىتى تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ تۇرماقتا.

www.kitaphumar.com

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

① ۋىكىپېدىيە تور قامۇسى خەنزۇچە «历史» ماددىسىغا قاراڭ.
②«24 تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى»: «تارىخنامە.پەرغانە تەزكىرىسى» «خەننامە.ۋېي چىڭ، خوچۇيبىڭ تەزكىرىسى»(پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)، 1983-يىلى يانۋار
③ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم:«خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»:2003-يىلى
④ ئابلەت نۇردۇن : «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» 2001-يىل
⑤ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم:«خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»:2003-يىلى
⑥ ليۇزېيشياۋ:«ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم (1) 1987-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى
⑦ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق:«ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل
⑧تۈرك تارىخ جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2002-يىلى نەشر قىلىنغان «تۈركلەر» ناملىق 20 توملۇق چوڭ ھەجىملىك توپلامنىڭ 2-تومىغا كىرگۈزۈلگەن گۈلچىن چاندارلى ئوغلىنىڭ «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەتى» ناملىق ماقالىسىدىن
⑨سائادەتتىن گۆمەچ:«ئۇيغۇر تۈركلىرى تارىخى ۋە مەدەنىيەتى»
⑩ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ تۈركچە «Uygur Kağanlığı» ماددىسىغا قاراڭ.
[11] ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ ئىنگلىزچە « Uyghur Khagans» ماددىسىغا قاراڭ.
[12]ۋىكىپېدىيە تور قامۇسىنىڭ رۇسچە «Уйгурский каганат» ماددىسىغا قاراڭ.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2014-يىللىق 3-سانىدىن ئېلىندى.
ماقالىنى ئاپتور تەمىنلىگەن.

www.kitaphumar.com

# تارىخىي رومان ۋە تارىخنىڭ ئەسلى يۈزى (1)

## ـــــ«جاللات خېنىم» رومانىدىكى تارىخىي بايانلارغا تۈزىتىش ۋە تولۇقلىما

ئابدۇغېنى مامۇت

بىر پۈتۈن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، تارىخىي پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى، مەلۇم كۆلەم شەكىللەندۈرگەنلىكى ھەممىزگە ئايان. لېكىن، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان تارىخىي رومانلارنى، تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ ئاساسىي ۋە ئەڭ ئەقەللىي بولغان : «تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومان،چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ھەم ھەقىقىي تارىخ،ھەم بەدىئىي ئەسەر بولىشى، يەنى تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ جانلىق بىرىكمىسى بولالىشى، ھەممىدىن ئاۋۋال، تارىخىي چىنلىقنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم»(1)دېگەن پىرىنسىپ بويىچە ئۆلچىگىنىمىزدە،ھەممىسىنى بۇ ئۆلچەمگەيەتكەن ئەسەرلەر دېيەلمەيمىز. بولۇپمۇ، بىر قىسىم تارىخىي رومانلاردا، تارىخ تەتقىقاتى ساھەسى تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن بىرلىككە كېلىپ بولغان مۇھىم يىلنامىلەر ئاپتۇرنىڭ ئۆز خائىشى بويىچە ئۆزگەرتىلىۋېتىلىدىغان، تارىخ تەتقىقاتى ساھەسى تەرىپىدىن تېخى بىرلىككە كېلىنمىگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ئالدىغا تۈگەللەيدىغان، بەزى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا، زور تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى شەرھىلەشتە، تارىخىي پاكىتنى ئاساس قىلماي، ياكى شۇ شەخس، شۇ ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئەسەرلەرگە،تارىخ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە مۇراجىئەت قىلماي، ئەسەر سىيوژىتى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئۆز ئىددىيىسى بويىچە قوراشتۇرۇلۇپ ئىپادىلەيدىغان ئەھۋاللار ھېلىھەم مەۋجۇت.جۈملىدىن، ھازىر بەزى ھىسسىياتچان ئوبزورچى-ئەدىبلىرىمىز تەرىپىدىن «ئېپوس» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ قىزغىن ئالقىشلىنىۋاتقان«جاللات خېنىم» ناملىق تارىخىي رومانىنى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن دېيىشكە بولىدۇ.

يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلانىنىڭ «جاللات خېنىم» ناملىق ئىككى توملۇق

تارىخىي رومانى، 17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دىيارىمىزدا ھەقىقىي ياشاپ ئۆتكەن تارىخىي شەخس، جاللات خېنىم نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ھاياتىي ـ پائالىيەتلىرىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ، شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار تارىخىنىڭ كەنجى گۈللىنىش مەنزىلىنى ياراتقان مەشھۇر خانلىق ــ يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە، يەنى بۇ خانلىقنىڭ ئاجىزلىشىش، پارچىلىنىش ۋە ئەڭ ئاخىرى مۇنقەرز بولۇشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم يىللىرىغا، شۇ دەۋردە يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەرگە ۋە ئەينى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان ئەسەر. بۇ ئەسەر يازغۇچىنىڭ كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى ۋە ئىجتىھات بىلەن قەلەم تەۋرىتىشى نەتىجىسىدە، بەدىئىلىك جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىز بۇ ئەسەردىكى تارىخىي بايانلارنى تارىخنىڭ ئەسلى يۈزى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، نۇرغۇنلىغان كەمتۈكلۈك ـ نوقسانلارنى بايقايمىز. بولۇپمۇ ئەينى دەۋر سىياسى ـ مەدەنىيەت رىئاللىقىدىكى زور ۋەقەلەر، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، مۇھىم يىلنامىلەر، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر، جۇغراپىيىۋىي يۇرت ـ جايلار ھەققىدىكى تەپسىلاتلاردا، تارىخىي چىنلىق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، كىشى كۆڭلىنى تولىمۇ غەش قىلىدۇ. بۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئەينى دەۋر تارىخىنىڭ ئەسلى يۈزىنى ئېنىق بىلىپ يېتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، ئۇشبۇ ئەسەردىن بەھرىلىنىش تۇيغۇسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇنداقلا، بىزنى،ئەينى دەۋر تارىخىنىڭ ئەسلى يۈزىنى ئېچىپ بېرىشكە ئۈندەيدۇ.

بىرىنچى، «جاللات خېنىم» رومانى (تۆۋەندە قىسقارتىپ رومان دېيىلىدۇ) دىكى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئۆلۈمى، يولۋاسخاننىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تەختىدە سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى، شۇنداقلا ئىسمايىلخاننىڭ تەختكە چىقىش جەريانى توغرىسىدىكى تارىخىي بايانلارغا تۈزىتىش ۋە تولۇقلىما.

بىرىنچى، «جاللات خېنىم» رومانى (تۆۋەندە قىسقارتىپ رومان دېيىلىدۇ) دىكى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئۆلۈمى، يولۋاسخاننىڭ يەكەن خانلىقى تەختىدە سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى، شۇنداقلا ئىسمائىلخاننىڭ تەختكە چىقىش جەريانى توغرىسىدىكى تارىخىي بايانلارغا تۈزىتىش ۋە تولۇقلىما.

سۇلتان ئابدۇللاخان يەكەن خانلىقى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر

تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر شەخس، شۇنداقلا ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەشھۇر ئىستىبلاچى، ئۆزگىچە سىياسىي ئىسلاھاتلىرى ۋە كۆپ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشلىرى ئارقىلىق پارچىلىنىش، ئاجىزلىشىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان يەكەن خانلىقىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە، روناق تاپقۇزۇشقا تۈرتكە بولغان مەشھۇر پادىشاھ. ئۇ ھىجرىيە 1048-يىلى (مىلادىيە1638-1639-يىللىرى) يەكەن خانلىقى تەختىگە چىقىپ، ھىجرىيە 1079-يىلى (مىلادىيە1668-1669-يىللىرى) تەختىنى تەرك ئېتىپ، ھىندىستان ئارقىلىق ھەج-تاۋاپ قىلغىلى كەتكىچە بولغان 30يىلدىن ئارتۇقراق داۋاملاشقان سەلتەنەت دەۋرىدە، ئىلگىرىكى شاھزادىلەرنىڭ ئۆز ئارا تەخت تالىشىش نىزالىرى سەۋەبلىك، ئۇششاق پارچىلىنىپ شانۇ-شەۋكىتىنى يوقاتقان يەكەن خانلىقىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، نۇرغۇن قېتىملىق ئىستىبلاچىلىق ھەربىي يۈرۈشلىرى ئارقىلىق، غەربتە پەرغانە ۋادىسىدىن تارتىپ ئەنجان تاشكەنتكىچە، جەنۇبتا بۇلۇر، بەلىختىن تارتىپ كەشمىرگىچە بولغان ئەل-ئۇلۇسلارنى يەكەن خانلىقى تەسەررۇپىغا قوشۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ شۆھرەتلەنگەن. شۇڭا، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆلۈمىمۇ ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ۋەقەنى تارىخنامىلەردە، تەتقىقات ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس، تارىخىي پىروزا ئەسەرلىرىدىمۇ ئەينى بويىچە ئاۋامغا، ئوقۇرمەنگە يەتكۈزۈش بىر خىل مەجبۇرىيەت ۋە بۇرچتۇر.

رومانىنىڭ تۆتىنچى باب «تىترىگەن زېمىن» ۋە بەشىنچى باب «پاجىئەلىك قىسمەتلەر» دە، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر توغرىسىدا: «سۇلتان ئابدۇللاخان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپپاق خوجا) نىڭ ‹قارا خەت› ھىيلىسىگە ئالدىنىپ، ئۆز ۋاقتىدا يەكەن خانلىقىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۆپ كۈچ چىقارغان سادىق ئەمىرلىرىدىن بىر نەچچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خەلقنىڭ نارازىلىقىغا قالغانلىقى، ئوردا ئەركانلىرىنىڭ خانغا بولغان ساداقىتى ۋە ئىشەنچىنىڭ سۇسلاشقانلىقى، (197-بەت) ئاندىن ئۆز ئوغلى شاھزادە يولۋاسخان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېلىپ، قاتتىق ئار-نومۇسقا قالغانلىقى،(210-بەت) ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ‹قارا خەت› ھىيلىسىگە يەنە بىر قېتىم ئالدىنىپ، ئۆزىنىڭ نەۋرىلىرى، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ چوڭ ئوغلى خوتەننىڭ نائىب ئەمىرى خانزادە ئەبەيدۇللاخان بىلەن قىزى مەلىكە خانزادە خېنىمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى (228-ۋە 233-بەت)، كېيىن قىززىق قانلىق بىلەن قىلىپ قويغان بۇ ئىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، خانلىق تەختىنى كىچىك

ئوغلى ــ شاھزادە ئابدۇمۆمىنخانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى بەيتۇل مۇقەددەسكە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلىپ گۇناھىغا توۋا قىلىش ئۈچۈن، خانىش، شاھبانۇلىرىنى ئېلىپ بەش يۈز نەپەر مۇلازىمىنىڭ قورۇقچىلىقىدا ھىندىستانغا يولغا چىققانلىقى (238-بەت). ئۇنىڭدىن كېيىن، يولۋاسخاننىڭ قەشقەردىن يەكەنگە لەشكەر تارتىپ،ئىنىسى ئابدۇمۆمىنخاننى ئۆلتۈرۈپ، يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققانلىقى (241-بەت). ھەمدە،شاھزادە يولۋاسخاننىڭ خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئاستىرتىن يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىككى نەپەر كاللا كېسەرنى نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ھىندىستانغا ماڭدۇرغانلىقى. ئۇلار كېتىپ تولۇق ئۈچ ئاي بولغاندا سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كاللىسىنى خۇرجۇنغا سېلىپ ئەكەلگەنلىكى. دادىسىنىڭ تېنىدىن جۇدا بولغان كاللىسىنى كۆرۈپ، يولۋاسخاننىڭ بىردىنلا ئىنىسىنى تاپقاندەك بولۇپ، پۇشايمان قىلىپ پەرياد چەككەنلىكى ۋە ئالتۇنلۇق مازىرىغا دەپنە قىلدۇرغانلىقى (277-بەت). يولۋاسخاننىڭ تەختتە ئىككى يىلدەك ئولتۇرغانلىقى (264-بەت). شۇنداقلا، مىلادى1670 -يىلى يازدا سۇلتان ئىسمايىلخان جىيەنى شاھزادە يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ خانلىق تەختىگە چىققانلىقى (335-بەت).» بايان قىلىنغان.

تارىخىي مەنبەلەردىكى ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، سۇلتان ئابدۇللاخان ئوغلى يولۋاسخاننىڭ ئاقتاغلىق خوجىلار (ئىشقىيەچىلەر) نىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن خانلىق تەختىگە خىرىس قىلىشىدەك ئىشلىرىدىن بىزار بولۇپ، پادىشاھلىق تەختىنى تەرك ئېتىپ، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە يېقىن كىشىلىرىنى ئېلىپ ھىندىستان ئارقىلىق مەككىگە ھەج قىلىشقا كەتكەن. يەنى رومانىدا يېزىلغىنىدەك، ھىندىستان ئارقىلىق مەككىگە ھەجگە ماڭغاندا، خانلىق تەختىنى كىچىك ئوغلى ــ شاھزادە ئابدۇمۆمىنخانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئەمەس، بەلكى تەختىنى تەرك ئېتىپ چىقىپ كەتكەن. چۈنكى، بىرى، بۈگۈنكى زامانغا تەۋە ئۇيغۇر تارىخچىسى ھاجى نۇر ھاجىنىڭ «شاھزادە ئابدۇمۆمىنخاننىڭ ئاتىسى ئابدۇللاخان تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغانلىقى» ھەققىدىكى قىسقا، ئاساسسىز ئۇچۇرى(2) دىن باشقا ئەينى تارىخىي دەۋرلەرگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلارغا تەۋە بولغان «تاۋارىخ»، «كاشغەر تارىخى»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەردە، شۇنداقلا بۈگۈنكى زامانغا تەئەللۇق بارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىدە، شاھزادە ئابدۇمۆمىنخان ئىسىملىك بىرسىنىڭ يەكەن خانلىقى تەختىگە چىققانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق ئۇچۇر-مەلۇمات يوق. يەنە بىرى، ئۆز ئاتىسىدىن تەخت تالىشىشتىن ئايانمىغان شاھزادە يولۋاسخاننىڭ، ئەگەر كىچىك ئىنىسى شاھزادە ئابدۇمۆمىنخان تەختكە

چىقىرىلسا، ئۇنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىدەك رىئاللىقنى ئابدۇللاخاندەك پادىشاھلا ئەمەس، بەلكى بىر دادا بولغان ئادەمنىڭ بىلىپ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا، ئەينى دەۋرنىڭ ئاتاغلىق تارىخچىسى شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تاۋارىخ» ناملىق (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ‹سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار› نامى بىلەن نەشر قىلىنغان) ئەسىرىدە، شۇنداقلا تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئەينى دەۋر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى 1-قول مەنبە دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتقان، 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «كاشغەر تارىخى» ناملىق (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ‹چىڭگىزنامە› نامى بىلەن نەشر قىلىنغان) ئەسەردە ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەردە: «سۇلتان ئابدۇللاخان ھىندىستان ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغىچە يول ئۈستىدىكى بارلىق يۇرت، ئۇلۇس ۋە خانلىقلارنىڭ خان پادىشاھلىرى، بولۇپمۇ ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمدارى ــ مەشھۇر ئىمپېراتور ئەرەڭزىب تەرىپىدىن ناھايىتى يۇقىرى ئىززەت- ئىكرام بىلەن كۈتىۋېلىنىپ، ھەم ئۇنىڭ ئادەم قېتىپ يول باشلىشى بىلەن مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ، ھەج-تاۋاپ پائالىيىتىنى تولۇق تاماملاپ « ھاجى ئەل ھەرەمەيىن» بولۇپ (ئەينى ۋاقىتتىكى سەپەر سۈرئىتى بويىچە بولغاندا بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە سەپەر قىلىپ) قايتىپ، ھىندىستاننىڭ جاھان ئاباد دېگەن يېرىگە ئورۇنلاشقان، شۇنداقلا شۇ جايدا 67يېشىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ھەمدە شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان.»(3) يەنى روماندا يېزىلغىنىدەك، سۇلتان ئابدۇللاخان ئوغلى شاھزادە يولۋاسخان ئەۋەتكەن كاللا كېسەر قاتىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ (بۇ كاللا كېسەر قاتىللار كېتىپ تولۇق ئۈچ ئاي بولغاندا)، كاللىسى يەكەنگە ئېلىپ كېلىنىپ ئالتۇنلۇق مازىرىغا دەپنە قىلىنغان ئەمەس. ئاپتور رومانىدىكى بۇ تارىخىي بايانلاردا، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ سەلبىي ئوبرازىنى تېخىمۇ خۇنۈكلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيمەن دەپ، ئەينى تارىخنى قالايمىقان ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ئەمدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى جەريانلار ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، تارىخىي مەنبەلەر-دىكى ئۇچۇرلاردا قەيت قىلىنىشىچە، شاھزادە يولۋاسخان دادىسى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ تەختىنى تەرك ئېتىپ، ھەمراھلىرى بىلەن ھىندىستان ئارقىلىق مەككىگە ھەج-تاۋاپ قىلىشقا كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوشۇن تەشكىللەپ، كاشغەردىن يەكەنگە كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇنىڭ نائىبى بولۇپ تۇرىۋاتقان سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىلخانمۇ، چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ «ياشتا چوڭى تەخت

www.kitaphumar.com

ۋارىسى بولۇش» تەك كونا ئەنئەنىسى بويىچە، ئۆزىنى يەكەن خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قانۇنلۇق تەخت ۋارىسى ھېسابلاپ، لەشكەر تارتىپ يەكەنگە كېلىدۇ. ئىككى قوشۇن پايتەخت يەكەن قەلئەسى يېنىدا ئۇچرىشىپ قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. بۇ قېتىملىق جەڭدە گەرچە ئىسمائىلخان تەرەپ يەڭگەن بولسىمۇ، شاھزادە يولۋاسخان يەكەن شەھەر قەلئەسىگە بالدۇر كىرىۋېلىپ بېكىنىۋالغاچقا، ئىسمائىلخان قەلئەنى ئالالماي ئامالسىز ئاقسۇغا چېكىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە يولۋاسخان يەكەن خانلىقى تەختىگە چىقىدۇ(4). لېكىن، شاھزادە يولۋاسخان زالىم تەبىئەتلىك بولغان تەختتە پەقەت بىر يىللا ئولتۇرغان بولۇپ (روماندا يېزىلغىنىدەك ئىككى يىل ئەمەس)، ئوردا ئەمىرلىرىدىن ئەلى شاھ بەگ ۋە ئەركا بەگلەر تەرىپىدىن قىرىق بىر يېشىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ (روماندا يېزىلغىنىدەك ئىسمايىلخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئەمەس). ھەمدە،ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئەمىرلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن خانلىق تەختىگە چىقىدۇ(5) (روماندا ئابدۇلېتىپ سۇلتانغا ئورۇن بېرىلمىگەن، بۇ ھەقتىكى تارىخىي بايانلار چۈشۈپ قالغان). مىلادىيە 1670-يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە (روماندا يېزىلغىنىدەك يازدا ئەمەس)، ئىسمائىلخان زور قوشۇننى باشلاپ كېلىپ يەكەندىكى ۋەزىر-ئەمىرلەرنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىششى بىلەن ئابدۇلېتىپ سۇلتاننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ (روماندا يېزىلغىنىدەك شاھزادە يولۋاسخاننى ئەمەس)، شۇ يىلى 4-ئاينىڭ 2-كۈنى (ھىجرىيە 1080-يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 11-كۈنى) يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقىدۇ.(6)

ئىككىنچى، روماندىكى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يەكەن خانلىقى تەسەررۇپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ۋاقتى، قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ياردەم سوراپ تىبەتكە بارغىچە بولغان سەپەر لىنىيىسى ۋە كېيىنكى ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى تارىخىي بايانلارغا تۈزىتىش ۋە تولۇقلىما.

خوجا ھىدايىتۇللا 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيانقى ئۇيغۇر سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخس. ئۇ، ئاقتاغلىقلارنىڭ 1-ئەۋلاد سەردارى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىيە 1625-يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان. ئاتىسى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ دىنىي گورۇھنىڭ داھىيسى بولغان. يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇللاخان پادىشاھلىقى دەۋرى (1638ــ1668) گە كەلگەندە، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ئۈزلۈكسىز زورايغان، ھەتتا بەزىدە خانلىقنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. بولۇپمۇ، ئابدۇللاخاننىڭ

www.kitaphumar.com

ئوغلى،كاشغەرنىڭ نائىب ئەمرى شاھزادە يولۋاسخاننى ئۆز ئاتىسىدىن تەخت تالىششقا كۈشكۈرتۈپ، نۇرغۇن قېتىملىق سىياسىي ماجىراغا سەۋەب بولغان. كېيىن ئىسمائىلخان قارا تاغلىقلار (ئىسھاقىيەچىلەر) نىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىققاندا، بىرىنچى بولۇپ ئۇنى خانلىق زېمىن دائىرىسىدىن قوغلاپ چىقارغان. خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يەكەن خانلىقى تەسەررۇپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئىنىق ۋاقتى. قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن،ياردەم سوراپ تىبەتكە بارغىچە بولغان سەپەر لىنىيىسى ۋە كېيىنكى ئىش-پائالىيەتلىرى، كېيىنكى ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم ۋەقەلەر بولۇپ، بۇ ۋەقەلەرنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئەسلى يۈزى بويىچە يەتكۈزۈشمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسئۇلىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايمىز.

رومانىنىڭ سەككىزىنچى باب «ئەمەلگە ئاشمىغان سۇيىقەست» ۋە توققۇزىنچى باب «داغ» دا، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يەكەن خانلىقى تەسەررۇپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ۋاقتى. قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن،ياردەم سوراپ تىبەتكە بارغىچە بولغان سەپەر لىنىيىسى ۋە كېيىنكى ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدا: «ئىسمائىلخان مىلادىيە1670-يىلى ياز (ئەسلى ئەتىياز، 4-ئاي) دا قارا تاغلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەكەن خانلىقى تەختىگە چىقىدۇ. ئاقتاغلىقلارنىڭ داھىيسى بولغان خوجا ھىدايىتۇللا، ئۆزى يۆلەپ تەختكە چىقارغان يولۋاسخاننىڭ ئىسمائىلخان تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن (رومانىدا يولۋاسخاندىن كېيىن قىسقا مۇددەت بولسىمۇ تەختكە چىققان ئابدۇلېتىپخانغا ئورۇن بېرىلمىگەن) يەكەندىن قېچىپ چىقىپ، قەشقەرگە بىر مەزگىل يوشۇرۇنىۋالىدۇ. مىلادىيە1671- يىلى باھاردىن باشلاپ سۈلۈك تەرغىباتنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ (532- بەت)، جەمئىيەتتە يەنە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىپ، ئىسمائىلخاننىڭ قىسمەن ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالىدۇ. كېيىن، يەنى1672-يىلى يازدا ئىسمائىلخاننى قەستلەش پىلانى بىتچىت بولۇپ، خان يارلىقىغا بىنائەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن يەكەن زېمىنىغا مەڭگۈ ئاياغ باسماسلىق شەرتى بىلەن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.(575- بەت). ئاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى سىياسىي كۈچلەردىن ياردەم ئېلىپ، ئىسمائىلخاندىن ئۆچ ئېلىش ۋە يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىش مەقسىدىدە، سەرگەردانلىق سەپەر ھاياتىنى باشلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ بەدەخشانغا بارىدۇ.(578- بەت) ئۇ يەردىن ئاستىراخانلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ئوردىسىغا (بەلخ ياكى بۇخاراغا) بارىدۇ.(582- بەت) شۇنداقلا، بەش يىل ئەتراپىدا بەدەخشان، كابۇل، ھىرات، بۇخارا، ئەنجان، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەر ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈيدۇ.(584-بەت) ئۇ يەرلەردىن

كەشمىر پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى سىرىناگارغا بېرىپ پادىشاھ مەھەممەد راجاخان بىلەن كۆرۈشىدۇ.(586- بەت) ھەمدە، پادىشاھ مەھەممەد راجاخاننىڭ تەۋسىيىسى بىلەن تىبەتتىكى بۇددا دىنىنىڭ روھانىسى دالاي بىلەن كۆرۈشمەك بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ شەرتى ــــ بىراخمان (بۇددا) ئەقىدىسىگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىراخمان ئەقىدىسى ۋە مۇراسىم-يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىدۇ.(593-بەت) ھەتتا، مىلادىيە 1678-يىلى 1-ئاينىڭ ئاخىرلىرى (594-بەت) تىبەتتىكى لخاسا شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، بۇددالار سارىيىدىكى ساڭرامغا كىرىپ، ئۇچىسىغا بۇددىستلارنىڭ كىيىمى كاساياني كىيىپ، ئەۋلىيالارنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا كېچە-كۈندۈز ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ، دالاي لامانىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتىدۇ.(598-بەت) ئۆزىنىڭ بۇددا ئەقىدىسىگە بولغان چەكسىز ساداقىتى بىلەن دالاينى تەسىرلەندۈرۈپ، شۇ يىلى باھاردا (598-بەت) دالاينىڭ قوبۇلىغا ئېرىشىدۇ ۋە دالاينىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ھەققىدە جۇڭغار خانى غالدانغا قارىتىپ يېزىپ بەرگەن مەكتۇبىنى ئېلىپ جۇڭغار خانلىقى تامان قايتىدۇ» دېگەن بايانلار بار.

ئەينى دەۋر ۋەقەلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بۇ ۋەقەلەرگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغانلاردىن ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا خاتىرىگە ئېلىنغان، ئىشەنچلىك تارىخنامىلەردىن «تاۋارىخ»، «كاشغەر تارىخى» دا، شۇنداقلا سەل كېيىنرەك يېزىلغان «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجىگان» ۋە «تەزكىرەئى خوجا ئافاق» تىكى مەزمۇنلارنى، كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشىمىزچە: «مىلادىيە1670-يىلى 4-ئايدا (ھىجرىيە1080-يىلى زۇلھەججە ئېيىدا) ئاقسۇنىڭ نائىبى بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىسمائىلخان، قاراتاغلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەكەنگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتا يەكەن خانلىقى تەختىدىكى ئابدۇلېتىپ سۇلتان (ئاق تاغلىقلارنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىققان يوۋاسخاننىڭ ئوغلى) نى تەختتىن ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئاپاق خوجا (خوجا ھىدايىتۇللا)، موللا قارا خوجا ۋە ئىنىسى ئەبۇ سەئىد بىلەن كاشغەرگە چېكىنگەندە، ئىسمائىلخان غىياسبەگنى ئەۋەتىپ يولۋاسخاننىڭ بۇ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن(7). بىزنىڭ قارىشىمىزچە، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يەكەن خانلىقى تەسەررۇپىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى، دەل ئىسمائىلخاننىڭ تەختكە چىقىپ غىياسبەگنى ئەۋەتىپ كاشغەرگە چېكىنگەن يولۋاسخاننىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىنلا، يەنى مىلادى 1670-يىلى 4-،5-ئايلاردا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇنى بىرى، تارىخنامىلەردە ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئىسمائىلخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خوجا

ھىدايىتۇللانىڭ تاكى غالدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ يەكەن خانلىقى تەسەررۇپىغا باستۇرۇپ كەلگۈچە، بۇ خانلىق زېمىنىدا ئىش-پائالىيەتتە بولغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ پەقەتلا يوقلىقى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا تىرىشساق؛ يەنە بىرى، ماقالىمىزنىڭ داۋامىدا خوجا ھىدايىتۇللانىڭ سەرگەردانلىق سەپەر لېنىيىسىنى ئېنىقلاش جەريانىدىكى ۋاستىلىق يىلنامە ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز.

ئەمدى، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ سەرگەردانلىق سەپەر لېنىيىسىگە كەلسەك، تارىخنامىلەردە بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا: «ئىسمائىلخان ئاپاق خاجەمنى كاشغەردىن ھەيدەپ چىقارغاندا، خىراج قىلىپ شەھەر بشەھەر يۈرۈپ كەشمىر ۋىلايەتلىرى بىلەن كۆزلەرى چىن مەملىكىتىگە چۈشۈپ، ئاندىن يۈرۈپ ‹جۇ› دېگەن كافىرلەرنىڭ بۇتخانىسىگە چۈشتىلەر. ئاندا چىن كافىرلەردىن بەرەھمەنلەر بار ئىدى» دەپ. يەنە، خوجا ھىدايىتۇللا ئۆزىنىڭ «كەشپ- كاراماتلىرى» بىلەن ئۇلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ، كۆڭلىنى ئۇتقاندىن كېيىن، ئۇلار خوجا ھىدايىتۇللانى دالاي لاما بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، دالاي لاما خوجا ھىدايىتۇللاغا «سوئال قىلدىكى: ‹كىمدۇرسىز؟ قايسى تەرەپتىن كىلۇرسىز؟› ھەزرەت (خوجا ھىدايىتۇللا) ئەيدىلەر: ‹مەن مۇسۇلمان فىرقەلەرىنىڭ ئالىم، سەيدزادىسىدۇرمەن، خۇسۇسەن ياركەند، كاشغەر خەلقى مۇرىت-مۇخلىسىم ئەردى. ھالا بۇ شەھەرلەرنى بىراۋ مەندىن سويۇپ ئالدى ۋە مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلادۇرمەنكى،كىشى بۇيرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئالىپ بەرگەيسىز› » دەپ. ئاندىن، دالاي لاما خوجا ھىدايىتۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەسرى ئاستىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانى غالدان بۆشۈكتۇغا خەت يېزىپ بېرىدۇ، خوجا ھىدايىتۇللا ئۇ يېزىپ بەرگەن خەتنى كۆتۈرۈپ جۇڭغار خانى غالداننىڭ قېشىغا بارىدۇ. بۇ ھەقتە: «بەرەھمەن ئەيدى: ‹بۇ يەردىن ئۇ يەرگە لەشكەر بارماغى دىشۋار › دەپ قالماققا خەت پۈتتى ». «ئى بىشەۋكەتى خان، ئافاق بسيار ئۇلۇغ، ئۆز دىنىدا كامىل مۇئەككەل كىشىدۇر. كاشغەرنىڭ، ياركەندنىڭ خاجەسى ئىكەن. ئىسمائىلخان دېگەن مۇنىڭ يۇرتىنى سويۇپ ئالىپتۇ. كېرەككى لەشكەر ئىبەرىپ، يۇرتىنى قولىغە ئالىپ بەرگەيسەن ۋە ئەگەر سەۋەپ قىلماسەڭ مۇشكۇل بولغۇسىدۇر »، « خاجە ئافاق بۇ خەتنى ئالىپ، قالماق تۆرەسىگە يەتكۈزدى. تۆرە كامال تەۋازۇئ بىرلە خەتكە ئەمەل قىلىپ، ئۆز لەشكەرى بىرلە كاشغەرغە يۈزلەندى» (8) دەپ خاتىرە قالدۇغان بولسا، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان «ئىخلاسمەنلەرنىڭ سىرى ــــ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى » دە: «جانابى ئاپاق خوجام بۇ نۆۋەت جاھاننى 10 يىل ساياھەت قىلدى.

ئاخىرى خىتاي مەملىكىتىگە باردى، لەنجۇ شەھىرىگە يەتتى. لەنجۇ خەلقىنىڭ ئىنتايىن تولالىقى بىلەن ئاۋات ئىدى،...(ئۇ يەردىن) سالا دېگەن شەھەرگە كەلدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان ئىدى. ئاپاق خوجام بۇ شەھەردە ئالتە ئاي تۇردى. خانىقا بىنا قىلدى. سالا شەھىرىنىڭ پۈتۈن خەلقى ھەزرىتى خوجامغا قول بەردى. ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇۋقايەتۇللا ئىسمىلىك،لەقىمى ئالتۇن باش ئاخۇن ناملىق ئىبادەت ۋە ئىستىقامەتتە ئىنتايىن كۈچلۈك بىر كىشىنى ئۆز ئورنىدا خەلىپە قىلىپ تەيىنلەپ، سالادىن چىقىپ سىچۈئەن (سىچۈەن) گە كەلدى. بۇ ئۆلكىدە خىتاي،قالماق ۋە تىبەت كاپىرلىرى بار ئىدى. تىبەت خەلقى چىراغچى ۋە رەمباللارغا ئېتىقاد قىلاتتى. تىبەت دېگەن جايدا دالاي لاما ناملىق بىر چىراغچى بولغان. ئاپاق خوجام تىبەتكە يېتىپ كەلگەننى دالاي لاماغا شىپى قىلدى. بىزنىڭ تەرەپىمىزگە ئاق دەستار كىشى كەلدى. بۇ كىشى ئۇلۇغ زاتتۇر دەپ.ئاپاق خوجامنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى... ئاندىن دالاي لاما ئاپاق خوجامنى ئۆزىنىڭ جايىغا تەكلىپ قىلىپ ئۈچ كۈن زىياپەت ئۆتكۈزدى...»(9) دېيىلگەن.

ئۈنىڭدىن باشقا «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى» دىمۇ «ئىخلاسمەنلەر سىرى ــ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى» دىكىگە ئوخشاش مەلۇمات قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئىسمائىلخان تەرىپىدىن ھەيدەلگەن خوجا ھىدايەتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ «ئىشقىيە» گۇرۇھىدىكىلەر مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، كۈچ توپلاپ قايتا باش كۆتۈرۈش كويىغا چۈشكەنلىكى، ھەم ئاشۇ رەزىل سىياسىي قارانىيتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىش»، «جاھان كېزىش» نامى بىلەن «سىرتتىن ياردەمچى ئىزدەش» سەپىرىگە ئاتلانغانلىقى، شۇ قېتىمقى سەپەردە گەنسۇ، چىڭخەي ئارقىلىق تىبەتنىڭ لخاسا شەھىرىگە بېرىپ دالاي لاما V تىن ياردەم تىلىگەنلىكى، كېيىن ئۇ دالاي لاما V يېزىپ بەرگەن خەتنى كۆتۈرۈپ جۇڭغار خانى غالدان باشلاپ ماڭغان قوشۇنغا يول باشلىغۇچى بولۇپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى بايان قىلىنغان (10). «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى» ۋە «ئىخلاسمەنلەر سىرى ــ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى» نى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق، خوجا ھىدايەتۇللانىڭ شىزاڭغا قومۇل، گەنسۇ ۋە چىڭخەيلەر ئارقىلىق بارغانلىقىنىڭ تارىخىي رېئاللىققا بىرقەدەر ئۇيغۇنلۇقىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغان ۋاقتى ۋە ئۇ بارغان جايلار توغرىسىدا، گەنسۇ،چىڭخەيلەردە ساقلانغان خوجا ھىدايىتۇللاغا دائىر ماتېرىياللار ۋە غەربىي شىمالدىكى سوپىزم تەرىقەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللاردا، ئۇنىڭ قومۇل،

www.kitaphumar.com

خېشى كارىدورى، لەنجۇ ئارقىلىق جەنۇبقا مېڭىپ،خېجۇ ۋە شىنىڭ قاتارلىق جايلاردا 1671 ـيىلىدىن 1674 ـ يىلىغىچە تەرىقەت تارقىتىپ شىزاڭ لخاساغا بارغانلىقى قەيت قىلىنغان. شۇ ۋەجىدىن گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن» (11) دېگەن گەپ تارقالغان.

خوجا ھىدايىتۇللانىڭ گەنسۇ، چىڭخەيلەردە تەرىقەت تارقاتقانلىقى ھەققىدە، خۇاسى (گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لىنشيا شەھرىگە جايلاشقان) سۇلۇكىدىكىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «...كاڭشىنىڭ 10 ـيىلى (مىلادىيە 1671 ـيىلى) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى ھىدايەتۇللا چىڭخەيىنىڭ شىنىڭ شەھرىدە ئىسلام دىنىنىڭ سوپىزم تەلىماتىنى تارقىتىپ، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن.» (12)

يۇقىرىقى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، خوجا ھىدايىتۇللا كاڭشىنىڭ 10 ـيىلى (مىلادىيە1671 ـيىلى) دىن 12 ـيىلى (مىلادىيە1673 ـيىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا گەنسۇ، چىڭخەيلەردە تەرىقەت تارقاتقان. بۇ، ئۇنىڭ سەرگەردانلىق سەپەر لىپنىيىسىنىڭ ئەسلى يۆنۈلىشىدۇر.

يەنە، ئۇنىڭ قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، ئاندىن تىبەتكە بارغانلىقى ھەققىدىكى: «ئاپپاق خوجا (خوجا ھىدايىتۇللا) ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىشتا قۇمۇلدىن ئۆتكەن بولۇپ، سۇباشى دېگەن جايدا تۇرغان ۋە شۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا تەرىقەتتىن تەلىم بەرگەن. ئۇ جايدا بىر ياغاچ ئۆي بولۇپ... كېيىنچە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئورنىغا بىر مەسچىت سالغان ۋە ئۇنى ‹ئاپپاق خوجا مەسچىتى› دەپ ئاتىغان. بۇ جاي ھازىرقى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ ۋە قۇمۇل مېھمانخانىسىنىڭ يېنىغا توغرا كېلىدۇ» (13) دېگەن مەلۇماتمۇ خوجا ھىدايىتۇللانىڭ قۇمۇل، گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئارقىلىق تىبەتكە بارغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەمدى، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ سەرگەردانلىق سەپەرلىرى جەريانىدا ۋە تىبەتكە بارغاندىن كېيىنكى ئىش پائالىيەتلىرى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، يۇقىرىدىكى پاكىتلار ئارقىلىق شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، خوجا ھىدايىتۇللا تىبەتكە بارغىچە بولغان سەپەر جەريانىدا باشتىن-ئاخىر ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھەمدە، مىلادىيە1678 -يىلى تىبەتكە بارغاندىن كېيىنمۇ لخاسادىكى بىراخمان (بۇددا روھانىيسى) بىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى

داھىيسى سالاھىيتى بىلەن كۆرۈشكەن. شۇنداقلا، ئۇ بىراخمانغا ئۆزىنى يەكەن خانلىقىدىكى بارلىق مۇسۇلمان خەلقىنىڭ خوجىسى (دىنىي داھىيسى) ئىكەنلىكىگە ۋە تەختىنىڭ ئىگىسى بولۇشقا تېگىشلىك كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرگەن. «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تارىخىي نادىرىيە» ۋە «تەزكىرەئى خوجا ئافاق» دىكى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ بىراخمانغا قىلغان: «مەن مۇسۇلمان فىرقەلەرىنىڭ ئالىم، سەيىدزادىسىدۇرمەن، خۇسۇسەن ياركەند، كاشغەر خەلقى مۇرىت- مۇخلىسىم ئەردى» دېگەن سۆزى بىلەن،بىراخماننىڭ جۇڭغار خانى غالدانغا يازغان مەكتۇبىدا دېگەن: «ئافاق بىسيار ئۇلۇغ، ئۆز دىنىدا كامىل مۇئەككەل كىشىدۇر. كاشغەرنىڭ، ياركەندنىڭ خاجەسى ئىكەن.» دېگەن سۆزلىرى بۇنىڭ دەللى بولالايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، خوجا ھىدايىتۇللا ئۆلۈپ 50، 60 يىلدىن كېيىن خاتىرىگە ئېلىنغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» ياكى «تەزكىرەئى خوجىگان» بولسۇن، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان تارىخنامىلەر بولسۇن ھېچقايسى كىتابچىدە خوجا ھىدايىتۇللانىڭ بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى ئۆگەنگەنلىكى ۋە بۇدقا باش قويغانلىقى بايان قىلىنمىغان. پەقەت «ئاپاق (خوجا ھىدايىتۇللا) بىراخمان بىلەن كۆرۈشتى» دەپلا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوجا ھىدايىتۇللادەك يەكەن خانلىقىدىكى ئادەتتىكى بىر مۇسۇلمان ئەمەس، بەلكى بۇ خانلىقتىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد جەھەتتە ئاشقۇنلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن بىر سۇلۇكىنىڭ پىر ئۇستازى بولغان كىشىنىڭ، شۇنداق ئوڭايلا بۇدداھ دىنىي ئەقىدىسىنى ئۆگىنىشى ۋە بۇتقا باش قويۇشى، ئەينى دەۋر تارىخىي رېئاللىقى تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىرقى لخاسادىكى ئۈچ مەسچىتنىڭ بىرىنى خوجا ھىدايىتۇللا سالدۇرغان، ياكى خوجا ھىدايىتۇللا لخاساغا بارغان زاماندا سېلىنغان دەپ قارىلىدۇ. خوجا ھىدايىتۇللانى بۇدقا باش قويدى دېگەن قاراشنى تۇنجى بولۇپ، ئۇ ئۆلۈپ 160 يىلدىن كېيىنكى روس ساياھەتچىسى چوقان ۋەلىخانوۋ مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ھېچقانداق ئاساسسىزلا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ (14)،كېيىنچە كىشىلەر بۇ بايانىنى تارىخىي چىنلىق، پاكىت دەپ قارىۋالغان.

دېمەك، خوجا ھىدايىتۇللا رومانىدا يېزىلغىنىدەك يەكەن خانلىقى زېمىنىدىن مىلادى1672-يىلى يازدا ئەمەس، بەلكى مىلادى 1670-يىلى 4-،5-ئايلاردا قوغلاپ چىقىرىلغان، ئۇنىڭ سەرگەردانلىق سەپەر لىنىيىسى يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى بەدەخشان، كابۇل، ھىرات، بۇخارا، ئەنجان، سەمەرقەنت ۋە كەشمىر قاتارلىق يۇرت-ئۇلۇسلار ئارقىلىق تىبەتكە بېرىش بولماستىن، بەلكى يەكەن خانلىقىنىڭ

شەرقىدىكى قۇمۇل، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەيلەردە مىلادىيە1671-يىلىدىن 1674-يىلىغىچە تەرىقەت تارقىتىپ، ئاندىن سىچۇەن ئارقىلىق مىلادىيە1678-يىلى تىبەتكە بېرىش بولغان، شۇنداقلا، تىبەتكە بارغىچە ۋە بارغاندىن كېيىن، ھېچقاچان بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى ئۈگەنگەن ۋە بۇددا ھالار ساڭرامىدا بۇدقا باش قويغان بولماستىن، سەپەر جەريانىدا باشتىن-ئاخىر ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان سۈلۈك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھەمدە، تىبەتكە بارغاندىن كېيىنمۇ لخاسادىكى بىراخمان (بۇددا روھانىيسى) بىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى داھىيسى سالاھىيتى بىلەن كۆرۈشكەن. شۇنداقلا، ئۇ براخمانغا ئۆزىنى يەكەن خانلىقىدىكى بارلىق مۇسۇلمان خەلقنىڭ خوجىسى (دىنىي داھىيسى) ئىكەنلىكىگە ۋە تەختنىڭ ئىگىسى بولۇشقا تېگىشلىك كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرگەن. ئاپتور رومانىدىكى بۇ تارىخي باياناارنى يازغاندا، ئەينى دەۋر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا كۆپرەك مۇراجىئەت قىلماي، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ تارىختىكى سەلبىي ئوبرازىنى تېخىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيمەن دەپ، ئەينى دەۋر تارىخىي رىئاللىقىنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋەتكەن.

ئۈچىنچى، رومانىدىكى جۇڭغار خانى غالداننىڭ خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يول باشلىشى بىلەن زور قوشۇن تەشكىللەپ، يەكەن خانلىقىغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋاقتى ۋە غالداننىڭ يۆلىشى بىلەن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ پادىشاھلىق تەختكە چىققانلىقى توغرىسىدىكى تارىخي باياناارغا تۈزىتىش ۋە تولۇقلىما.

يەكەن خانلىقى تەختىنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەدەت ۋە ياردەم سوراپ تىبەتكە بارغان خوجا ھىدايىتۇللا، لخاسادىكى براخماننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن جۇڭغار خانى غالداننىڭ زور قوشۇنغا يول باشلاپ، يەكەن خانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىشى ۋە بۇ خانلىقنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى. شۇنداقلا،غالداننىڭ كۆرسىتىشى ۋە يۆلىشى بىلەن تەختنى ئىگىلىرىنىڭ ئالمىشىشى، ئۇيغۇر سىياسىي-ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور ۋەقەلەردىن بولۇپ، تارىخنىڭ بۇ يۈزىنى ئوقۇرمەنلەرگە، ئەۋلادلارغا ئەينى بويىچە يەتكۈزۈشمۇ، ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى-ئەلۋەتتە.

بۇ ھەقتە، رومانىنىڭ توققۇزىنچى باب «داغ» دا مۇنداق يېزىلغان: «مىلادىيە1678-يىلى 1-ئاينىڭ ئاخىرى ھەمراھلىرى بىلەن تىبەتنىڭ لخاسا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن خوجا ھىدايىتۇللا (594-بەت)، مىلادىيە1678-يىلى باھار پەسلىدە بۇددالار سارىيىدىكى

دالاي لامانىڭ قوبۇلىغا ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا دالاي لامانىڭ جوڭغار خانى غالدانغا يېزىپ بەرگەن مەكتۇبىنى ئېلىپ (598-بەت) جوڭغارىيە تامان يولغا چىقىدۇ. ئاندىن، مىلادىيە1678-يىلى قوغۇن پىشىقى(629- بەت) دا غالدان باشچىلىقىدىكى جوڭغارلارنىڭ 120مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىغا يول باشلاپ ئاقسۇنى بېسىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، مىلادىيە1678-يىلى كۈزدە قەشقەر، يەكەننى بېسىۋېلىپ، تارىختا 180يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزى قورچاق خان بولىدۇ.(676-بەت) ھەممە،ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا غالدان ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ (673-بەت) ».

تارىخي مەنبەلەردىكى ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ۋە يېقىنقى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئىلمىيلىكى يۇقىرى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ غالدان باشچىلىقىدىكى ئويرات مۇڭغۇللىرىنىڭ 120مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىغا يول باشلاپ، يەكەن خانلىقىغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋاقتى، مىلادىيە1680-يىلى كۈز بولۇپ، بۇنىڭغا بىز: مىلادىيە1690-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە يېزىلغان «زايانباندىدانىڭ تەرجىمھالى» دىكى «مايمۇن يىلى (مىلادىنىڭ 1680-يىلى) ئەتىيازدا بوشۇقتۇخان كۆچتى، كۆكخۇيادا يازلىغاندىن كېيىن خان يەكەننى ھوجۇم بىلەن ئالدى. شۇ يىلى قىشتا بوشۇقتۇخاننىڭ بارگاھى بورتالادا قىشنى ئۆتكۈزدى.»(15) دېگەن ئۇچۇر بىلەن، يەكەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىدا، خۇددى خوجا ھىدايىتۇللاغا ئوخشاشلا مۇھىم ۋاستىچىلىك رولىنى ئۆتىگەن دالاي لاما V ئۆز قولى بىلەن يازغان «بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لامانىڭ تەرجىمھالى» دىكى: «تۆمۈر توخۇ يىلى (مىلادىيە1681- يىلى) بېشى يىل (2-كۈنى)...كۈنىدە غالدان دانزىنىڭ بوشۇقتۇخان ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغاندىن كېيىن، يەكەننى ئاساس قىلغان 1500 شەھەر-قەلئە ۋە 2مىليون تۆتۈنىنى ماڭا ھەدىيە قىلدى.»(16) دېگەن ئۇچۇرنى تولۇق ئاساس بولالايدۇ دەپ قارايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئىخلاسمەنلەرنىڭ سىرى ـــ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى» دىكى، مىلادىيە1670-يىلى يەكەن خانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان خوجا ھىدايىتۇللانى «جانابى ئاپاق خوجام بۇ نۆۋەت جاھاننى 10يىل ساياھەت قىلدى.» دېگەن ئۇچۇرمۇ، بىزنىڭ بۇ نوقتىنى ئىسپاتلىشىمىزغا ۋاستىلىق ئاساس بولالايدۇ. يەنە بىر نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىلادىيە 1678-يىلى باھاردا تىبەتتىكى لخاسادا بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لامانىڭ قوبۇلىغا ئېرىشكەن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ، دالاينىڭ جوڭغار خانى غالدانغا يېزىپ بەرگەن مەكتۇبىنى ئېلىپ، تىبەتتىكى لخاسادىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتا كۆچمەن ھالەتتىكى

جوڭغارلارنىڭ خانى غالداننى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنى يەكەن خانلىقىغا باستۇرۇپ بېرىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپ، 120مىڭ كىشىلىك سەرۋاز-لەشكەر، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 120مىڭ تۇياق ئات-ئۇلاغ ۋە شۇلارغا يېتەرلىك ئاش-ئوزۇق، يەم-خەشەك، قورال- جابدۇق تەييارلاتقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ يول باشلىشى بىلەن يەنە شۇ يىلى قوغۇن پىششىغىدا ئاقسۇغا باستۇرۇپ بېرىپ بولالىشى، يەنە شۇ يىلى كۈزدە يەكەننى ئىشغال قىلىشى، ئەينى زامانىنىڭ قاتناش-ئالاقە ۋە ئىش ئۈنۈم سۈرئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەقىلگە سىغمايدىغان تەسەۋۋۇر ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخي ۋەقەلەر تەتقىقات نەتىجىلىرىدە مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈ-رۈلگەن بولۇپ: «جوڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدان ساتقىن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يول باشلىشى بىلەن زور قوشۇننى باشلاپ يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي مەركىزى (پايتەختى) يەكەننى ئىگىللىگەن. ھەمدە شۇ ۋاقىتتا يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىدىكى پادىشاھى ئىسمائىلخاننى ئەسىر ئالغان. ئاندىن كېيىن يەكەن خانلىقىغا، بۇ رايونغا باستۇرۇپ كىرىش ئىشلىرىغا زور تۆھپە كۆرسەتكەن خوجا ھىدايىتۇللانى ئەمەس، نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان بۇ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن چاغاتاي ئەۋلادىدىن سەئىدخاننىڭ 4-ئەۋلاد نەۋرىسى ئابدۇرەشىدنى «خان» قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭغا ۋەتىنىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش بىلەن بىرگە، ھەر يىلى ئولپان سۈپىتىدە جوڭغار خانلىقىغا يۈز مىڭ تەڭگە تاپشۇرۇش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويغان .(17)

رومانىدىكى تارىخي بايانلاردا بەلگىلىك ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە چۈشۈپ قالغان يەكەن خانلىقىنىڭ ئىسمائىلخاندىن كېيىن تەختكە چىققان پادىشاھى ئابدۇرەشىدخان، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ـــ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ 12-ئوغلى، تورپان، قۇمۇل، چالىشقا 40 يىل نائىبلىق قىلغان ئابدۇرەھىمخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى سۇلتان سەئىد باباقخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا (تاغىسى ئىسمائىلخان تەختتىكى ۋاقىتتا) ئۇ ئىنىلىرى مۇھەممەد ئىمىنخان ۋە مۇھەممەد مۇئمىنخان (ئاقباشخان) لار بىلەن تورپان، قۇمۇل ۋە چالىش (قاراشەھەر) نىڭ نائىبلىرى ئىدى. غالدان خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يول باشلىشى بىلەن جوڭغار خانلىقىنىڭ 120مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئېلىپ يەكەنگە يۈرۈش قىلغاندا، ئالدى بىلەن تورپان، قۇمۇل ۋە چالىش (قاراشەھەر) نى ئىگىلەپ، ئۇ جايلاردىكى نائىب ئابدۇرەشىدخان بىلەن مۇھەممەد ئىمىنخاننى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرغان. ھەمدە داۋاملىق يەكەنگە قاراپ ئىلگىرىلەپ ماڭغاندا ئۇلارنى بىللە ئېلىپ ماڭغان.(18) غالدان

باشچىلىقىدىكى جۇڭغار خانلىقى قوشۇنلىرى مىلادىيە1680-يىلى كۈزدە (ھىجرىيە1091-يىلى رامزان ئېيىدا) پايتەخت يەكەننى ئىگىلەپ، ئىسمائىلخاننى ئەسىر ئالغان. ھەمدە، ئۇنىڭ جيەنى ئابدۇرەشىدنى خانلىق تەختىگە چىقارغان. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇرەشىدخان تەختتە ئىككى يىل ئولتۇرغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە: «ئابدۇرەشىد تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قولىدىكى ھەربىي كۈچكە تايىنىپ، ئافاق خوجا (خوجا ھىدايىتىللا) نىڭ پائالىيىتىنى خېلى زور چەكلىمىگە ئۇچراتقان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئافاق خوجا بىر مەھەل يەكەندىن ئايرىلىپ تاغقا كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. بىراق، ئافاق خوجا ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەچكە ۋە يەكەن ھاكىمى ئىۋەز بەگنىڭ ئافاق خوجا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇرەشىدمۇ تەختتىن ئايرىلىپ، تاغقا كەتكەنىدى» (19) دېيىلگەن بولسا، خەنزۇچە مەنبەلەردىن «باياۋاندا ئاسىيلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ 28-جىلد كاڭشىنىڭ 35-يىلى (مىلادىيە1696-يىلى) 8-ئايدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇر دۆلىتى (يەكەن خانلىقىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئاتىلىشى) پادىشاھى ئابدۇرەشىدنى بىيجىڭغا ئاپىرىشقا يارلىق قىلىندى. بۇنىڭدىن مۇقەددەم كەپتاۋۇل مەندۇ مەخپىي مەلۇمات سۇنۇپ ئۇيغۇر دۆلىتى پادىشاھى ئابدۇرەشىدنىڭ ئوغلى ئەركا سۇلتاننى ئېلىپ ئويرات (ئاقساقلى) غالدانىنىڭ قېشىدىن ئەل بولۇشقا كەلگەنلىكىنى، ئابدۇرەشىدخاننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى دوكلات قىلغان: ‹كاڭشىنىڭ21-يىلى (مىلادىيە1682-يىلى) غالدان ماڭا ئادەم ئەۋەتىپ كېڭەش قىلمىز، دېگەن باھانە بىلەن مېنى ئالداپ ئېلىپ ئاپاردى. غالدان مېنى، ئاتا-بالا ئىككىمىزنى ۋە مۇلازىم-مەھرەملىرىمنى بارغان ھامان نەزەربەندكە ئېلىپ مېنى ھەر جايدا سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ھالا بۇگۈنكى كۈندە خان ئالىيلىرىنىڭ شەۋكەتلىك قوشۇنى غالداننى تارمار كەلتۈرگەنلىكتىن مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ ئوردىغا تاۋاپ تەزىم قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىدىم. يېقىندا ئويراتلاردىن خەۋەر تېپىشىمچە غالدان 2000دىن كۆپرەك كىشى بىلەن قۇربان تامىر-تىقۇل دېگەن جايدا تۇرۇۋېتىپتۇ، قارارگاھىدا كىرەكلىك لاۋازىملىرى تۈگەپ قالغان ئوخشايدۇ، غالداننىڭ ئۇزۇق-تۈلۈكى تۈگىگەن ئىكەن تامىردا ئۇزۇن تۇرمايدىغانلىقى بەرھەق. ئۇ جەزمەن چىڭخەي تەرەپكە بارىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىشىدە قۇمۇل، تۇرپان ۋە يەركەن قاتارلىق ئۈچ يولدىن باشقا يول يوق. ناۋادا قۇمۇل ئارقىلىق ماڭسا قۇمۇل بىلەن جيايۈگۈەن بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن، يەنە كېلىپ جيايۈگۈەندە خان ئالىيلىرىنىڭ زور قوشۇنى تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا جەزمەن ئۇ يولدىن ماڭمايدۇ، ئېھتىمال تۇرپان تەرەپ بىلەن مېڭىشى

مۇمكىن. يەركەن تەرەپتىن ماگسا مىڭلىك 20مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇنۇم بۇ جايدا تەييار تۇرۇۋاتىدۇ، تۇرپاندا 5000كىشىلىك قوشۇن بار، قۇمۇلدىمۇ 500چە نەۋكەر بار. يەنە ئاگىلسام سىۋان ئارابتان بورتالادا بارگاھ قۇرۇپتۇ. ئاتا-بالا ئىككەيلەن غالداننىڭ يېنىدا نەزەربەندىنىڭ ئازابىنى 14يىل تارتتۇق. ئەمدىلىكتە پېقىر قېرىپ قالدى، چىنغا كەلگىنىم بىلەن تۆت كۆڭلۈك ئۆمرۈم قالغاندا شاپائەتكە جاۋاپ قايتۇرالماسلىقىم ئېنىق. غالداندا مىڭلىك نەزەربەندە قىلىنغانلىق ئۆچۈملا ئەمەس يەنە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆچى بار. ئەمدىلىكتە غالدان تۈمشۇقىغا يەپ سوكۇلداپ قالدى، كەمىنە جەددى-جەمەتىم بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قىلىشنى خالايمەن. يېنىمدىكى خانىمىم چىمەنبەگنى تۇرپانغا ماگدۇردۇم، شۈكەتلىك ئالىيلىرى ئىلتىپات قىلىپ قويغايلا، ماگا تەئەللۇق مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بەرگەيلا. سىۋان ئارابتان تۇرۇۋاتقان بورتالا تۇرپانغا يېقىن، شۇگا بورتالاغا بېرىپ سىۋان ئارابتان بىلەن بىرلىشىش تولىمۇ زۆرۈر. ناۋادا غالدان ئازغىنە ئادەم بىلەن كېلىپ قالسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ 14يىل خارلانغان قىساسىمىزنى ئالغايمىز!»» (20).

ئۇنىڭدىن باشقا «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تەزكىرىلەر» نىڭ 355-جىلد «يەكەن» ماۋزۇسىدا ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 18-جىلد «چىگىرا-ھۇدۇدلار» دىكى «يەكەن» ماۋزۇسىدىمۇ يۇقىرىدىكىدەك ئۇچۇرلار بېرىلگەن (21). بۇ يەردە نامى زىكىر قىلىنىۋاتقان ئابدۇرەشىد دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرچە تارىخىي مەنبەلەردىكى يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىد ئىدى، چىڭ سۇلالىسىمۇ ئۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئىدى.

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردىكى باياناتلارغا ئاساسلانغاندا، ئابدۇرەشىدخان مىلادىيە1680-يىلىدىن 1682-يىلىغىچە يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان. ھەمدە، مىلادىيە1682-يىلى (ھىجرىيە1093-يىلى) ئۇنىڭ بىر قىسىم سىياسىي- ھەربىي ھەركەتلىرى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئوردىسى يول قويالايدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن (خانلىقنىڭ ئەسلىدىكى مۇستەقىل ھالىتىگە قايتىشقا تىرىشقان) لىك سەۋەبىدىن، غالدان تەرىپىدىن «مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار» دەپ ئىلىغا ئالداپ ئاپىرىلىپ نەزەربەنت قىلىنغان. مىلادىيە1696-يىلى غالدان چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يېڭىلگەندە، چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان.

دېمەك، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يول باشلىشى بىلەن جۇڭغار خانى غالداننىڭ زور قوشۇن تەشكىللەپ، يەكەن خانلىقىغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋاقتى، رومانىدا يېزىلغىنىدەك مىلادىيە1678-يىلى كۆز بولماستىن، بەلكى مىلادىيە1680-يىلى كۆز بولۇپ، ئاپتور بۇ يەردە

ئەينى دەۋرگە تەئەللۇق 1-قول مەنبەلەرگە ۋە زامانىمىزدىكى ئىلمىيلىكى يۇقىرى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلماي، يەڭگىلتەكلىك بىلەن خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەكەن خانلىقى غالدان باشچىلىقىدىكى ئويرات مۇڭغۇللىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسمائىلخاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئابدۇرەشىدخاننى چۈشۈرۈپ قويۇپ، خوجا ھىدايىتۇللانى تەختكە چىقتى دەپ، ناھايىتى زور تارىخىي خاتالىقتا يول قويغان.

تۆتىنچى، رومانىدىكى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ نەسەبى، دەسلەپ ھوقۇق يۈرگۈزۈپ تۇرغان جايى، يەكەن خانلىقى تەختىگە چىقىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى تارىخىي بايانلارغا تۈزىتىش ۋە تولۇقلىما.

مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان يەكەن خانلىقى سەلتەنەتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى مىلادىيە1682-يىلىدىن 1692-يىلىغىچە 10يىلى دەۋران سۈرگەن، شۇنداقلا بۇ خانلىقنىڭ جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلگىرىكى مۇستەقىل ھالىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان مەشھۇر پادىشاھ. ئۇنىڭ نەسەبى، دەسلەپ ھوقۇق يۈرگۈزگەن جايى، خانلىق تەختىگە چىقىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىدىكى مۇھىم خاتىرىلەردىن بولۇپ، بۇ تارىخىي ۋەقە ۋە جەريانلارنى ئەسلى چىنلىقى بويىچە ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈش، زامانىمىزدىكى، ئۆتكەن ئەجدادلار ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدا مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى-ئەلۋەتتە.

روماندا، مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخاننىڭ نەسەبى: «مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان — سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئالتىنچى ئىنىسى سۇلتان سەئىد باباخاننىڭ چوڭ ئوغلى،مەلىكە مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ئاكىسى» (249-بەت) دەپ يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭ دەسلەپ ھوقۇق يۈرگۈزۈپ تۇرغان جايى: «مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئۈچتۇرپاننىڭ نائىب ئەمىرى بولغان ئىدى» (249-، 660-، 677-، 684-بەتلەر) دەپ يېزىلغان. مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ يەكەن خانلىقى تەختىگە چىقىش جەريانى: «مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان مىلادىيە1680-يىلى ئۈچمە پىششىقى (734-بەت) دا ئۈچتۇرپان بىلەن ئاقسۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئەينى چاغدا يەكەندىكى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان خوجا ھىدايىتۇللاغا قارشى ئاتلىنىدۇ. مىلادىيە1680-يىلى ئۈرۈك مەي بولۇپ پىشقان مەزگىلدە ئاستانە (يەكەن) سېپىلىنى مۇئاسىرىگە ئالىدۇ (736-بەت). ئارىلىقتا،خوجا ھىدايىتۇللاغا ھەمدەم بولۇشقا كېلىۋاتقان جۇڭغارلارنىڭ تۆت تۈمەن لەشكىرىنى، ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدىكى

مۇز داۋان ئۆستەڭدىكى يانتاققۇدۇق چۆللىكىدە يوقۇتىدۇ (767- بەت). شۇنىڭ بىلەن ھەمدەمگە كېلىدىغان قوشۇندىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن خوجا ھىدايىتۇللا سۈلھى يولىنى تۇتۇپ، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن شېرىك پادىشاھلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. يەنى ھەر جۈمە كۈنى خوجا ھىدايىتۇللا سەلتەنەت پاسىبانى بولۇپ يۇرت‌دارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان، باشقا كۈنلەردە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتىدىغان بولىدۇ» (781-بەت) دەپ بايان قىلىنغان، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخانىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا بولسا: «مىلادىيە1681-يىلى كۈز (795-بەت) نىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىسى ئوردا كۈتۈپخانىسىدا ئارام ئېلىۋاتقان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان، خوجا ھىدايىتۇللا ئەۋەتكەن قاتىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ (804-بەت)» دەپ يېزىلغان.

بۇ ھەقتە ئىزدەنگىنىمىزدە، ئەينى دەۋر تارىخى خاتىرىلەنگەن ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن «كاشغەر تارىخى» دا: «سۇلتان سەئىد باباقخان (سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ كەنجى ئوغلى ئابدۇرەھىمخانىنىڭ بەشىنچى ئوغلى، يەنى سۇلتان ئابدۇللاخانىنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى) تۇرپانغا يىگىرمە يىل نائىبلىق قىلدى.ئەللىك ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇنىڭ ئابدۇرەشىد، مۇھەممەد ئىمىن ۋە مۇھەممەد مۆئمىن قاتارلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. باباقخان چالىش (قاراشەھەر) دا ئالەمدىن ئۆتتى. ئابدۇرەشىد قومۇلدا ئىدى، تۇرپانغا كېلىپ نائىب بولدى. مۇھەممەد ئىمىن چالىشدا ئىدى.» دەپ. يەنە، «جۇڭغار خانى غالدان خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يول باشلىشى بىلەن زور قوشۇننى ئېلىپ يەكەن خانلىقىغا يۈرۈش قىلغاندا ئالدى بىلەن تۇرپان، قومۇل ۋە چالىش (قاراشەھەر) نى ئىگىلەپ، ئۇ جايلاردىكى نائىب ئابدۇرەشىد بىلەن مۇھەممەد ئىمىننى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرغان. ھەمدە داۋاملىق يەكەنگە قاراپ ئىلگىرىلەپ ماڭغاندا ئۇلارنى بىللە ئېلىپ ماڭغان. يەكەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئابدۇرەشىدنى (رومانىدا يېزىلغىنىدەك خوجا ھىدايىتۇللانى ئەمەس) يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقارغاندىن كېيىن ئۆز مەملىكىتىگە قايتقان. ئۇزاق ئۆتمەي خوجا ھىدايىتۇللا بىلەن ئابدۇرەشىد-خانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نىزا-ئاداۋەت چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا (تاغقا) كەتكەن. كېيىن يەكەن ھاكىمى ئېۋەزبەگنىڭ ساتقىنلىق قىلىپ، ئابدۇرەشىدخانىنىڭ خانلىقىنى مۇستەقىللىقتا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان بەزى ھەركەتلىرىنى غالدانغا چېقىپ قويغانلىقىدىن، ئابدۇرەشىدخان غالدان تەرىپىدىن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار دەپ ئىلىغا ئالداپ ئاپىرىلىپ نەزەربەنت قىلىنغان.» دەپ. يەنە، «بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تۇرپان ۋە قاراشەھەردە نائىب بولۇپ تۇرىۋاتقان مۇھەممەدئىمىن خان قوشۇن تارتىپ

www.kitaphumar.com

كۇچاغا كەلگەن. كۇچا خەلقىنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ئاقسۇغا كەلگەن. ئاقسۇ خەلقى ئىستىقبالغا چىقىپ مۇھەممەدئىمىن خاننى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئاندىن مۇھەممەدئىمىن خان يەكەنگە كەلگەن. يەكەندىكى بارلىق ئەمىرلەر قۇرۇلتاي چاقىرىپ مۇھەممەدئىمىن خاننى يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقارغان.» دەپ،ئاندىن يەنە «مۇھەممەدئىمىن خان يەكەندە تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەينى زامانىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە خوجا ھىدايىتۇللاغا مۇرت بولغان. ...كېيىن مۇھەممەدئىمىنخان بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئارىسىغا نىزا چۈشۈپ، ‹خان سەيلى› دەپ شەھەردىن چىقىپ كەتكەن. خوجا ھىدايىتۇللا كاشغەر نائىبى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى يەھيا خوجىغا كىشى ئەۋەتكەن. يەھيا خوجا كاشغەردىن كېلىپ، ئوردىنى ئىگىلىگەن. مۇھەممەدئىمىنخان قاغىلىقنىڭ قۇلاغان دېگەن يېرىدىكى دەريا بويىدا خوجا ھىدايىتۇللانىڭ قول چوماقچىلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان. نۇرغۇن قىرغىنچىلىق بولغان بولسىمۇ خان قاچمىغان. مۇھەممەد ئىمىن خان شىجائەتلىك، قورقۇمسىز خان بولسىمۇ، ‹پىرىمغا قارشىلىق قىلىش دۇرۇس ئەمەس› دەپ، قازاغا رىزالىق بىرىپ شېھىت بولغان.» (22) دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدىكىلەر بۇ ۋەقە ھەققىدە ئىزدىنىپ «مىلادىيە 1692-يىلى (ھىجرىيە1103-1104-يىللىرى) مۇھەممەد ئىمىنخان ئاقتاغلىقلار تەرىپىدىن يەكەن دەرياسى بويىدا قەتلى قىلىنغان.» (23) دەپ يەكۈن چىقارغان.

دېمەك، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سۇلتان سەئىد باباقخانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. يەنى ئىسمائىلخاندىن كېيىن غالدانىڭ يۆلىشى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىققان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ بىرىنچى ئىنىسى بولۇپ، رومانىدا يېزىلغىنىدەك، سۇلتان سەئىد باباقخانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەمەس. ئىسمائىلخانىنىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان چالىشنىڭ نائىبى بولۇپ، ھېچقاچان رومانىدا يېزىلغىنىدەك ئۈچتۇرپاننىڭ نائىبى بولغان ئەمەس. ئاكىسى ئابدۇرەشىدخان يەكەندە تەختكە چىققاندىن كېيىن تۇرپان، قومۇل، چالىشنىڭ نائىبى بولغان. 1682-يىلى ئابدۇرەشىدخان غالدان تەرىپىدىن ئىلىغا ئالداپ چىقىرىلىپ نەزەربەنت قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تۇرپاندىكى ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن كۇچا ۋە ئاقسۇنى بېيئەت قىلدۇرۇپ يەكەنگە كەلگەن. «يەكەندىكى بارلىق ئەمىرلەر قۇرۇلتاي چاقىرىپ مۇھەممەدئىمىن خاننى يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقارغان». ھەرگىزمۇ رومانىدا يېزىلغىنىدەك، مىلادىيە1680-يىلى ئۈچتۇرپاندىن لەشكەر تارتىپ، جەڭ قىلىپ تەختنى تارتىۋالغان ۋە خوجا ھىدايىتۇللا بىلەن شېرىك خانلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ شېرىك خان بولغان ئەمەس. يەنە، مۇھەممەد

سادىق كاشغەرى يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خانلىقنى مۇستەقىللىقتا ئېرىشتۈرۈپ قالماي يەنە «جۇڭغار خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئىلى داۋنىغا ھوجۇم قىلىپ ئوتتۇزمىڭ قالماقنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرىنى تۇتۇپ كەلگەن.»(24) بۇ ۋەقە تارىخشۇناسلارنىڭ تەھلىل قىلىشىچە ملادىيە1690-يىلى يۈز بەرگەن.(25) بولۇپ، رومانىدا يېزىلغىنىدەك ملادىيە1680-يىلى مەھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ تەخت تالىشىش كۆرىشى ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن ئەمەس. يەنە،رومانىدا يېزىلغىنىدەك، مەھەممەدئىمىن باھادىرخان ملادىيە1681-يىلى كۈزنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىسى ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا خوجا ھىدايىتۇللا ئەۋەتكەن قاتىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولماستىن، ملادىيە1692-يىلى (ھىجرىيە1103-1104-يىللىرى) ئاقتاغلىقلار تەرىپىدىن يەكەن دەرياسى بويىدا قەتلى قىلىنغان. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاپتۇر رومانىدىكى بۇ تارىخي بايانلارنى ئىپادىلەشتە سىئۇژىت قوغلىشىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تارىخنىڭ ئەسلى يۈزىنى ئېچىپ بېرىشكە سەل قاراپ، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولۇپ، كىشى كۆڭلىنى تولىمۇ غەش قىلىدۇ.

تارىخ ــــ ئەجدادلار ھاياتى كەچمىشلىرىنىڭ ئاغزاكىي ۋاستە، يېزىق ۋاستىسى، شۇنداقلا ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋاستىسى ئارقىلىق بىز ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلگەن خاتىرىسى. تارىخي رومان بولسا، ئەنە شۇ تارىخي خاتىرىلەرگە بەدىئىلىك جەھەتتىن ئىش قوشۇش ئارقىلىق ئۇنى سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈدىغان ئىجادىيەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى زامانلاردىن بويان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. «ئۇرخۇن ئابىدىلىرى»، «تارىخي رەشىدىي»، «تەزكىرەيى ئەزىزان»، «تارىخي ھەمىدى» قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ، «تارىخي رومان» ئۆز ئىسمىغا مۇناسىپ ھالدا، تارىخ-تەزكىرە بىلەن بەدىئىي يېزىقچىلىقنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان تارىخنىڭ سىن ئەينىكى بولۇپ، ئوقۇرمەنگە تارىخ ھەققىدە مول بىلىم، ئۇچۇر، ئىبرەت، تەربىيە بېرىش بىلەن بىرگە، بەدىئىلىك نوقتىسىدىنمۇ ئاجايىپ كۈچلۈك زوقلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

زامانىمىزدىكى تارىخي رومان قىزغىنلىقى يەككە-يېگانە ھالدا مەيدانغا كەلگەن ھادىسە بولماستىن، يۇقىرىدىكى ئىزچىللىقنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە، سوغوق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاياقلىشىشى ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا يەرشارىلىشىش قەدىمىنىڭ ئۇزۇكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن پۈتۈن

ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان، يىلتىز ئىزدەش، تارىختا، مەدەنىيەتكە سىڭگەن كەيپىياتى ۋە ئۆزلۈك، كىملىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچۈيىشى قاتارلىق دۇنياۋى زىل-زىلىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈلگەن ئەكس ساداسىدۇر. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆپسانلىق ئۇيغۇرلار ئەقلىي بىلىشتىن ھېسسىي بىلىشكە مايىللىقى كۈچلۈك بولغان خەلق تۈپى بولغاچقا، تارىخنى بىلىش، چۈشىنىش ۋە ئۆگىنىشتە، مەخسۇس تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلەرگە قارىغاندا، تارىخىي پىروزا ئەسەرلەرگە كۆپرەك مۇجىئەت قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىزنىڭمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېستىخىيىلىك ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى تارىخىي رومانچىلىققا قاراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، ئەسلى ئىجادىيىتىنى شېئىر-داستان ياكى ھازىرقى زامان تېمىسىدىكى پىروزا ئەسەر يېزىقچىلىقى بىلەن باشلىغان بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ، ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى ھازىرقى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تارىخىي رومان يېزىقچىلىقى تەرەپكە بۇرىشى. يەنە بىرى، ھازىر كىتابخانىلاردا تەتقىقات خاراكتېرلىك تارىخ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ئىشكاپ ئىگىلەپ تۇرۇشىغا كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولغان ھالدا، تارىخىي پىروزىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ قايتا-قايتا بېسىلىپ بازارغا سېلىنىسىمۇ سېتىلىپ تۈگەپ كېتىشى، ھەتتا بىر قىسىم «تارىخىي رومان» قالپىقىنى كىيىۋالغان سۈپەتسىز ئەسەرلەرنىڭمۇ بازىرىنىڭ ئىتتىك بولۇشى، بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى بولالايدۇ.

قارىغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىر تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ قولىدىكى تارىخنى ئاممىغا بىلدۈرۈش، چۈشەندۈرۈش ۋە تارىخىي بىلىملەرنى ئومۇمىيلاشتۇرۇشتىكى يېتەكچىلىك رولى، تارىخىي رومان يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭمۇ يامان يېرى يوق. ئەمما، بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى، ئەشۇ تارىخىي رومان يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىز مول ئەدەبىيات ۋە يېزىقچىلىق بىلىمى ھازىرلاش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزلىرى يېزىۋاتقان تارىخىي تېما توغرىسىدا يېتەرلىك بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغانمۇ-يوق. شۇنداقلا ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى ھەقىقىي يوسۇندا تارىخنىڭ سىن ئەينىكى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە تارىخنىڭ ئەسلى يۈزىنى ئېچىپ بېرەلىدىمۇ-يوق.

بەشىنچى، روماندىكى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يەكەن خانلىقى تەختىگە چىققان ۋاقتى، سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى تارىخىي بايانلارغا تۈزىتىش ۋە

تولۇقلىما

خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ سەلتەنەت يۈرگۈزۈشى ۋە كېيىن قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىشى، ئۇيغۇر سىياسىي-ئىدىئولوگىيە تارىخىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن يەنە بىر مۇھىم ۋەقەلەردىن بولۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە بۇ تارىخنىڭ ئەسلى يۈزىنى ئېچىپ بېرىشمۇ ھەر بىر مىزنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى-ئەلۋەتتە.

روماندا بۇ ھەقتىكى تارىخىي بايانلار: «خوجا ھىدايىتۇللا مىلادىيە1678-يىلى قوغۇن پىششىقى (629-بەت) دا غالدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغارلارنىڭ 120مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىغا يول باشلاپ ئاقسۇنى بېسىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، مىلادىيە1678 -يىلى كۈزدە قەشقەر، يەكەننى بېسىۋېلىپ، تارىختا 180 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزى قورچاق خان بولىدۇ (676-بەت). ھەمدە، ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا غالدان ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ (673-بەت).» دەپ يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى جەريانلار يەنە، يەكەن خانلىقىنىڭ ھەقىقىي تەخت ئىگىسى «مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان مىلادىيە1680- يىلى ئۈجمە پىششىقى (734-بەت) دا ئۈچتۇرپان بىلەن ئاقسۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئەينى چاغدا يەكەندىكى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان خوجا ھىدايىتۇللاغا قارشى ئاتلىنىدۇ. مىلادىيە1680-يىلى ئۆرۈك مەي بولۇپ پىشقان مەزگىلدە ئاستانە (يەكەن) سېپىلىنى مۇئاسىرىگە ئالىدۇ (736-بەت). ئارىلىقتا، خوجا ھىدايىتۇللاغا ھەمدەم بولۇشقا كېلىۋاتقان جۇڭغارلارنىڭ تۆت تۈمەن لەشكىرىنى، ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدىكى مۇز داۋان ئۆستىدىكى يانتاققۇدۇق چۆللىكىدە يوقۇتىدۇ (767-بەت). ھەمدەمگە كېلىدىغان قوشۇندىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن خوجا ھىدايىتۇللا سۈلھى يولىنى تۇتۇپ، مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان بىلەن شېرىك پادىشاھلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. يەنى ھەر جۈمە كۈنى خوجا ھىدايىتۇللا سەلتەنەت پاسبانى بولۇپ يۈرتىدارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان، باشقا كۈنلەردە مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتىدىغان بولىدۇ» (781-بەت) دېگەن بايانلار ۋە «مىلادىيە1681-يىلى كۈز (795-بەت) نىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىسى ئوردا كۈتۈپخانىسىدا ئارام ئېلىۋاتقان مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان، خوجا ھىدايىتۇللا ئەۋەتكەن قاتىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن (804-بەت) » دىن كېيىن قايتا تەختكە چىقىپ، «مىلادىيە 1694-يىلى باھارغىچە ئون نەچچە يىل تەختتە ئولتۇرۇپ (852-بەت)»، قەشقەردىكى ھەزرەتتە دادىسىغا ئاتاپ ياسىلىۋاتقان مەقبەرە قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندە، چوڭ سودىگەر سىياقىدىكى قارا تاغلىقلار (ئىسھاقىيەچىلەر) مۇرتى تەرىپىدىن، «ھەزرەت قەسرىدىن

www.kitaphumar.com

ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئېرىق بويىغا تىكىلگەن چېدىردا (872-بەت) زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى (874-بەت).» دېگەن بايانلار بار،

يۇقۇرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىخنامىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدان مىلادىيە1680-يىلى 10-ئاي (ھىجرىيە1091-يىلى رامزان ئېيى) دا ساتقىن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ يول باشلىشى بىلەن زور قوشۇننى باشلاپ  يەكەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان تۇرپان، قۇمۇلدىكى نائىبلىرى ئابدۇرەشىد ۋە مۇھەممەد ئىمىنلەرنى بىللە ئېلىپ، بۇ خانلىقنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي مەركىزى (پايتەختى) يەكەننى ئىگىلىگەن. ھەمدە، شۇ ۋاقىتتا يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىدىكى پادىشاھى ئىسمائىلخاننى ئەسىر ئالغان. ئاندىن كېيىن ھەر يىلى جۇڭغار خانلىقىغا مەلۇم مىقداردا سېلىق تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ساتقىن خوجا ھىدايىتۇللانى ئەمەس، بەلكى يەكەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن (چاغاتاي ئەۋلادىدىن) بولغان تۇرپان نائىبى ئابدۇرەشىدنى يەكەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقارغان. كېيىن، ئابدۇرەشىدخاننىڭ بەزى ئىش-ھەركەتلىرى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئوردىسى يول قويالايدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن (خانلىقنىڭ ئەسلىدىكى مۇستەقىل ھالىتىگە قايتىشقا تىرىشقان) لىكى سەۋەبىدىن، 1682-يىلى غالدان تەرىپىدىن ئىلىغا ئالداپ ئاپىرىلىپ نەزەربەنت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا «كاشغەر تارىخى» دا مۇنداق يېزىلغان: «بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تۇرپان ۋە قاراشەھەردە نائىب بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھەممەدئىمىن خان قوشۇن تارتىپ كۇچاغا كەلگەن. كۇچا خەلقىنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ئاقسۇغا كەلگەن. ئاقسۇ خەلقى ئىستىقبالغا چىقىپ مۇھەممەدئىمىن خاننى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئاندىن مۇھەممەدئىمىن خان يەكەنگە كەلگەن. يەكەندىكى بارلىق ئەمىرلەر قۇرۇلتاي چاقىرىپ مۇھەممەدئىمىن خاننى يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقارغان.».

بۇ يەردە قىستۇرۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش، مىلادىيە1682-يىلى ئابدۇرەشىدخان غالدان تەرىپىدىن ئىلىغا ئالداپ ئېلىپ چىقىلىپ نەزەربەنت قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تۇرپاندىكى ئىنىسى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان كۇچا ۋە ئاقسۇنى بەيئەت قىلدۇرۇپ يەكەنگە كەلگىچە، ئاقتاغلىقلار (ئىشقىيەچىلەر) داھىيسى خوجا ھىدايىتۇللا يەكەن خانلىقى تەختىگە چىقىشقا ئۈرۈنغان بولسىمۇ، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، «ئافاق خوجا تەخت بىلەن ئۆزىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بايقاپ، مۇھەممەد ئىمىننىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللىغان ۋە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى خانىم پادىشاھقا

ئۆيلەنگەن» (26) دېيىلگەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ بۇ قىلمىشى ئاددىيلا « تەخت بىلەن ئۆزىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بايقاپ» قالغانلىقى بولماستىن، ئۆزىنىڭ بۇ زېمىنغا، مۇڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان چاغاتاي ئەۋلادلىرىدەك ھۆكۈمرانلىق قىلىش سالاھىيىتىنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئاساسىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ، تەختكە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ھەمدە، «مۇھەممەد ئىمىننىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللىغان ۋە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى خانىم پادىشاھقا (مەلىكە مۇھتەرەم خېنىمغا) ئۆيلەنگەن». بۇ ئارقىلىق خانزادە (خان جەمەتىنىڭ ئايال ئەزاسى بىلەن قېرىنداشلىقى بارلار خانزادە، خان جەمەتىنىڭ ئەر ئەزاسى بىلەن قېرىنداشلىقى بارلار شاھزادە دېيىلگىنىدەك) ياكى خان جەمەتى ئەزاسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىۋالغان.

كېيىن، خوجا ھىدايىتۇللا بىلەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان ئوتتۇرىسىغا ئاقسۇدىكى بىر قېتىملىق توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش جەريانىدا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە1692-يىلى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخان خوجا ھىدايىتۇللانىڭ پىلانلىشى بىلەن ئاقتاغلىقلار تەرىپىدىن يەكەن دەرياسى بويىدا قەتلى قىلىنغان، ئاندىن خوجا ھىدايىتۇللا خان جەمەتى ئەزاسى، خانىنىڭ كۈيئوغلى سالاھىيىتى بىلەن ئوغلى يەھيا خوجىنىڭ ھىمايىسىدە يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان. ئەمما، «خوجا ھىدايىتۇللانىڭ تەختتىكى سەلتەنەت دەۋرى پەقەت بىر يېرىم يىللا داۋاملاشقان بولۇپ، ھىجرىيە1105 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ باشلىرى (مىلادىيە1694-يىلى 3-ئاي) دا يەكەندە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن».(27) ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسەدى كاشغەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ ھەزرەتتىكى دادىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

دېمەك، خوجا ھىدايىتۇللا روماندا بايان قىلىنغىنىدەك، مىلادىيە1678-يىلى جۇڭغار خانى غالداننىڭ يۆلىشى بىلەن يەكەن خانلىقى تەختىگە چىققان بولماستىن، بەلكى مىلادىيە1692-يىلى مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننى يەكەن دەرياسى بويىدا قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئوغلى يەھيا خوجىنىڭ ھىمايىسىدە تەختكە چىققان. شۇنداقلا، تەختتە روماندا يېزىلغىنىدەك ئون نەچچە يىل ئولتۇرغان بولماستىن، پەقەت بىر يېرىم يىللا ئولتۇرغان بولۇپ، ھىجرىيە1105 -يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ باشلىرى (مىلادىيە1694-يىلى 3-ئاي) دا يەكەندە (روماندا يېزىلغىنىدەك قەشقەردە ئەمەس) زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئاپتۇر روماندىكى بۇ تارىخىي بايانلاردا ئوخشاشلا ناھايىتى زور خاتالىقلارغا يول قويغان بولۇپ، ئەينى تارىخنىڭ ئەسلى يۈزى ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن نامايەن قىلىپ بېرىلمىگەن.

www.kitaphumar.com

ئالتىنچى، رومانىدا تىلغا ئېلىنغان جۇغراپىيىۋى يۇرت-جاي ناملىرى«قەشقەر»، «ئۇچتۇرپان» ۋە «مارالبېشى» توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ۋە تولۇقلىما.

دىيارىمىزدىكى ھازىر «قەشقەر»، «ئۇچتۇرپان» ۋە «مارالبېشى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان يۇرت-جايلار، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرتلاردىن بولۇپ، تارىختا دۇنياغا مەشھۇر خەلقئارا سودا-دىپلوماتىيە يولى بولغان ــ «يىپەك يولى» نىڭ دىيارىمىزدىن ئۆتىدىغان غول لىنىيىسى بويلىرىغا ۋە ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جايلارغا ئورۇنلاشقانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن، تارىختىن بۇيانقى نۇرغۇن قېتىملىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەر،سىياسىي ۋەقەلەر ۋە ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ شاھىدى بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەينى دەۋرلەردە ھازىرقىدەك «قەشقەر»، «ئۇچتۇرپان» ۋە «مارالبېشى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن ئەمەس. بۇ تارىخشۇناسلىق ساھەسىگە ئۈزۈندىن بويان ئايدىڭ بولۇپ كەلگەن مەسىلە. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تارىخىي پىروزا ئەسەرلىرى تارىخنىڭ ئەسلى يۈزىگە بەدىئىلىك جەھەتتىن ئىش قوشۇش ئارقىلىق، ئۇنى سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، شۇنداقلا تارىخنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ ئىجاد قىلىنىدىغان ژانىر بولغاچقا، ئەسەردە ئىپادىلەنگەن تارىخ ۋە تارىخىي دەۋرلەرگە مۇناسىپ ھالدا، يۇرت-جاي ناملىرىمۇ ئەينى زامانلاردىكى ئاتىلىشى بويىچە ئېلىنىشى كېرەك. بۇ بىر جەھەتتىن تارىخقا ۋە ئەشۇ يۇرت-جايلىرىمىزنى بەرپا قىلغان،گۈللەندۈرگەن ئاتا-ئەجدادلىرىمىزغا بولغان ھۆرمەت بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا بولغان بىر خىل مەسئۇلىيەتتۇر.

17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن، 18-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان دەۋرلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بۇ تارىخىي رومانىدا، ھازىر «قەشقەر»، «ئۇچتۇرپان» ۋە «مارالبېشى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان بۇ جايلار، يۇقىرىدىكىدەك ھازىرقى ئاتىلىشى بويىچە ئېلىنغان.

بۇ ھەقتە ئىزدەنگىنىمىزدە، ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدىن «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېينامە»، «سۈينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» ۋە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى سۇلې دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان. «تاڭنامە-جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە كاشا （佳沙）دەپ يېزىلغان.«ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە كاشلې( 迦舍罗）دەپ يېزىلغان. «شۈەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە دۆلەت نامى كاشلې بولۇپ، خانلىق قەلئەسى سۇلې دېيىلگەن (28). «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا كېشىخار （可失哈尔）، «يۈەن سۇلالىسى مەخپىي

www.kitaphumar.com

تـــــارىخى» دا چىســــــخائىر（乞思哈尔）، «مـــــــەلىك سۇلالىســــــى تارىخــــــدا» دا خاشــــخائىر（哈失哈尔）دەپ، چــــەك سۇلالىســــى دەۋرىـــگە كەلگەنـــدە، كاشـــگار（喀什噶尔）دەپ خـــاتىرىلەنگەن (29). ئەمەلىيەتـــتە، بۇلارنىـــڭ ھەممىســـى كاشـــغەر ئىبارىسىنىڭ خەنزۇ تىـل-يېزىقىـدا ھەرخىـل تەلەپپۇز قىلىنىشـىدىن ئىبـارەت. ئۇنىڭـدىن باشقا، ئۇيغۇرچە ۋە پارىسچە مەنبەلەردىن 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىـدىن پارىس تىلىدا يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» (دۇنيانىڭ چېگرا-پاسىللىرى) نـاملىق ئەسـەردىن تارتىـپ، 11-، 12- ۋە 13- ئەسىرلەردە يېزىلغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىـت تۈرك»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىـك»، جامال قارشىـنىڭ «سۇراھ لـۇغىتىگە ئىـزاھ»، ئەھـمەد يۈكنەكىنىـڭ «ئەتەبەتـۇل ھەقـايىق»، مـوللا ھاجىنىـڭ «بۇغراخـانلار تەزكىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان مىـرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدىي»، شـاھ مەھمۇد جۇراسـىنىڭ «تـاۋارىخ»، نامەلۇم ئـاپتور تەرىپـدىن يېزىلغان «كاشغەر تـارىخى»، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» (بۇ ئەسەرلەر، روماندا ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان تارىخىي دەۋرلەرنىـڭ ئالـدى-كەينىـدە يېزىلغان) دىـن تارتىـپ،20-ئەسـىرنىڭ باشـلىرىدا يېزىلغان مـوللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق ئەسـەرلەرنىڭ ھەممىسىدە، ئەينـى دەۋر تـارىخىي رىئاللىقىغا ئۇيغۇن ھالدا ھازىرقى قەشقەر شەھىرى «كاشغەر» دەپ ئاتالغـان. ھەتتـا، خوجا ھــدايىتۇللاغا بىـر مەزگىـل مـۇلازىم بولغـان مەشـھۇر شـائىر مـۇھەممەدئىمىن خوجـامقۇلى ھىرقەتـى (گۇمنـام) نىـڭ «كاشـغەر»نـاملىق مەشـھۇر غەزىلىنىـڭ بـارلىقىنى كۆپسـانلىق كىشىلىرىمىز بىلىسە كېرەك.

«ئوتچۇرپـان» نامىغـا كەلسـەك، تارىخنـامىلەردە خاتىرىلىنىشـىچە ئوتچۇرپـان 2500 يىلـدىن ئـارتۇق تارىخقا ئىـگە قەدىمىي يـۇرت بولـۇپ، مىلادىـدىن بـۇرۇنقى 3-4-ئەسـىردە ۋېنسۇ (ئونسۇ) دەپ ئاتالغـان. شـۇنىڭدىن باشـلاپ كـۆك تـۈرك خـانلىقى (552ــ745) ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (605ــ846) دە خەنزۇچە ئونسۇ ئايىمىقى (温肃州)، چـوك تاشبالىق(大石城) ياكى ئۈچ (于祝) دېيىلىپ ئاتالغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە (850ــ1212) ئـۈچ مەشـھۇر بىـر شـەھەرگە ئايلانغـان. پەقەت جۇڭغـار خانلىقىغـا سـۇۋان ئارابتـان ھۆكۈمرانلىقى قىلىۋاتقان مەزگىلـدە (1698ـــ1727) ئانـدىن «ئوتچۇرپـان» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇھەقتە ياپونىيىلىـك تـارىخچى ـــ سـۇگۇچى تـورۇ: «شىـنجاڭنىڭ 18-، 19-ئەسـىردىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسـىدا تەتقىقـات» دېگەن ئەسـىرىدە، تـۈركىيە

جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرە ئىنسانشۇناسلىق تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە (MSNR13135) نۇمۇرلۇق بىر پارچە ھۆججەتنى پاكىت كەلتۈرۈدۇ، ئۇنىڭدا 1720-يىللىرىدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى خاتىرلەنگەن. بۇ ھۆججەتنى تۈركىيىلىك ئالىم ئەھمەت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ يېشىپ چۈشەندۈرۈشىچە: «تۇرپاندا 10مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بولغان. ئات يىلى (ھىجرىيەنىڭ 1135-يىلى، مىلادىيە1722-، 1723-يىللىرى) تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار جۇڭغارلارنىڭ بېسىمى بىلەن غەربىي جەنۇپ تەرەپتىكى قارا شەھەرگە (ئىبزىز خوجا باشچىلىقىدا) كۆچكەن»، ئارقىدىنلا ئۇچقا كۆچۈپ بارغان. مانا بۇ ئۇيغۇرچە پاكىتقا ئاساسلانغاندا، «ئۇچتۇرپان» دېگەن نام 1722-،1723-يىللىرى ئارلىقتا كېلىپ چىققان (30). يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۇئان ئارابتان ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان «تاۋارىخ» ۋە «كاشغەر تارىخى» دېمۇ ھازىرقى ئۇچتۇرپاننى «ئۇچ» دەپ خاتىرىگە ئالغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىشىمىزغا ئاساس بولالايدۇ.

ئەمدى «مارالبېشى» دېگەن نامغا كەلسەك، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلاردىن ۋە تارىخىي ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىر «مارالبېشى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ يۇرت، 2500يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206-يىلدىن مىلادى 25-يىلغىچە) دەۋرىدە غەربىي رايوندىكى 36شەھەر بەگلىكىنىڭ بىرى بولغان سەپەرباي بەگلىكىنىڭ دائىرىسىدە بولغان. ئۈچ پادىشاھلىق (200-265) ۋە ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاۋات، گۈللەنگەن شەھەرلەردىن بولۇپ، كۇسەن ئايمىقىغا تەۋە بولغان. سۈي سۇلالىسى (581-618) دەۋرىدە كاشغەر دۆلىتىگە قارىغان. تاڭ سۇلالىسى (616-907) دەۋرىگە كەلگەندە ئەنشى (غەربنى تىنجىتقۇچى) قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان ئۇتۇ ئايمىقى (尉头州) تۇرۇشلۇق جويسىد شەھرى (据史得城) دەپ ئاتالغان. 9-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەربىي رايوندا قۇرۇلغان مەشھۇر يەرلىك ھاكىمىيەت — قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا «بارچۇق شەھرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان(31). 10-، 11-ئەسىرلەردە كاشغەر، بالاساغۇن، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق ئەينى دەۋرلەردىكى ئاۋاتلاشقان، چوڭ شەھەرلەر قاتارىدا سانىلىدىغان (32)، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تونجى بولۇپ «بارچۇق» نامى بىلەن خاتىرىگە ئالغان (33) بۇ قەدىمىي يۇرت، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ھاكىملىرى خان تەرىپىدىن بېكىتىلىپ تۇرغان مۇھىم جايلاردىن بولۇپ، بۇ ھەقتە

تارىخشۇناس شاھ مەھمۇد جۇراس مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاخان ۋاقتى (1638ـــ1668) دا مىرزا فازىل جۇراس بارچۇقنىڭ ھاكىمى ئىدى».(34) ئۇنىڭدىن كېيىن،يەكەن خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى، خوجىلار ھاكىمىيىتى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى بىر قاتار سىياسىي-ھەربىي ھەركەتلەر داۋامىدا، بۇ جاي مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، داۋگۇاڭنىڭ 12-يىلى (مىلادىيە1832-يىلى) «مارالبېشى قەلئەسى» ھازىرقى مارالبېشى ناھىيەسى ئاقساقمارال يېزىسىنىڭ ئۆتەڭ كەنتىگە بەرپا قىلىنغان(35). 1883-يىلى بۇۋاستە قاراشلىق مارالبېشى مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، 1902-يىلى ئايماققا ئۆزگەرتىلىپ، ئورنى بارچۇققا كۆچۈرۈلگەن ۋە بارچۇق ئايمىقى دەپ ئاتالغان(36). مىنگونىڭ 2-يىلى (مىلادىيە1913-يىلى) بۇ جايدا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، ئىسمى «مارالبېشى» دەپ ئاتالغان ۋە شۇندىن كېيىن «بارچۇق» دېگەن نام بارا-بارا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىستېمالدىن قالغان. ئەمما، بارچۇقنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «巴尔楚克» نىڭ قىسقارتىلمىسى «巴楚» ھېلىھەم بۇ جاينىڭ خەنزۇچە نامى بولۇپ ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە.

دېمەك، روماندا «قەشقەر» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان تارىخىي يۇرت، روماندا ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان تارىخىي دەۋرلەردە «كاشغەر» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «قەشقەر» دەپ ئاتاشنىڭ پەقەت 20-ئەسىردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، روماندا «ئۈچتورپان» نامى بىلەن ئاتالغان جاي ئەسلى، ئەينى ۋاقىتلاردا «ئۇچ» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «ئۈچتۇرپان» دەپ ئاتىلىشنىڭ ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ،مىلادىيە1722-1723-يىللىرى ئارلىقتا كېلىپ چىققانلىقىنى، روماندا «مارالبېشى» نامى بىلەن ئاتالغان يۇرتنىڭ ئەينى زاماندا «بارچۇق» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغانلىقىنى، شۇنداقلا «مارالبېشى» نامىنىڭ داۋگۇاڭنىڭ 12-يىلى (مىلادىيە1832يىلى) ھازىرقى مارالبېشى ناھىيەسى ئاقساقمارال يېزىسىنىڭ ئۆتەڭ كەنتىگە بەرپا قىلىنغان يۇرت نامىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. شۇنداقلا، بۇ يەردە بىز ئاپتورنىڭ يازغان ئەسىرىنىڭ «تارىخىي» رومان ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

گەرچە، يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلاننىڭ «جاللات خېنىم» ناملىق تارىخىي رومانى، ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، پېرسوناژلارنىڭ كۆپلىكى، ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋرنىڭ بىرقەدەر قەدىمىيلىكى جەھەتلەردە، شۇنداقلا، بەدىئىي ئۇسلۇب، سيۇژېتلىق قۇرۇلما، ئوبراز يارىتىش، تىل ئىشلىتىش جەھەتلەردە بوگۇنكى زامان ئۇيغۇر

www.kitaphumar.com

ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر پەللە ياراتقاندەك قىلسىمۇ، «جاللات خېنىم» ئوبرازىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، ئەينى دەۋر جەمئىيەت ئەھۋالىنى، كىشىلەر ئىدىئولوگىيىسىنى، ھايات ۋە قىممەت قارىشىنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ. رومانىدىكى تارىخىي باياnلارغا كەلگەندە ئاپتورنىڭ تازا كۈچ ئىشلىتەلمىگەنلىقىنى ئاشكارىلىماي تۇرالمايمىز.

ئەمەلىيەتتە، تارىخ ــ بۈرۈنقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ھەر خىل-ھەر قىسما ھايات كەچمىشلىرىنىڭ ھەققىي خاتىرىسى بولۇپ، تارىخىي پىروزا ئەسەرلىرى ئەنە شۇ خاتىرىلەرگە ئاددىيلا رەڭ-سىن بېرىش ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى تارىخنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلىدۇر، بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق، چۈنكى، كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار تارىخنى مەخسۇسلاشقان تەتقىقات خاراكتېرلىق ئەسەرلەردىن كۆرە، تارىخىي پىروزا ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىلىشكە، ئۆگىنىشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا، تارىخنىڭ زامانىمىز كىشىلىرى ۋە ئەۋلادلار قەلبىدە ئەسلى يۈزى بويىچە نۇرلىنىشى ئۈچۈن، تارىخىي پىروزا يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەدىبلىرىمىز، مول يېزىقچىلىق بىلىمى ۋە بەدىئىي دىت ھازىرلاش بىلەن بىرگە، چوڭقۇر تارىخ بىلىمى جۇغلانمىسى ھازىرلىشى، شۇنداقلا تارىخقا، ئەنە شۇ تارىخنى ياراتقان ئەجدادلارغا ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى بىلەن قەلەم تەۋرىتىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

---

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

(1) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئىز». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىلى نەشرى، «مۇقەددىمە» 6-بەت

(2) ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 199-بەت.

(3) (5) (6) (7) (34) شاھ مەھمۇد جوراس: « سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 185-، 193، 203-، 147-بەتلەر.

(4) شاھ مەھمۇد جوراس: « سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»،

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 189-بەت. موللا مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر

(5) (19) (22) موللا مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى، 167-، 175-، 174-بەتلەر.

(8) (25) مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 48-، 68-بەتلەر.

(9) (10) «ئىخلاسمەنلەرنىڭ سىرى ـــ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى» قول يازما. ئەخمەتجان ھەسەننىڭ «ئاپپاق خوجىنىڭ ‹جاھان كېزىش› نامى بىلەن تىبەتكە قىلغان سەپىرى ھەققىدە»ناملىق ماقالىدىكى نەقىل. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2011-يىلى 2-سان.

(11) ما توڭ: «جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1995-يىلى 2-نەشرى،148-بەت؛ «جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ مەنبەسى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1995-يىلى 2-نەشرى. ۋېي لياڭتاۋ ليۇ جېڭيىن: «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 350-بەتتىكى نەقىل.

(12) ما توڭ: «جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1995-يىلى 2-نەشرى،153-بەت؛

(13) جاۋ ئىنرۇي: «قۇمۇل ۋاڭى،ئىسلام دىنى ۋە قۇمۇل تارىخى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش». ئەخمەتجان ھەسەننىڭ «ئاپپاق خوجىنىڭ ‹جاھان كېزىش› نامى بىلەن تىبەتكە قىلغان سەپىرى ھەققىدە»ناملىق ماقالىدىكى نەقىل. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2011-يىلى 2-سان.

(14) چوقان ۋەلىخانوۋ: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2001-يىلى 2-سان.

(15) (16) (17) (20) (21) (23) (26) ۋېي لياڭتاۋ ليۇ جېڭيىن: « خوجىلار جەمەتى ھەققىدە »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 352-، 353-،355-، 359-، 360-، 368-، 363-بەتلەردىكى نەقىللەر.

(18) ۋېي لياڭتاۋ لىيۇ جېڭيىن: « خوجىلار جەمەتى ھەققىدە »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 355-بەتتىكى نەقىل؛ موللا مىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى، 174-بەت.

(25) ئەنـۋەر بـايتۇر خەيرىسا سـىدىق: «شـىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىـڭ تـارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىلى نەشرى، 990-بەت؛

(27) ئەنـۋەر بـايتۇر خەيرىسا سـىدىق: «شـىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىـڭ تـارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىلى نەشرى، 991-بەت؛ ئىبراھىم نىياز: «تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 243-بەت؛ ۋېي لياڭتاۋ : «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى، 226-بەت؛ ۋېي لياڭتاۋ ليۇ جېڭيىن: « خوجىلار جەمەتى ھەققىدە »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 363-بەتتىكى نەقىل.

(28) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىلى نەشرى،258-بەت.

(29) ھاجى ئابدۇراخمان باقى: «‹قەشقەر› ۋە ‹سۇلى› نامىنىڭ ئېتمولوگىيەسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى،2012-يىلى 6-سان.

(30) ئادىل مۇھەممەد تۇرزگەن: «شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى ۋە يەر-جاي ناملىرى»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى،2011-يىلى نەشرى،173-بەت؛ خوجا نىياز: ئەجداد تارىخ تورىدىكى «‹ئۇچتۇرپان› دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ناملىق ماقالە.

(31) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىلى نەشرى، 261-بەت. «مارالبېشى تارىخي ماتېرىياللىرى»(1)، مارالبېشى ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى چىقارغان (ئىچكىي ماتېريال)، 3-بەت.

(32) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىلى نەشرى، «مۇقەددىمە» 2-بەتكە قاراڭ.

(33) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981-يىلى نەشرى، 1-توم 608-بەت.

(35) «قەشقەر يەر ناملىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،2010-يىلى نەشرى،32-بەت؛ ئابدۇغېنى مامۇت: «تارىختىكى بارچۇق ۋە مارالبېشى»،«قەشقەر» ژۇرنىلى 2013-يىلى 3-سان.

(36) ئابدۇغېنى مامۇت: «تارىختىكى بارچۇق ۋە مارالبېشى»،«قەشقەر» ژۇرنىلى 2013-يىلى 3-سان.

# يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

**ئەخمەتجان قاسىم**

ھەرقانداق بىر مەنىۋى ئىنقىلاب ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى ئۆزگىلەرگە بىلدۈرۈشتىن باشلىنىدۇ.

- ئابدۇقادىر جالالىدىن

1990- يىللاردىن كېيىن، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ياشلىرى ئارىسىدا يەھۇدىي ۋە ياپونلارغا قىزىقىش، ھەۋەس قىلىش ۋە ئۇلار ھەققىدە مۇلاھىزە - مۇنازىرە قىلىش بىر ئېقىمغا ئايلاندى. رېستوران، قاۋاقلاردىكى يەپ - ئىچىش سورۇنلىرىدىن، ئىلمىي مۇھاكىمە، مۇنازىرە سورۇنلىرىغىچە يەھۇدىي، ياپونلار ھەققىدە پات - پات گەپ بولۇندى. ئەدەبىيات، ئىجتىمائىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ھەققىدىكى يازمىلىرىدا يەھۇدىي ۋە ياپونلارنى كۆپرەك تىلغا ئالدىغان بولدى. بولۇپمۇ يەھۇدىيلارنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق سەرسان - سەرگەردانلىق قىسمەتنى باشتىن كەچۈرگەن مىللەت بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا جەھەتلەردە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى؛ دۇنيادىكى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىملار ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ بەلگىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقى؛ ياپونلارنىڭ 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ خارابىسىدىن دەس تۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈندە سانائەت، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان ۋە روبىرو تۇرالايدىغان كۈچلۈك دۆلەت بولغانلىقى ھەققىدە ئەقلىي ۋە نەقلىي بايانلارنى كۆپ قىلدى.

ئۇيغۇرلار ھەۋەس ۋە قايىللىق بىلەن تىلغا ئالىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيادا ئۇيغۇر دەيدىغان بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، ياپون مىللىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغانلىقى ئېنىق. ھېچ بولمىسا ئۇلار ئۇيغۇرلارنى 20- ئەسىردە بولسىمۇ بىلدى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىي ۋە ياپون

مىللەتنى بىلىش تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن. بۇنىڭغا تەخمىنەن مىڭ يىللارچە بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە «قۇرئان كەرىم»نى مۇقەددەس دەستۇر قىلغاندىن بېرى، بەنى ئىسرائىل نامىدىكى يەھۇدىي قوۋمىنى بىلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىلغان «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ناملىق قامۇس ئەسىردىكى دۇنيا خەرىتىسىگە ياپونىيەمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ياپون دۆلىتى ۋە مىللىتى ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىي ۋە ياپونلارنى ھەقىقىي مەنىدىكى بىلىشى 20 - ئەسىردىن، بولۇپمۇ 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلانغان. بۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئامىل سەۋەب بولغان. بىرىنچى، يەھۇدىي ۋە ياپونلار ھەققىدىكى كىنو، تېلېۋىزورلارنى كۆرۈش. ئىككىنچى، يەھۇدىي ۋە ياپونلار توغرىسىدا يېزىلغان كىتاب - ژۇرناللارنى ئوقۇش. ئۈچىنچى، يەھۇدىي ۋە ياپونلار ئىشلەپچىقارغان تاۋارلارنى ئىشلىتىش. بۇنىڭ ئىچىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغىنى يەنىلا يەھۇدىي ۋە ياپونلار ھەققىدىكى كىنو، تېلېۋىزورلارنى كۆرۈش بولىدى. يەھۇدىيلارنىڭ 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ۋە ئۇرۇش جەريانىدا ناتسىست گېرمانىيەسى تەرىپىدىن قانلىق قىرغىن قىلىنغانلىقى تېما قىلىنغان فىلىملارنىڭ كۆپلەپ ئىشلىنىشى ۋە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلاردا يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن ھېسداشلىق تۇيغىسى ئالغان تونۇش باشلاندى. گىتلېرنىڭ جىسمانىي زىيانكەشلىكىدىن ھايات قالغان ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ 1947- يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرغانلىقى ۋە يەھۇدىيلاردىن ئېينىشتېيىن، ماركس، بافقا ..... قاتارلىق دۇنياۋى ئالىم، پەيلاسوپ ۋە زەردارلارنىڭ چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلارغا بولغان ھېسداشلىقنىڭ ئورنىنى قايىللىق ئىگىلىدى. بولۇپمۇ ئىسرائىلىيەنىڭ تېمىتىپ سۇغۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىدە قوللىنىلىشى، نوكىيا ماركىلىق تېلېفونلارنىڭ بازار تېپىشى، يەھۇدىيلار ھەققىدە يېزىلغان «يەھۇدىيلارنىڭ سىرى»، «يەھۇدىيلارنىڭ سۆھبەت سەنئىتى»، «يەھۇدىيلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى»، «يەھۇدىيلارنىڭ باش كۆتۈرۈش تارىخى» ۋە «يەھۇدىي ھېكمەتلىرى» قاتارلىق بىر قاتار كىتابلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن نەشىر قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىي مىللىتى ھەققىدىكى بىلىشى تېخىمۇ

يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

بەزى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئەسەرلىرىدە يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسى، سودا ئەنئەنىسى، مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكىسى ھەققىدە نەقىللەرنى كۆپ ئالغان بولسىمۇ، يەھۇدىي ۋە ياپونلارنى ئۇيغۇرلارغا سىستېمىلىق ھالدا تونۇشتۇرغان، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە تەتقىقات نەتىجىسىنى كىتاب سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ناھايىتى ئاز ياكى يوق بولدى. يەھۇدىيلار ھەققىدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان كىتابلار كۆپ بولدى. ئەمما، بۇنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق روياپقا چىقتى. ياپونلار ھەققىدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان كىتابلار يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، پەقەت قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «ياپونىيە نىمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى» دېگەن كىتاب بىلەن، ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» دېگەن ساياھەتنامىسى ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى ياپونىيە ھەققىدە يېزىلغان ھەر خىل ژانىردىكى پارچە ـ پارچە ئەسەرلەرنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

«ياپونىيە نىمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى» دېگەن ئەسەرنى ياپونىيەلىك ئەدىب سىنداۋ تۇگۇ يازغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ياپونلار ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ نوپۇزلۇق كىتاب. بۇ كىتاب ياپون مىللىتىنى چۈشىنىش ۋە ياپونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىررىنى بىلىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھالبۇكى، ياپونلار تەرىپىدىن يېزىلغان، ياپونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىررىنى ماھىيەتلىك تەرزدە ئېچىپ بېرىدىغان بۇ مۆتىۋەر كىتاب مەيلى ئۇ نەشر قىلىنغان 1980 ـ يىللاردا بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھېچقانداق تەسىر ۋە زىل ـ زىلىلە قوزغىغىنى يوق. ھەتتا نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر مۇشۇنداق بىر كىتابنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز. تەتقىقاتچىلارمۇ ياپونلار ھەققىدىكى نەقىللەرنى خەنزۇچە كىتابلاردىن ئالدىكى، بۇ كىتابتىن ئالمىدى.

ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن «ياپونىيە نىمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى» دېگەن كىتابتىن كۆرە، «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» دېگەن كىتابنىڭ تەسىرى چوڭ بولدى. ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن بۇ كىتابىدا، ياپونىيەدە تۇرغان بىر يىل ئىچىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ۋە ھېس قىلغانلىرىنى ئوبيېكتىپ مەيداندا تۇرۇپ بايان قىلغان. بۇ كىتابتىن ياپون مىللىتىنىڭ ئۇستاز قەلىمى ئاستىدىكى خىسلىتى ۋە ئىللىتى، ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە بىلگىلى بولىدۇ. بۇ كىتاب ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرلارغا ياپونىيە ۋە ياپون مىللىتى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچە بەرگەن تۇنجى كىتاب ھېسابلىنىدۇ. «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» دېگەن كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005- يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە قېتىم تەكرار بېسىلدى. 2012- يىلى يەنە ـ تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن قاتتىق تاشلىق قىلىپ يەنە بىر قېتىم بېسىلدى. بۇ كىتابنىڭ تەكرار ـ تەكرار بېسىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇنچە بازارلىق كىتاب بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭدا ياپونىيە ۋە ياپون مىللىتى ھەققىدە مۇپەسسەل بايانلارنىڭ بولغانلىقى، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ياپونىيە ۋە ياپون مىللىتى ھەققىدىكى بارچە سوئاللىغا جاۋاب بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان، دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ ماددىي تەرەققىياتى ۋە مەنىۋى قىياپەتلىرىنى بىلىش ئىستىكىدە بولۇۋاتقان ياشلارنىڭ دۇنيانى كۆزىتىش ۋە چۈشىنىشتىكى بىر كۆزنەك بولغانلىقى ئۈچۈن بازار تاپتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇستاز كىتابىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ياپونلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئادىمگەرچىلىكى ۋە جاھاندارچىلىقنى مۇناسىپ دەرىجىدە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلىغانلىقى بىلەن قارشى ئېلىندى.

«ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» دېگەن كىتاب گەرچە ساياھەتنامە بولسىمۇ، ئۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر ھەققىدە ئويلىنىشقا دالالەت قىلىدىغان تىرەن پىكىرلەر ۋە پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلەرگە تويۇنغانلىقى بىلەن قىممەتلىكتۇر. ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن كىتابىدا مۇنداق قۇرلارنى يازغان: «مەن قامۇسلارنى ۋاراقلاپ باقتىم، ‹ئۇيغۇر› دېگەن ئىبارىنى يەتتە ـ سەككىز قۇر چۈشەندۈرۈپلا بولدى قىپتۇ، تېخى بۇنچىلىك بايانلارنى بەزى قامۇسلاردىن تاپقىلى بولمايدۇ. چۈشىن، چاشقان، قۇرت ـ قوڭغۇزلار ھەققىدىكى بايانلار بىر ـ ئىككى بەتتىن ئاشىدىكەن. بۇ ئىشلار ماڭا ھار كەلدى. نومۇس قىلدىم، جاھان ماڭا تار كەلدى، ئەگەر 10 مىليون كىيسەكتىن قەسىر سېلىشقا توغرا كەلسە، ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئالەمگە پۇر كەتكۈدەك قەسىردىن بىرى پۈتۈشى مۇمكىن».① ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنى ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت، دەپ تەرىپلەپ، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالىملىرىمىز، «ئون ئىككى مۇقام» دەك سەنئەت دۇردانىلىرىمىزنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرگىنىمىز بىلەن، دۇنيادىكى بىز بىلىدىغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ دۇنيادا ئۇيغۇر نامىدىكى بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. گەرچە بىز ئۆزىمىزدىن تولىمۇ يىراق ئەللەردە ياشاۋاتقان يەھۇدىي، ياپون، قارا تەنلىكلەر ھەتتا سىگانلارنى تونۇدۇق-يۇ، ئۇلار بىزنى

تونۇمدى. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ يەھۇدىي ۋە ياپون مىللىتى بىزدىن يىراق بولغىنى بىلەن ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار بىزگە تولىمۇ يېقىن بولۇپ، سۈپەتلىك ۋە چىدامچان بولۇشى بىلەن تۇرمۇشىمىزغا قۇلايلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ سەرخىل تاۋارلىرى ئۇلارنى ھەممىگە تونۇتۇپ تۇردى. ھالبۇكى، يەھۇدىي ۋە ياپونلار سەرسان - سەرگەردان بولغان ۋە ئۇرۇش تالاپەتلىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، دۇنيانىڭ ئىقتىساد ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئالدىدا مېڭىۋەردى. ئەمما، بىز ئۇلار ئىشلەپچىقارغان تويوتا ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدەمەي، نوكىيا تېلېفونى بىلەن سۆزلەشمەي تۇرالمىدۇق. ئۇلار ئۆزىنى سۈپەتلىك ۋە چىدامىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇتۇۋاتىدۇ. ئىجابىي يۈسۈندا دۇنياغا تونۇلۇش بىر مىللەتنىڭ شان - شەرىپى ھېسابلانسا، تونۇلماسلىق قەدىرسىزلىك ۋە خارلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. تونۇلالمىغانلار ئۇچۇن تونۇلغانلارنى تونۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت. بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي مەنىدىكى تونۇلۇشنىڭ شەرىپى ۋە تونۇلماسلىقنىڭ دەردىنى تونۇپ يەتكىلى ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئوبيېكتىپ باھا بەرگىلى بولىدۇ.

21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بېرى، نىمشىقىدۇر بەزى كىشىلەر نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇش تەخىرسىز زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۇچۇن بەزىلەر بوكسىيۇرلۇق، دارۋازلىق، تەكلىماكاننى ئايلىنىشقا ئوخشاش خەتەرلىك ۋە جاننى سېلىپ بېرىدىغان ئىشلارنى تاللىدى. ئۇلار بۇ خىل قەيسەرانە روھى ۋە تەۋەككۈلچىلىكى بىلەن مەشھۇر ۋە چولپان بولۇپ، ئۆزلىرى تونۇلدى - يۇ، ئۇيغۇرلار يەنىلا تونۇلماي قېلىۋەردى. بۇ ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇشنىڭ ئاقىلانە يولى بولمىغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل يوللار بىلەن دۇنياغا تونۇلۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يەھۇدىي ۋە ياپونلار ئۆزلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىجادچانلىق روھى بىلەن دۇنياغا ئاز بولمىغان تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇلار كىمگە، قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى، كىملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئويلىنىدىغان تېمىسى ۋە مۇھاكىمە قىلىدىغان نۇقتىسى ئەمەس. ئەمما، بۇ ھەقتە تەلقىن قىلىش ئۇلارنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەسىرگە ئۇچراۋاتقان قوۋملەر ئۇچۇن ئارتۇقچە ئىش ئەمەس. بۇنىڭدىن مەقسەت، تەسىر قىلغۇچى تەرەپنىڭ تەسىر قىلالىشىدىكى سەۋەب ۋە تەسىرگە ئۇچرىغان تەرەپتىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بۇ خىل تەسىرنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي رولىغا باھا بېرىشتىن ئىبارەت.

www.kitaphumar.com

بىز بىلىدىغان ياپونىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ماھىيەتتە ياپون مىللىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى. ياپونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغىنى يەنىلا ئىچكى ئامىل. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ياپونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياپون مىللىي روھىنى غەرب پەن - تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئەكېلىشىپەرۋەرلىك بىلەن ئىجادچانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. ياپونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزد -ىكىدەك ئوڭۇشلۇق ۋە ئاسان بولمىغان. بەلكى ئەگرى - توقايلىقتا، تۈرلۈك - تۈمەن مۈشكۈلاتلارغا تولغان. ياپونىيەنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىلەن ھەم ئوخشاشلىققا، ھەم پەرققە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. 1840 - يىلى، ئەنگلىيەنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرى جۇڭگونىڭ بېكىنمە ھالەتتىكى دەرۋازىسىنى ئاچقان بولسا، 1853 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى ياپونىيەنىڭ بېكىنمە ھالەتتىكى دەرۋازىسىنى ئاچتى. ئەينى مەزگىلدە ياپونىيەگە ساماۋى خاننى قورچاق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان بارگاھ سانغۇنلىرى ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. بارگاھ ھۆكۈمىتى (1603-1867) ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، غەربنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ۋە قوراللىرىنىڭ ياپونىيە جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ، ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىشىدىن قورقۇپ، 17- ئەسىردىن باشلاپ، ئىشىكنى تاقاپ بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويغان. ئەينى چاغدا ئۇلار پەقەت گوللاندىيە بىلەن چەكلىك دائىرىدە سودا قىلغان. بارگاھ ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ ئارقىسىدىنلا ئەگىشىپ كەلگەن ئەنگلىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە سودا پورتلىرى ۋە شەھەرلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيەنىڭ 200 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان بېكىنمىچىلىك سىياسىتى ئاخىرلاشتى. ياپونلار جۇڭگونىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشى (1840-1842) دىكى مەغلۇبىيىتىنى كۆردى، ھەمدە ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالدى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن باشلاپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنى ئۆگەنگەن ۋە جۇڭگونى ئۇستاز تۇتقان ياپونىيە ھۆكۈمرانلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئەمدىلىكتە جۇڭگودىن باشقىچىرەك يول تۇتمىسا، دۆلەتنىڭ مۇنقەرز، مىللەتنىڭ قول بولىدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتى. كۇڭزىچىلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ياپونىيە ئىلگىرى پەقەت جۇڭگودىنلا ئۆگەنگەن ۋە جۇڭگونى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە تاراتقۇچىسى، دەپ قاراپ كەلگەن. غەربنىڭ ئىلغار قورال - ياراغلىرى ۋە پەن - تېخنىكىسى ياپونلارنى نەزىرىنى غەربكە قارىتىشقا مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە ياپونلار

ئۆز نەزىرىدىكى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار دۆلەت ھېسابلانغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتتى. ياپونىيەنىڭ غەربلىشىش قەدىمى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى. «ۋەكىللەر يېڭى بىلىم بايلىقلىرىنى ۋە يېقىنقى زامان دۆلەتكە ئائىت بولغان ئۇچۇرلارنى دۆلەتكە ئېلىپ كەلگەن. مېيجى ھۆكۈمىتى بۇ ئۇچۇرلار ئارقىلىق قايسى دۆلەتنىڭ قايسى جەھەتتە ئەڭ ئىلغار ۋە مەشھۇر ئىكەنلىكىنى؛ قايسى دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىنىڭ ئىلغارلىقى، قايسى دۆلەتنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، قايسى دۆلەتنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ... قاتارلىقلارنى بىلگەن ۋە كۆزەتكەن. ئاندىن قايسى ساھەدە قايسى دۆلەتنى ئۈلگە قىلىش لازىملىقى ئۈستىدە قارار چىقارغان. مەسىلەن: 1872 - يىلى ئېلان قىلىنغان مائارىپ تۈزۈمىدە، دەل فىرانسىيەنىڭ مەكتەپلەرنى رايونلارغا ئايرىش تۈزۈمى ئۈلگە قىلىنغان. ياپونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ئەنگلىيە پادىشاھلىق دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدۇر، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى بولسا فىرانسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. تېلېگراف ۋە تۆمۈر يوللىرىنى ئەنگلىيەنى ئۈلگە قىلىپ قورغان. ئالىي مەكتەپلىرىنى قۇرۇشتا بولسا ئامېرىكىنى ئۈلگە قىلغان. مېيجى ئاساسىي قانۇنى ۋە گراژدانلار قانۇنىنى تۇرغۇزۇشتا گېرمانىيەنىڭ نۇسخىسىدىن پايدىلانغان. جىنايى ئىشلار قانۇنىنى فىرانسىيەنىڭ نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ تۈزگەن». ② «ياپونىيە ئەينى چاغدا ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا، ياپونلۇقلار ھەر بىر ساھەدە ئەڭ ياخشى نۇسخىلارنى قوللانساق، ياپونىيەنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز، دەپ ھېسابلىغان».③ «1955 - يىللىرىدىن باشلاپ، ياپونىيە چەتئەلنىڭ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۆزگەرتىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ياخشىلىغان». ④ «ياپونىيەنىڭ تاۋارلىرى 1960 - يىللاردىن باشلاپ، خەلقئارا بازارغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈشكە باشلىغان. بەلكى بۇنى تامامەن تېخنىكا ئۆزگەرتىشنىڭ نەتىجىسى، دېيىشكە بولىدۇ».⑤ شۇنداق قىلىپ ياپونىيە تەرەققىيات جەھەتتە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەقىقىي مەنىدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ياپون زىيالىيلىرى دۆلەتنى ۋە مىللەتنى كىرىزىسقا دۇچ كەلگەندە، كىرىپىدەك تۈگۈلۈپ، تۈگە قوشى كەبى بېشىنى تىقىۋالغۇچى بولمىغان. بەلكى كىرىزىسنىڭ سەۋەبى ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شەخسىي مەنپەئەت، شان - شەرەپ ۋە ئەمەل - مەنسەپتىن ۋاز كېچىپ، دۆلەت ۋە مىللەت مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىققۇچى

www.kitaphumar.com

بولۇشقان. ياپونىيەدىكى «تايكا ئىسلاھاتى»(646- يىلى) ۋە «مېيجى يىلىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» (1868- يىلى) ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يەھۇدىي مىللىتىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، پارلاق سەھىپىلىرىدىن كۆرە، قاراڭغۇ ۋە زۇلمەتلىك دەۋرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى، بىر پۈتۈن يەھۇدىي مىللىتى تارىخىنىڭ قان - ياشقا تولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان بىلىشى ھېسداشلىق قىلىش، قىزىقىش ۋە قايىل بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىيلار ھەققىدىكى بىلىشى باشتىن - ئاخىر ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدا تۇردىكى، بۇ خىل بىلىشنى ئەقلىي بىلىشكە يۈكسەلدۈرەلمىدى. بۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا سەۋەب بولغان ئامىل شۇكى، ئۇيغۇرلار يەھۇدىيلارغا قىزىققۇچى، ھەۋەس قىلغۇچى ۋە قايىل بولغۇچى بولدى -يۇ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگەنگۈچى، ئىجادكارلىق روھىدىن ئىلھام ئالغۇچى، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھى ۋە ھەمكارلىشىش ئەنئەنىسىنى ئۆلگە قىلغۇچى بولمىدى.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئاۋام ئارىسىدا يەھۇدىي ۋە ياپونلار ھەققىدە كۆپ ھېكايىلەر تارالدى. بەزى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇلارنىڭ ئەقلىيەلىرى كۆپ نەقىل قىلىندى. ئەمما، رېئال تۇرمۇشتا يەھۇدىيلارنىڭ ئىجادىيەتتىن نىجادىيەتكە ئېرىشىش يولى، ياپونلارنىڭ ئەستايىدىل ۋە سەممىيلىكنى نامايان قىلىدىغانلار كۆپ بولمىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزئارا يار - يۆلەكتە بولۇش، زەردارلارنىڭ يوقسۇللارغا خەيرخاھلىق قىلىشى ھەققىدە كۆپ سۆزلەيدىغانلار ئۆزئارا يار - يۆلەكتە بولۇشمىدى. كەسىپ ۋە سودىدا قېرىنداشنى مەغلۇپ قىلىش، ھەتتا ھالاك قىلىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمىدى. بۇنى بەزىلەر «رىقابەت» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن پەردازلاشتى. كىشىلەرنىڭ ياپون جەمئىيىتىدىكى رىقابەتنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن كەسكىن ۋە رەھىمسىز، دەپ پەرەز قىلىشى مۇقەررەر. ئەمما، ئەدىب سېنداۋ تۇگۇفو «ياپونىيە نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ياپونىيەنىڭ شىركەتلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقىنى ئەمگەك كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئىشچىلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقى، ياردىمى ۋە ئىلھامى ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن»⑥

ئۇيغۇرلارغا يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ ماددىي تەسىرىدىن كۆرە مەنىۋى تەسىرى كۆپرەك بولدى. بۇ خىل تەسىر ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە زىيالىيلىرى قەلبىدە كۈچلۈك زىل - زىلە پەيدا قىلدى. ئەمما، بۇ خىل تەسىر ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى

مىللىي ھېسسىياتىدا بەكرەك ئىپادىلەندى. كۆنىمىزدە يەھۇدىي ۋە ياپونلار ھەققىدە ئاز - تولا بىلىشكە ئىگە بولغان كىشىلەر ئۇلارنى ماختىماي، ئۇلارغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. ئەمما ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەھۇدىي ۋە ياپونلاردىكى قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىدىغان، ئەڭ مۇشكۇل شارائىتتىمۇ ئۈمىد ۋە ئىشەنچتىن مەھرۇم بولمايدىغان روھنى كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا يەھۇدىي ۋە ياپون مىللىتىدىكى سودىگەرلەر، كارخانچىلارغا ئوخشاش، سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردە يەھۇدىي ۋە ياپون سودىگەرلىرىدىكىدەك لەۋزى ھالاللىق، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىناۋەت ۋە ئىشەنچنى كارخانا ۋە شىركەتنىڭ مەڭگۈلۈك كاپىتالى قىلغانلار يوق دېيەرلىك. تىلىۋېزور خەۋەرلىرىدىن ياپونىيەدىكى تويوتا شىركىتىنىڭ ئامېرىكا بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېتىلغان ۋە بازارغا سېلىنغان نەچچە مىڭ ماشىنىنى سۈپەت مەسىلىسى تۈپەيلى قايتۇرۇۋالغان ۋە ئۆزگەرتىپ ياسىغانلىقى، بۇ سەۋەبلىك شىركەتنىڭ نەچچە مىليون دوللار زىيان تارتقانلىقىنى كۆپ ئاڭلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دىيارىمىزدىكى ئاز ساندىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ مال - دۇنيا، پايدا - مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ سېتىۋاتقانلىقىنى، بەزى سودىگەرلەرنىڭ سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتكە قەتئىي كاپالەتلىك قىلمايۋاتقانلىقىنىمۇ ھەم ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەنە شۇ سودىگەرلەر يەھۇدىي ۋە ياپونلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى كۆپ ئاڭلىغان، يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ تىجارەت ئەنئەنىسى، ئىناۋەت قارىشى ھەققىدە ئاز - تولا تونۇشقىمۇ ئىگە. بەزىلەر يەھۇدىي ۋە ياپونلاردەك زەردارلاردىن بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن - يۇ، ئەمەلدە بولسا ئۇلارنىڭ سودا ئەنئەنىسى ۋە ئەخلاقىغا ئەمەس، ئۆز مىللىتىنىڭ سودا ئەنئەنىسى ۋە ئەخلاقىغىمۇ ئاسىيلىق قىلىشتىن تارتىنىپ قالمايۋاتىدۇ.

يەھۇدىي ۋە ياپونلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدىغان ئەدىبلەر ۋە زىيالىيلاردا مۇنداق نۇقسانلار ساقلاندى. ئۇ بولسىمۇ يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ ئىللەتلىرىدىن كۆرە خىسلەتلىرىنى كۆپرەك تىلغا ئېلىش، گويا يەھۇدىي ۋە ياپونلاردا ئىللەت - نۇقسان يوق، بارچە نۇقسان ئۇيغۇرلاردىلا باردەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىي ۋە ياپونلاردىن ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە ھېچ نەرسىسى كەم ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىي ۋە ياپونلارغا بولغان قايىللىقى ئۇلارنىڭ كەم - كۈتىسىز، مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس. ناۋادا

يەھۇدىي ۋە ياپونلارنى ئۆزىمىزنى چۈشەنگەندەك چۈشەنگىنىمىزدە، يەھۇدىي ۋە ياپون جەمئىيىتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئوخشاش تونۇش بولغىنىدا، ئۇلارنىڭمۇ بىز بىلىدىغان پەزىلەت ۋە خىسلەتلىرىنى كۆمۈۋەتكۇدەك ئىللەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ھەم بىلەر ئىدۇق. ئەپسۇس، يەھۇدىي ۋە ياپونلار ھەققىدە ئەسەر يازغۇچىلار ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى يازغۇچى بولدىكى، يېتەرسىزلىكلىرىنى ئاز يازدى ياكى يازمىدى. يەھۇدىي ۋە ياپونلاردا كەم كۆرۈلىدىغان ئارتۇقچىلىقنى قېزىپ چىقىرىپ، «ئىللەتكە تولغان ئۇيغۇر»لار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى قامچىلاشنى ئۈنتۈپ قالمىدى. بۇ ئارقىلىق بەزى زىيالىيلار نېمىگە ئېرىشتى؟ ناۋادا ئۇلارنى بىرەر نەرسىگە ئېرىشتى دېيىلسە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۆزىنى كەمسىتىش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشتەك مەنىۋى يىمىرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزى زىيالىيلار يەھۇدىي ۋە ياپونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربلىكلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بولغان مەپتۇنكارلىق بىلەن ئۇلارنى ئىلغارلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ ۋەكىلى، ئۇيغۇرلارنى قالاقلىق ۋە كونىلىقنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە سېلىشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن مىللەتكە ئەسلا توغرا كەلمەيدىغان قالپاقلارنى كىيگۈزدى. ئۇيغۇرلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغانلىقى ھەممىدە ئارقىدا قالغانلىقىدىن دېرەك بەرمىگەندەك، غەربلىكلەرنىڭ ماددىي تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكى ھەممىدە ئالغا كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. غەرب جەمئىيىتىدە بار بولغان بەزى نەرسىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يوق بولغىنىدەك، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بار بولغان جامائەتچىلىككە ئوخشاش بەزى ئېسىل ئادەتلەر غەرب جەمئىيىتىدە يوق. ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدەك قويۇق ۋە ئومۇملاشمىغان. شەخسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان بەزى غەربلىكلەر ئەۋلادىنىڭ ئۇزۇلۇپ قېلىشىغا، نەسلى نەسەبىنىڭ تۈگەپ كېتىشىگە رازىكى، پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بەدەللىرىنى تۆلەشكە رازى بولمىدى. شۇڭا، بەزىلەر بىر ئۆمۈر تويى قىلماي بويتاق ئۆتىدۇ ياكى توي قىلسىمۇ بالا ئالمايدۇ. بۇنى غەرب جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال دېمىگەندىمۇ، مەۋجۇت ئەھۋال ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئەۋلاد قالدۇرۇپ، پەرزەنتىگە ئاتا ـ ئانىلىق مېھرى ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىشقىمۇ رازى بولمىغان غەربلىكلەردىن پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىلىم ئۆگىنىش، تىل ئۆگىنىش ئىستىكىدە بولۇۋاتىمىز، بۇ يولدا كېچە ـ كۈندۈز تىرىشۋاتىمىز.

يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولىغا نەزەر سېلىشتا، ئۇلاردىن نېمىنى ئۆگىنىش، قانداق ئۆگىنىش ۋە ئەمەلدە قانداق كۆرسىتىش جەھەتلەردىكى پىلان ۋە نىشان

كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە پەن - تېخنىكىدا ئالغا كەتكەن مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا ھېس - ھاياجاندىن كۆرە، ئەقلىيلىك بىلەن نەزەر تاشلاشنىڭ مۇھىملىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. يەھۇدىي ۋە ياپونلار ھەققىدە مۇئەييەن بىلىشكە ئىگە بولغان بەزى ھۆنەرۋەن، دېھقان - چارۋىچىلاردىلا ئەمەس، خېلى كۆپ ساندىكى زىيالىيلاردىمۇ يەھۇدىي ۋە ياپونلاردىن نېمىنى ئۆگىنىش، قانداق ئۆگىنىش ھەققىدە كونكرېتنى پىلان ۋە نىشان يوق. پەقەت يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە نىسبەتەن قايناق ھېسسىياتقا تولغان ھەۋەس ۋە مەپتۇنكارلىقلا بار. شۇ ۋەجىدىن يا زىيالىي، يا ھۆنەرۋەننىڭ ۋۇجۇدى ۋە ئىش - ھەرىكىتىدىن ئۆزلىرى مەدھىيىلەيدىغان ۋە ھەۋەس قىلىدىغان يەھۇدىي ۋە ياپونلاردىكى خىسلەتلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھە دېگەندە يەھۇدىي ۋە ياپونلارنى ئۆگىنىش ئۆلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. مەرىپەت بېغىنىڭ باغۋىنى ۋە ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى، دەپ تەرىپلىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئاي - يىلدا بىرەر قېتىم دەرسلىك كىتابتىن ئۆزگە بىرەر پارچە كىتاب ئوقۇمايدىغان كىشىلەر بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇمايدىغانلىقىغا باقماي، دەرسخانىدا ھەمىشە ئوقۇغۇچىلارغا يەھۇدىيلارنىڭ كىتابخۇمارلىقى، پەرزەنتلىرى بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپ «تالمۇد»قا ھەسەل سۈرتىپ، يالىتىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەيدۇ. يەھۇدىيلار ھەقىقەتەنمۇ «تالمۇد»قا ھەسەل سۈرتۈپ بالىلىرىغا يالىتامدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما، «تالمۇد»نىڭ يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە «تەۋرات»تىن قالسىلا ئەڭ يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بۇ ھېچ بولمىغاندا يەھۇدىي مىللىتىنىڭ كىتابخۇمار بولۇشتىكى تاشقى سەۋەبلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئېچىپ بەرگەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزلىرىدىن مىللىتى ۋە ئەۋلادىغا ئوتلۇق مۇھەببىتىنىڭ بارلىقى، كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان ياش بوغۇنلار ئۈچۈن «داغدام يول» كۆرسىتىدىغان، ئەمما ئۇ يولدا ئۆزلىرى ماڭمايدىغان «ئاقكۆڭۈل زىيالىي»لارنىڭ سىماسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭچە باشقىلارغا كىتاب ھەققىدە سائەتلەپ ۋەز ئېيتقاندىن كۆرە، ئۆزىمىز ئوقۇغان كىتابتىكى بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزنى ئېيتقىنىمىز تۈزۈك. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن يەھۇدىيلارنىڭلا ئەمەس، ياپونلارنىڭمۇ كىتابخۇمارلىقىنى ئۆگىنىش تولىمۇ زۆرۈر. ئەدىب سېنداۋ تۇڭفو ياپون مىللىتىنىڭ كىتابخۇمارلىقى ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: «ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش يىللىرىدا، ياپونىيە خەلقى بىلىمگە تەشنا بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ يېمەك - ئىچمەك سېتىۋالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ كىتاب - ژۇرنال سېتىۋالاتتى».[7]

www.kitaphumar.com

بەزى زىيالىيلار يەھۇدىي بايلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولىنى ئۇيغۇر ياشلىرىغا تەۋسىيە قىلىشتى. بۇنىڭدا ئۇيغۇر ياشلىرى ئىگە بولغان ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەتلەر نەزەرگە ئېلىنمىدى. ئەڭ مۇھىمى يەھۇدىي بايلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى ياشلىرىمىزغا ماس كېلەمدۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە ئويلىنىشىلمىدى. ناۋادا سودا ـ تىجارەتتە يول، پۇل ۋە يۈز تاپقان كىشىلەر ئارقىلىق ياشلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلھام بېرىشكە توغرا كەلسە، ئىسرائىلىيەدىكى بايلاردىن كۆرە جۇڭگودىكى بايلارنى، يەھۇدىي كارخانىچىلىرىدىن كۆرە، ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىنى تىلغا ئېلىش، ئۈلگە قىلىشنىڭ رولى ۋە ئۈنۈمى چوڭ بولسا كېرەك. مېنىڭچە، ئۇيغۇرلارغا رادىل ئابلا ئەپەندىنىڭ تەسىرى بىلەن. گايتىسنىڭ تەسىرىدىن چوڭ بولسا بولىدۇكى، كىچىك بولمايدۇ. چۈنكى ئوخشاش بىر ئەلدە ياشاۋاتقان قوۋملار ئىگە بولىدىغان پۇرسەت ۋە خىرىسلار ئوخشاش بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما، زىيالىيلار كۆپ ھاللاردا ياشلارنى مەۋھۇم ۋە غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش يولىنى تاللىۋالغان. بۇ خىل غايىۋى ئوبرازلار يەتكەن مەنزىل قانچىكى يۈكسەك ۋە ئالىيجاناب بولسا، كىشىلەرگە بولغان تەسىرى شۇنچىكى چوڭقۇر بولىدۇ، دەپ قاراپ كەلدى. شۈبھىسىزكى، بۇ غايىۋى ئوبرازلار كىشىلەردە ھېس ـ ھاياجاننى ئۇرغۇتۇشتىن باشقا، ھېچقانداق ئەمەلىي ھەرىكەتنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى. دەرۋەقە بىز يەھۇدىي ۋە ياپونلارغا ھېسسىيات جەھەتتە يېقىنلاشتۇق، ئەكسىچە ھەرىكەت جەھەتتە يىراقلاشتۇق. شۇ ۋەجىدىن يەھۇدىي ۋە ياپونلار يەتكەن مەنزىلگە يېتەلمىدۇق، يەھۇدىي ۋە ياپونلار ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدۇق. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇلار دۇچ كەلگەن مۈشكۈلاتنىڭ مىڭدىن بىرىگە دۇچ كەلسەك، ئۇنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئورنىغا، بار ئاۋازىمىز بىلەن ۋايسىدۇق. شۇنداقتىمۇ يەھۇدىي ۋە ياپونلار ئۇنداق قەيسەر مىللەت، مۇنداق ئەقىللىق مىللەت دېگەن سۆزلەرنى ئېغىزىمىزدىن چۈشۈرمىدۇق. گويا بىر كۈنلەردە بىزنىڭ مەدھىيە ـ ماختاش سادالىرىمىز ئۇلارنىڭ قولىقىغا يېتىپ، ئۇلار مۈشكۈلىمىزنى ئاسان، يوقىمىزنى بار قىلىپ بېرىدىغاندەك مەدھىيەدىن توختاپ قالمىدۇق.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تونۇشتۇرغىنى ۋە تەشەببۇس قىلغىنى يەھۇدىي ۋە ياپونلاردىكى زەردارلار بولدى. ئىگىلىك تىكلەش ۋە مۇۋەپپەقىيەت تەقەززاسىدا يۈرگەن ياشلارنىڭ قىزىققىنىمۇ شۇلار بولدى. ئەمما، ھەممىلا كىشىنىڭ زەردارلاردىن بولۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. زىيالىيلارنىڭ ئىشنى ئۇلۇغ گەپتىن باشلىغىنىغا ماس ھالدا، ياشلارمۇ ئۆز رېئاللىقى بىلەن ھېسابلاشماي، كىچىك ئىمكانىيىتى بىلەن بۈيۈك غايىسىگە

ئاتلاندى. نەتىجىدە بۇنىڭ ئۇنۇمى بولمىدى. ياپونلارنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ئۇلارنىڭ ماددىي پاراغىتىگە ھېرىس، ئەكسىچە ياپونلار ئىلىم - مەرىپەتكە ھېرىس. بۇ ھەقتە ئەدىب سىنداۋ تۇڭفو مۇنداق يازىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ قولىدىكى بايلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيەسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ® كۆپلىگەن كىشىلەر يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ مائارىپى، پەن - تېخنىكىسى، ئائىلە تەربىيەسى، ئىجادكارلىق روھىدىن كۆرە، ئۇلارنىڭ پۇلىغا بەكرەك قىزىقتى. ئۇلارنىڭ باي دۆلەت ۋە باي مىللەت بولغانلىقى كىشىلەرنى بەكرەك جەلپ قىلدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ياشلىرى ئارىسىدا يەھۇدىي ۋە ياپون زەردارلىرى بىلەن داڭلىق تاۋارلىرىنى بىلىدىغانلار كۆپ. ھالبۇكى، يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ بۈگۈنكى ماددىي تەرەققىياتى ۋە مەنىۋى گۈللىنىش خەرىتىسىنى سىزغان، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىدېئولوگىيە بىناسىنى قورغان مۇتەپەككۇر، زىيالىيلارنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك. يەھۇدىي ۋە ياپونلاردىن ئۆگىنىدىغىنىمىز كۆپ، ئەمەلدە ئۆگەنگىنىمىز ئاز بولدى. ئەمەلىي رەۋىشتە بىزنىڭ ئۆگىنەلەيدىغىنىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر بولغىنى قانداقتۇر يەھۇدىي ۋە ياپونلاردىكى ئاز ساندىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي تەسىرگە ئىگە ماركىلىق بايلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نوپۇسىنىڭ كۆپ سالمىقىنى ئىگىلەيدىغان ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، دېھقان - چارۋىچىلار ۋە زىيالىيلار ئىدى. بولۇپمۇ يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ زىيالىيسى زىيالىيدەك، ئاۋام ئاۋامدەك بولدى. زىيالىيلار ئاۋامنى ھىدايەت ۋە نۇسرەتكە باشلاش ۋەزىپىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىدى. ئاۋاممۇ زىيالىيلار باشلىغان يولدا ئىككىلەنمەي ماڭدى. شۇ ۋەجىدىن يەھۇدىي ۋە ياپونلار بۈگۈنكى ماددىي پاراغىتىنى مەنىۋى توقلۇق بىلەن بىرلەشتۈردى.

يەھۇدىي ۋە ياپونلاردىكى ھەممىنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالغان دېھقان - چارۋىچى ۋە ھۈنەرۋەن - كاسىپلارمۇ مەدەنىيەتلىك، يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئالىي مائارىپ تەربىيەسىنى ئالغان، ئۇلار دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلغان سانائەت دۆلىتىگە خاس رەۋىشتە پەن - تېخنىكا ۋە سانائەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن. ئىلمىي ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇچۇن ئۆز ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئېتىبار بەرگەن. ناۋادا ھەممە كىشى ئۆز ساھەسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە ئايلانغىنىدا، بۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ رولى مۆلچەرلىگۈسىز چوڭ بولىدۇ. «ياپونىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى غەرب ئەللىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالغىنى يوق، ياپونىيە بىلەن غەربنىڭ ماددىي شەرت - شارائىتى ئوخشاش ئەھۋالدىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى® «ياپونىيەدە

www.kitaphumar.com

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، دەپ ئىسپاتلانغان سىياسەتنىڭ ئەنگىلىيەنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق. چۈنكى ئۇلارنىڭ مىللىي روھى، خاراكتېرى خەلقنىڭ پائالىيەت شەكلى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇرۇندىن ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن باشقا بارلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاش ئەمەس⑩ شۇڭا، بىز ئەمەلىيەتكە بولۇشىمىز، مەيلى يەھۇدىي ۋە ياپونلاردىن بولسۇن، ياكى تەرەققىي قىلغان باشقا غەرب ئەللىرى كىشىلىرىدىن ئۆگىنەيلى، ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان ساھە ۋە كىشىلەر توپىدىن ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇلگە قىلىشىمىز كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت بىر يېزىسىدىكى دېھقاننىڭ تىلىۋىزورىدا كۆرگەن بىر كۆرۈنۈش گايىتىستىن ئۆگىنىش ئىرادىسىگە كەلگىنىدىن، ئىچكىرىدىن چىقىپ، ئۆز يېزىسىدا ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان خەنزۇ خوشنىسىدىن ئۆگەنگىنى ئەۋزەل.

شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ ئائىلىق روھىدا ئۇيغۇرلارغا ئۇستاز بولغىنى، بىر نەرسە ئۆگەتكىنى يوق. ئەمما، بىز ئۆزىمىز ئىستىخىيىلىك روھىدا ئۇلارنى ئۆگىنىش ئۆلگىسى، ئۇستاز قىلىۋالدۇق. نېمىشقىدۇر بىر كۆڭلەردە ئارىمىزدىن ئەنە شۇلاردەك ئالىم، پەيلاسوپ، زەردارلارنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلدۇق. ئاۋام زىيالىيلارنى ئەنە شۇ ئارزۇسىغا يېتىشتىكى نىجاتكار ۋە ۋە لاياقەتلىك نامزات، دەپ قاراشتى. «ئاقكۆڭۈل» زىيالىيلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاۋامنىڭ ئارزۇسىغا يېتىشكە ئاز قالغانلىقىدىن بېشارەت بېرىشتى. ھالبۇكى، ئاي - يىللار ئۆتتىۋەردى. ئۇيغۇرلاردىن ماركس كەبى پەيلاسوپ، ئېينىشتېيىن كەبى ئالىم ۋە باففىد كەبى زەردارلار چىقمىدى. بۇندىن كېيىن چىقىشى ھەم بەسىي مۇشكۇل. چۈنكى بىر مىللەت ھەۋەس، قىزىقىش ۋە قابىلىيلىق بىلەن يەنە بىر مىللەتنىڭ تاشقى زىننەتلىرىنى بىلىش ۋە ئىگىلەشكە مۇيەسسەر بولالىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولغان روھىغا ئىگە بولالىشى ناتايىن. بىر قوۋمنىڭ دۇنيادا پۈت دەسسەپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى كۈچىنىڭ مەنبەسى بولغىنى دەل ئۇنىڭ ئەجدادىدىن ئەۋلادىغا قالغان روھى. ئەنە شۇ خىل روھ مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇ قوۋم رىقابەت ۋە خىرىسلارغا باش ئەگمەي، مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەبەدىي ئېنىرگىيەسىگە ئىگە بولىدۇ. :

ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ھېسسىيات تىپلىق بىر مىللەت چاقماق چېقىشنى ‹خۇدانىڭ قەھرى› دەپ سۆيەتلەش بىلەنلا بولدى قىلىدۇ. بىر ئەقلىي مىللەت ئۇنىڭ فىزىكىلىق سەۋەبلىرىنى تەكشۈرىدۇ»(11)؛ «ئەگەر جاھاندىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ژانىرلارغا ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ساتىرىك تۇرمۇش بولۇپ

چىقىدۇ» ⑿ دېگەنىدى. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن يەھۇدىي ۋە ياپونلارنىڭ ھېسسىي تەسىرگە ئۇچراشىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ئەمدىكى مەسىلە ھېسسىي تەسىرنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش، سۆزلىگەن ۋە يازغاننى ئەمەلدە كۆرسىتىشتە قالدى. بۇ ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىرادىسى، ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىيىتىگە باغلىق.

## ئىزاھاتلار:

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئۆزنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005- يىلى 3- ئاي 1- نەشرى، 2005- يىلى 3- ئاي 1- بېسىلىشى، 1-، 2- بەتلەر.

②③④⑤⑥ ⑦ ⑩⑾ ⑿ سىنداۋ تۇڭفو: «ياپونىيە نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1987- يىلى 12- ئاي 1- نەشرى، 1988- يىلى 4- ئاي 1- بېسىلىشى، 186، 187-، 188-، 363، 354-، 241-، 331-، 368-، 407-، 408- بەتلەر. 4 P X5 %~ J1 'i n4 G2

⑨كامىل قىيۇم تۈزگەن: « ئابدۇقادىر جالالىدىن شۇنداق دېگەن»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2011- يىلى 12- ئاي 1- نەشرى، 2012- يىلى 3- ئاي 1- بېسىلىشى، 261-، 137- بەتلەر.

مەنبە: «كۇسەن مەدەنىيىتى» نىڭ 2014-يىللىق 1- سانىدىن ئېلىنغان.

www.kitaphumar.com

# يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا ئىنقىلما

**ئابدۇغېنى ماموت**

**ئىلاۋە:** ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن ۋە ھەربىي ئىشلار تارىخىنىڭ ئاجايىپ بىر گۈللىنىش مەنزىلىنى ياراتقان مەشھۇر خانلىق ــــ «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى» نىڭ قۇرۇلغىنىغا دەل 500يىل بولغان قۇتلۇق پەيتلەردە، ئەسلىدە بۇ خانلىقنىڭ تارىخىي، بۇ خانلىق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن، ھەربىي ئىشلار ۋە ئىقتىسادىي ئامىللار توغرىسىداچوڭ ئىلىم مۇنبەرلىرىدە چوڭقۇر ئىلمىي مۇھاكىملەر يۈرگۈزۈلۈپ، كاتتا پائالىيەتلەر ئارقىلىق خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئىدى. لېكىن، ھازىرچە بۇنىڭغا ئىمكان بولمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىم ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۇ مەشھۇر خانلىق ــــ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقىنى خاتىرىلەيمەن.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ـ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن مۇڭغۇللاردىن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 8ـئەۋلاد نەۋرىسى سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، يەكەننى پايتەخت قىلىپ دەۋران سۈرگەن يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خانلىق ئۆزىنىڭ ئاز كەم 200 يىللىق سەلتەنەتلىك تارىخىي مۇساپىسىدە ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ، شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار تارىخىنىڭ كەنجى گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتقانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر.

لېكىن، شۇنداق بىر مەشھۇر خانلىقنىڭ قۇرۇلغان يىل دەۋرى توغرىسىدا تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە: «ھىجرىيە 920ـ يىلى، مىلادى 1514ـيىلى قۇرۇلغان » دېگەن بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، قۇرۇلغان ئېنىق ئاي، كۈنلىرى توغرىسىدا بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان نەچچە خىل كۆز قاراش تەڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىنمەكتە. مەسىلەن:

تارىخ تەتقىقاتچىسى ئەخەت داۋۇت يازغان «ئابدۇكېرىم خاننىڭ سۇيىقەست بىلەن

قەتلە قىلىنىشى» ناملىق ماقالىدە ۋە تەتقىقاتچى ئىبراھىم نىياز يازغان «تارىختىن قىسقىچە بايانلار » ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: « تارىختا مەشھۇر ‹يەكەن خانلىقى › ھىجرىيە 920-يىل 7-ئاينىڭ 30-كۈنى (مىلادى 1514-يىل 8-ئاينىڭ 21-كۈنى ) قۇرۇلغان.» (1)

مەشھۇر تارىخ ئالىمى ۋېي لياڭتاۋ يازغان «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» دا مۇنداق دېيىلگەن : «سۇلتان سەئىدخان ھىجرىيە 920-يىلى 7 -ئاينىڭ13-كۈنى (مىلادى 1514-يىلى9-ئاينىڭ 30-كۈنى) خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، يەكەن خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.»(2)

ھاجى نۇر ھاجى چېن گوگۇاڭ يازغان «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن : « 1514-يىلى ...5-ئاينىڭ 3-كۈنى سەئىدخان دوغلات قەبىلىسى ئەمىرىنىڭ ھىمايىسىدە خانلىققا ئولتۇرۇپ، يەكەننى پايتەخت قىلغان.»(3)

ھاجى نۇر ھاجى يازغان «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «ھىجرىيە 920-يىلى (1514 ـ 1515) شەئبان ئېيى (8-ئاي) دا سەئىدخان يەكەنگە تەنتەنە بىلەن كىرىپ ئورۇنلاشتى.»(4)

ئەنۋەر بايتۇر خەيرىنسا سىدىق يازغان « شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دا ۋە ياش تارىخ تەتقىقاتچىسى نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن يازغان «غەربىي يۇرت ــ تارىخمىزدىكى خاقانلار» دا ئوخشاشلا مۇنداق دېيىلگەن: «ھىجرىيىنىڭ 920- يىلى ماھى شەئباننىڭ (8-ئاينىڭ) 1-كۈنى (يەنى مىلادى 1514-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى، سەيشەنبە كۈنىدە) سەئىدخان ...ئۆزى رەئىسلىكىدىكى يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. بۇ خانلىق تارىختا ‹يەكەن خانلىقى› ياكى ‹ سەئىدىيە خانلىقى› دەپ ئاتالدى.»(5)

لى جىنشىن يازغان «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن : « مىلادىيە 1514-يىلى 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ( ھىجرىيە 920-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرلىرى) سەئىدخان غەلىبە بىلەن يەكەن شەھىرىگە كىردى. ئۇ دوغلات قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.»(6)

ۋېي لياڭتاۋ ليۇ جىڭيىن يازغان «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «1514-يىلى9-ئاينىڭ3-كۈنى سەئىد ھەر قايسى ئەمىرلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن خانلىق تەختىگە چىقىپ، يەكەننى پايتەخت قىلدى، بۇ خانلىق تارىختا ‹يەكەن خانلىقى› دەپ ئاتالدى.»(7)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشى، بولۇپمۇ

www.kitaphumar.com

ئەينى دەۋرگە تەئەللۇق ئىشەنچلىك مەنبەلەرنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنىشى سەۋەبلىك، يۇقىرىدىكى ئېنىقسىز مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. بۇنىڭدا بىز، ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر تارىخچي شەخس مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان يېزىپ قالدۇرغان «تارىخي رەشىدىي» ناملىق ئەسەرنى كۆزدە تۇتىمىز-ئەلۋەتتە. چۈنكى، بىرىنچىدىن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە باشقا ئىلىملىرىدە مۇكەممەل يېتىلگەن ئالىملىرىدىن ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ئەينى دەۋردىكى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خان جەمەتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن،شۇنداقلا دۆلەت ئىشلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن مەشھۇر دوغلات جەمەتىنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەنجاندىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ كاشغەر، يېڭىھىسار،ياركەند ۋە خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، تارىختا مەشھۇر «يەركەن سەئىدىيە خانلىقى» نى قۇرۇش ئىشلىرىغا باشتىن ئاخىر بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان شاھىتلاردىن ئىدى. تۆتىنچىدىن ، ئۇ يېزىپ قالدۇرغان «تارىخي رەشىدىي» ناملىق ئەسەر، دەل شۇ « يەركەن سەئىدىيە خانلىقى » نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە دەسلەپكى يىللىرىغا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەر بولۇپ، بارلىق تارىخشۇناسلىق ساھەسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئەينى دەۋر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە 1-قول مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ئېنىق ۋاقتى توغرىسىدا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخي رەشىدىي» گە مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا،بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچي كىتابىدا بۇ ھەقتە: «تارىخنىڭ 920-يىلى باش باھار مەۋسۇمى ئىدى، بارلىق ئۆزبېك پادىشاھلىرى سان-ساناقسىز لەشكەر ۋە سىپاھلار بىلەن ئەندىجان ئۆستىگە يۈرۈش قىلىپ كەلدى. (سەئىد)خان ئۇرۇش قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ئۆزبېك لەشكەرلىرى فەرغانە ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلمەستە موغۇلىستان ( ھازىرقى شىنجاڭ ) تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. يەتتەكەندكە كەلگەندە ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ مىرزا ئابابەكر (ئەينى چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى) نىڭ ئىنىسى تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى كاشغەرگە ئالدىن ئەۋەتتى. خانمۇ توختاۋسىز يېتىشىپ كېلىپ كاشغەردە ئۇرۇش قىلىپ، كاشغەر لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، كاشغەر لەشكەرلىرى شەھەرگە بېكىنىۋالدى. خان ياڭىھىسارغا چىقىپ ياڭىھىسار قەلئەسىنى ئۈچ ئاي قورشاپ ياتتى، ئاخىر ياڭىھىسار ئەھلى تاغام سەييىد مۇھەممەد مىرزىغا ئىلتىجا قىلىپ قەلئەنى ئېچىپ بەردى. بۇ خەۋەر

كاشغەرگە يەتتى، كاشغەردىكى لەشكەرلەرمۇ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. قاچقان لەشكەرلەر ياركەندكە ــ مىرزا ئابابەكرنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. مىرزا ئابابەكرمۇ قېچىشنى ئىختىيار قىلىپ خوتەنگە كەتتى، خانمۇ توختاۋسىز قوغلاپ مىرزا ئابابەكرنىڭ كەينىدىن لەشكەر ئەۋەتتى، ئۇلار تاكى تىبەت تېغىغىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى. خان كاشغەر (يەركەن سەئىدىيە) تەختىگاھىدا ئولتۇرغان ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيى ئىدى.»(8) دېگەن ئۇچۇرغا ئىگە بولىمىز.

ئىككىنچى كىتابىدا بولسا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «(سەئىد)خان تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 920 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا (مىلادى 1514 ـ يىلى 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا) سۈيۈنچەكخان تېخى فەرغانە ۋىلايىتى چېگرىسىغا يېتىپ كەلمەستە، ئەندىجاندىن چىقىپ موغۇلىستان يولى بىلەن كاشغەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.»(9) دەپ ئۇچۇر بەرگەن. ئاندىن يۇقىرىدا دېگەندەك، «كاشغەردە ئۇرۇش قىلىپ، كاشغەر لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، كاشغەر لەشكەرلىرى شەھەرگە بېكىنىۋالدى. خان ياكەھسارغا چىقىپ ياكەھسار قەلئەسىنى ئۈچ ئاي قورشاپ ياتتى.». ئاندىن كېيىن، «تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى (مىلادى 1514 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى) ئىدى. ياكەھسار ئەتراپى مۇلجار (ھەربى نىشان) قىلىپ تەقسىم قىلىندى.»(10) ھەممە شۇ كۈندىن باشلاپ «بەش كېچە ـ كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. ھەر قايسى ئەمىرلەر ئۆز مۇلجارلىرىنىڭ لەخمىسى ئۈچۈن پۈتكۈل ۋۇجۇدى، بار كۈچى بىلەن كىرىشىپ، بارلىق سايە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشتى.»(11) «ئالتىنچى كۈنى (ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 6 ـ كۈنى، مىلادى 1514 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى) پەلەك پادىشاھى غالىبىيەت ۋە بەختىيارلىقنىڭ ئالتۇن بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئالەمنى يورۇق ـ روشەن قىلدى.»(12) يەنى، ياكەھسار قەلئەسى سۈلھى يولى بىلەن سەئىدخان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ياكەھسار قەلئەسى ئىشغال قىلىنغاننىڭ «ئۈچىنچى كۈنى (ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى، مىلادى 1514 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) خەۋەرچى يېتىپ كەلدى ـ دە : ‹كاشغەر ئەھلى شەھەرنى تاشلاپ ھەممىسى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى، شەھەر خالى قالدى› دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.»(13) دېمەك، ئەينى ۋاقىتتىكى خەۋەر ـ ئالاقە سۈرئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سەئىدخان يېڭىسار قەلئەسىنى ئىشغال قىلىپ بىر كۈندىن كېيىن (ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 7 ـ كۈنى، مىلادى 1514 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) بۇ خەۋەر كاشغەر شەھىرىگە يېتىپ بارغان. ئەتىسى (ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنى، مىلادى 1514 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) « كاشغەر ئەھلى شەھەرنى تاشلاپ ھەممىسى تەرەپ ـ

تەرەپكە قېچىپ كەتكەن، شەھەر خالى قالغان». ئاندىن بۇ خەۋەر ئۇنىڭ ئەتىسى (ياڭخىسار قەلئەسى ئىشغال قىلىنغانلىقىنىڭ «ئۆچىنچى كۈنى»، يەنى ھىجرىيە 920- يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 9-كۈنى، مىلادى 1514-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى) يېڭىساردىكى سەئىدخاننىڭ ھوزۇرىغا يەتكەن.

ئەمدى، سەئىدخان ۋە مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش- پائالىيەتلىرىنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى ھېسابلاپ كۆرگىنىمىزدە : يېڭىسار قەلئەسىنى قورشاپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان سەئىدخانغا قارشى لەشكەر توپلىغان «مىرزا ئابابەكر ياركەندتىن ئىككى فەرسەڭ يىراقتىكى يەرگە كېلىپ چۈشكەندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى بىر ياسال قىلدۇرۇپ كۆرمەكچى بولدى... شۇ ئەسنادا (سەئىد) خاننىڭ ياڭخىسارنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. كاشغەر خەلقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇلارمۇ كاشغەر قەلئەسىنى تاشلاپ كېتىپ قالغاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىدى.»(14) بۇ يەردىكى مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېڭىسار قەلئەسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كاشغەر قەلئەسىنىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىنى، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننىڭ «كاشغەر ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان ياركەند كاشغەردىن تۆت كۈنلۈك يىراقتا»(15) دېگەن ئۇچۇرى بىلەن، يۇقىرىدىكى يېڭىسار بىلەن كاشغەر ئوتتۇرىسىدىكى خەۋەر-ئالاقە سۈرئىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، يېڭىسار قەلئەسىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋاقتى، ھىجرىيە920-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 9-كۈنى، مىلادى 1514- يىلى 8-ئاينىڭ 30- كۈنى بولۇپ چىقىدۇ. كاشغەر قەلئەسىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋاقتى بولسا، ھىجرىيە920-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 12-كۈنى، مىلادى 1514-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنى بولۇپ چىقىدۇ. ئاندىن كېيىنكى ئىشلارنى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: «مىرزا ئابابەكر ئىشنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ۋە قېچىش ۋاقتى كەلگەنلىكىنى كۆردى. شۇ ھامان خەزىنىگە كىردى-دە، ئېسىل توققۇلما، نەپىس ماتا، گۆھەر-ياقۇت، پىروزا قاتارلىق جاۋاھىرات، ئالتۇن-كۆمۈش، ھەر خىل نەق پۇل ۋە باشقا بايلىقلارنى ئېلىپ مەملىكەتتىن ئىبارەت بۇ كېلىنچەكنى ئۈچ تالاق قىلدى. ياركەند ۋىلايىتىنى چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ ئۆزى بەدەر كەتتى.» (16).
ئەمەلىيەتتە، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېڭىسار ۋە كاشغەر قەلئەلىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ياركەندتىن ئىككى فەرسەڭ يىراقلىقتىدىكى جايدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتىمىغان بولساق، شۇنداقلا ئۇنىڭ قاچقان ۋاقتىدا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر

كۆرەگاننىڭ خەۋەردار قىلىشىچە «توققۇز يۈز قىچىر ياكى توققۇز يۈز قاتار قىچىر» (17) لىق مال-دۇنيانى ئېلىپ ماڭغانلىقىدەك ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، مىرزا ئابابەكرنىڭ ياركەندتىن ئىككى فەرسەڭ يىراقلىقتىدىكى جايدىن قايتىپ كېلىپ،« توققۇز يۈز قىچىر ياكى توققۇز يۈز قاتار قىچىر» تەييالاپ، ئۇ قىچىرلارغا خەزىنىدىكى مال-دۇنيالارنى ئارتىپ، ئاش- ئۇزۇق، يەم-خەشەك، قورال-جابدۇق راسلاپ، بىللە قاچىدىغان ھەمراھلىرىنى تەيىنلەپ ياركەندتىن قوزغىلىشىغا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئىش ئۇنىمى ۋە خەۋەر-ئالاقە سۈرئىتى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ تېز بولغاندا ئىككى كۈن كېتىدىغانلىقى ئېنىق. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، مىرزا ئابابەكرنىڭ ياركەند ۋىلايىتىنى چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ ياركەندتىن قاچقان ۋاقتى، ھىجرىيە920-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ14-كۈنى، مىلادى1514-يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېنىقلىغىنىمىزدا، مىرزا ئابابەكرنىڭ ياركەند ۋىلايىتىنى چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ ياركەندتىن قاچقاندىن كېيىن، «جاھانگىر مىرزا تەختنى بەش كۈنگىچە ساقلاپ تۇردى. ئاتىسىنىڭ خېلى يىراققا ئۇزاپ كەتكەنلىك خەۋىرى ۋە (سەئىد)خان لەشكەرلىرىنىڭ يېقىنلاشقانلىق داغدۇغىسى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ خەزىنىدىن قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە مال-ئەشيالارنى ئالدى-دە، كېتىشنى خالىغان كىشىلەر بىلەن بىللە قاچتى. »(18) بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 920-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 19-كۈنى، مىلادى 1514-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى بولىدۇ. «جاھانگىر مىرزا كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن خاجە ئەلى باھادىر ئۈچ يۈز كىشى بىلەن ياركەندكە يېتىپ كەلدى.»(19) بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 920-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 23-كۈنى، مىلادى 1514-يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنى بولۇپ چىقىدۇ.

ئەمدى، ئاخىرقى ۋاقىت ئېنىقلىمىسى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ياركەندكە يېتىپ كەلگەن ۋاقتى ۋە خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ «يەركەن سەئىدىيە خانلىقى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ئېنىق ۋاقتى توغرىسىدا بولۇپ، بۇ ھەقتە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان مۇنداق ئىككى خىل ئۇچۇر بېرىدۇ. بىرى، ئەسەرنىڭ قىرىق يەتتىنچى بابىدا : « خاجە ئەلى باھادىر (ياركەندكە) كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن (سەئىد)خان يېتىپ كەلدى.» (20) دەپ. يەنە بىرى، ئەسەرنىڭ قىرىق سەككىزىنچى بابىدا : «(سەئىد)خان خاجە ئەلى باھادىردىن يەتتە كۈن كېيىن (ياركەندكە) يېتىپ كەلدى ۋە ئومۇم خالايىققا (مىرزا ئابابەكردىن قالغان مال- دۇنيانى) تالان-تاراج قىلىشقا ئىجازەت بەردى.»(21) دەپ. بىز بۇ ئىككى خىل ئۇچۇردىن كېيىنكىسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە

ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قارايمىز. چۈنكى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ بەرگەن ئۇچۇرىدا : «ئۇلار (سەئىدخان باشچىلىقىدىكى ئاساسىي قوشۇن يېڭىساردىن ئاتلىنىپ) قىزىلغا يېتىپ كەلگەندە ‹جاھانگىر مىرزا ياركەندنى تاشلاپ كەتتى، خاجە ئەلى باھادىر ياركەندكە كىردى› دېگەن خەۋەر كەلدى» (22) دېيىلىدۇ. دېمەك، سەئىدخان يېڭىسارنىڭ قىزىل دېگەن يېرىدە (شۇ ۋاقىتنىڭ قاتناش-ئالاقە سۈرئىتى بويىچە بولغاندا، ياركەندىن ئىككى يېرىم ياكى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە يىراقلىقتىكى جايدا) خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ياركەندكە كىرگەنلىكى ھەققىدە، خاجە ئەلى باھادىر ياركەندكە كىرىپ ئىككى يېرىم ياكى ئۈچ كۈندىن كېيىن خەۋەر تاپىدۇ. ھەمدە، ئالدىدىكى ئىككى يېرىم ياكى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپ (خاجە ئەلى باھادىر ياركەندكە كىرىپ بەشىنچى ياكى ئالتىنچى كۈنى ) ياركەند ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، بىللە كەلگەن دوغلات،بارلاس، جۇراس قاتارلىق توققۇز قەبىلىنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن كونا ئەنئەنە بويىچە قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. قۇرۇلتايدا سەئىدخان خان قىلىپ تىكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان سەئىد «خان شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى مىر دائىمئەلىنى ۋە بەگمۇھەممەدنى خوتەننىڭ ھۆكۈمىتىگە مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ھاجى مىرزا، سۇلتانئەلى مىرزا . . .قاتارلىق يەتتە سەردارنى مىرزا ئابابەكرنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتىدۇ... خان بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن (خاجە ئەلى باھادىر ياركەندكە كىرگەن ھىجرىيە920-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 23-كۈنى، مىلادى 1514-يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن ‹يەتتە كۈن كېيىن›، ھىجرىيە 920- يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 30-كۈنى، مىلادى1514-يىلى 9-ئاينىڭ 21- كۈنى) سائادەت ۋە غالىبىيەت بىلەن ياركەند شەھىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئەركىكە چىقىدۇ.» (23) بۇ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخىنىڭ (ھىجرىيە) 920-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرى خان ياركەندكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، سۆدەك سۆزلۈك تىغلىرىنىڭ سۈيى بىلەن زۇلۇم ئوتىنى ئۆچۈردى. »(24) دېگەن ئۇچۇرى بىلەن بىردەك بولۇپ چىقىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «(سەئىد) خان خاجە ئەلى باھادىردىن يەتتە كۈن كېيىن (ياركەندكە) يېتىپ كەلدى ۋە ئومۇم خالايىققا (مىرزا ئابابەكردىن قالغان مال- دۇنيانى) تالان-تاراج قىلىشقا ئىجازەت بەردى.» دېگەن ئۇچۇرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلغىنىمىزدا: بۇ كۈن، سۇلتان سەئىدخاننىڭ «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىغان، شۇنداقلا بۇ خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە تۇنجى قېتىم تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئومۇمىي خالايىققا تۇنجى پەرمان چۈشۈرگەن كۈندۇر.

يۇقارقى بىر قاتار ئىنقىلابلارنى يىغىپ خۇلاسىلىگەندە، پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن مۇغۇللاردىن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 8-ئەۋلاد نەۋرىسى سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، يەكەننى پايتەخت قىلىپ دەۋران سۈرگەن يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر يەرلىك ھاكىمىيەت ــ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئېنىق قۇرۇلغان ۋاقتى، ھىجرىيە 920-يىلى (تونغۇز يىلى) رەجەپ ئېيى (7-ئاي) نىڭ 30-كۈنى، مىلادى 1514-يىلى سىنتەبىر (9-ئاي) نىڭ 21- كۈنى بولۇپ، بۇندىن كېيىنكى تەتقىقات ۋە تەرغىبات ئىشلىرىدا كۆپچىلىكنىڭ مۇشۇ يىل، ئاي، كۈنلەرنى ئاساس قىلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

---

## ئىزاھلار:


(1) «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى، 1988-يىلى 12-سان، 56-بەت. ئىبراھىم نىياز : «تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، 271-بەت.

(2) ۋېي لياڭتاۋ : «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى، 79-بەت.

(3) ھاجى نۇر ھاجى چېن گوگۇاڭ : «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 213-بەت.

(4) ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 109-بەت.

(5) ئەنۋەر بايتۇر خەيرىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىلى نەشرى، 940-بەت.

(6) لى جىنشىن: «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى، 340-بەت.

(7) ۋېي لياڭتاۋ ليۇ جىڭيىن: « خوجىلار جەمەتى ھەققىدە »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 178-بەت.

(8) مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان: « تارىخي رەشىدىي» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى، 285-بەت.

(9) مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان: « تارىخي رەشىدىي» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى، 615-بەت.

(10) يۇقارقى كىتاب ، 671-بەت.

(11) يۇقارقى كىتاب ، 672-بەت.

(12) يۇقارقى كىتاب ، 677-بەت.

(13) يۇقارقى كىتاب ، 693-بەت.

(14) (16) يۇقارقى كىتاب ، 687-بەت.

(15) يۇقارقى كىتاب ، 555-بەت.

(17) يۇقارقى كىتاب ، 698-بەت.

(18) (19) (20) يۇقارقى كىتاب ، 688-بەت.

(21) يۇقارقى كىتاب ، 696-بەت.

(22) (24) يۇقارقى كىتاب ، 694-بەت.

(23) يۇقارقى كىتاب ، 695-بەت.

بۇ ماقالە «يەكەن مەدەنىيىتى» ژورنىلىنىڭ 2014-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان

www.kitaphumar.com

# پائۇل پېللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى

**تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن**

( شىنجاڭ كۇسەن مىڭئۆيى تەتقىقات ئورنىدىن )

پائۇل پېللىئوت دۇنيا بويىچە ئېتىراپ قىلىنغان خەنزۇشۇناس، شەرق تىللىرى مۇتەخەسسىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگى، شۇنداقلا دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى ئالىم. پائۇل پېللىئوت 1878 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارىژدا بىر سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، فرانسىيە دۆلەتلىك شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىغا كىرىپ خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئېدۋارد چاۋاننىس، سىلۋائىن لېۋى، ھېنرى كوردىئور قاتارلىق ئالىملاردىن سانسكرىت تىلى، تۈرك تىلى، تىبەت تىلى ۋە قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگەنگەن.

1898 ـ يىلى 20 ياشلىق پېللىئوت فرانسىيىدىن ئايرىلىپ، ئاسىيادىكى فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ۋېتنامغا بېرىپ، شۇ يەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان ھىندىچىنى قەدىمىي خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش جەمئىيىتىدە ئىشلەيدۇ. 1900 ـ يىلى بۇ جەمئىيەت خانويدا فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى قىلىپ تەشكىللىنىدۇ. پېللىئوت مۇشۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئەڭ ياش تەتقىقاتچىسى بولۇپ قالىدۇ.

1900 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى فرانسىيە ھىندىچىنى باش ۋالىيسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ بېيجىڭغا بارىدۇ. بۇ ئەترەتنىڭ مەقسىتى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشتىن باشقا، يىراق شەرق ئىنستىتۇتى كۇتۇبخانىسى ۋە مۇزېيى ئۈچۈن كىتاب ۋە يادىكارلىق سېتىۋېلىش ئىدى. ئۇلار سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا كىرگەندىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، خەنزۇ، تىبەت، موڭغۇل يېزىقىدىكى قوليازما ۋە رەسىملەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ.

1901- يىل پىللىئوت خانويغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى فرانسىيە يىراق شەرق ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا كۆتۈرۈلىدۇ. 1902 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە خانويدا يىراق شەرق تەتقىقاتى بويىچە 1 ـ قېتىملىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلغاندا پىللىئوت يىغىننىڭ كاتىباتى باشلىقلىقىنى ئۈتەيدۇ. پىللىئوت 1904 ـ يىلى ھىندىچىنىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ۋېتنام ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىگە دائىر خېلى كۆپ تەتقىقاتلارنى ئىشلەپ ئېلان قىلىدۇ ( بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىسى قىسقارتىلدى ). 1904- يىل 7 ـ ئايدا پىللىئوت ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىن فرانسىيىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇلاپ ـ تالاش نىيىتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئۇ جايلارغا بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىشنى ئويلىشىۋاتقان چاغ ئىدى. پىللىئوتنىڭ فرانسىيىگە قايتىپ كېلىشى فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەترەت ئۈچۈن مۇۋاپىق، ھەرقايسى جەھەتلەردىن يېتىلگەن ئەترەت باشلىقى تاللاش ئەندىشىسىنى ھەل قىلىدۇ. بۇ ئەترەت پىللىئوت، جۇغراپىيىلىك ئۆلچەش، ئاسترونومىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەبىئەت تارىخى جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە مەسئۇل لۇئىس ۋايلانت، كەسپىي فوتوگراف چارلز نۇئۇتتىدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار بىر يىلغا يېقىن تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1906 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يولغا چىقىدۇ. ئۇلار پويىزغا ئولتۇرۇپ 10 كۈندىن كېيىن تاشكەنتكە يېتىپ كېلىدۇ، تاشكەنتتە يۈك ـ تاقلىرىنى ساقلاپ تۇرۇپ قالىدۇ. پىللىئوت مۇشۇ پۇرسەتتە شەرقىي تۈرك تىلىنى تېخىمۇ پىششىقلايدۇ. يۈك ـ تاقلىرى كەلگەندىن كېيىن يەنە پويىزغا ئولتۇرۇپ، 8- ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەنجانغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوشقا يېتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئاتلىق قەشقەرگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار 74 ئاتتىن تەركىب تاپقان كارۋان بىلەن يولغا چىقىپ، تالدۇق داۋاندىن ئۆتۈپ، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. •

قەشقەر پىللىئوتنىڭ قېزىش پائالىيىتىدىكى 1 ـ نىشانى ئىدى. ئۇلار قەشقەردە ئالتە ھەپتە تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇلار قەشقەرنى جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار تۇنجى قېتىم ئۈچ مىرىۋان غارىنى تەكشۈرىدۇ①. پىللىئوت قاتارلىقلار مىڭبىر مۇشەققەتتە غارغا كىرگەندە غارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى كاكىل يۇزىگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ سوپۇپ ئېلىۋېتىلىپ، يېڭىدىن كاكىل لاي بىرىلىپ قايتىدىن رەسىم سىزىلغانلىقىنى بايقايدۇ. پىللىئوت بۇ ۋەقەنىڭ 1815 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ②. نۇئۇتتى رەسىملەرنى پۈتۈنلەي سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ.

پېللىئوت بىلەن ۋايلانت غارنىڭ ئېغىزى، ئوتتۇرا، ئارقا قىسىملىرى بىلەن سول، ئوڭ قىسىملىرىنىڭ ئېگىزلىكى، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى، تام رەسىملىرىدىكى بېغىشلىمىلارنى تەپسىلىي خاتىرىلەيدۇ. ئۇلار ئۈچ مىرىۋان خارابىسىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ مىرىۋاننىڭ ئىككى كىلومېتىرچە شەرقىدىكى چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆگمەن خارابىسىنى تەكشۈردۇ. پېللىئوت بۇ خارابىلىكنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا تاسادىپىيلا بىراھمى يېزىقى يېزىلغان بىر دانە ياغاچ قوزۇق تېپىۋالىدۇ. بۇ پېللىئوتنىڭ قەشقەرگە قەدەم باسقاندىن بۇيان ئۇچراتقان ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقى ھېسابلىناتتى. پېللىئوت بۇ يەردىن تېخىمۇ كۆپ يادىكارلىق تېپىش مەقسىتىدە 10 نەچچە ئادەم ياللاپ قازىدۇ، بىراق نەتىجە پېللىئوت ئويلىغاندەك بولمايدۇ، ئۇلار بۇ يەردىن نۇرغۇن ساپال بۇيۇم ۋە بىر دانە مىس كولدۇرما تاپىدۇ. قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خانئۆي قەشقەردىكى ئەڭ مەشھۇر خارابىلىكنىڭ بىرى بولۇپ، پېللىئوت بۇ يەرنى نۇقتىلىق قازىدۇ. بولۇپمۇ خانئۆي خارابىسىدىكى كەپتەرخانا، ساقالتام، ھاساتام، توققۇزھوجرا خارابىلىرىدىن نۇرغۇن قەدىمىي پۇل، تارشا پۈتۈك ۋە لاي بۇتلارنى قېزىۋالىدۇ. 1906 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خانئۆيدىكى قېزىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مورتىم، توپاتىم، توڭكۆل، ئاققاش قاتارلىق جايلارنى تەكشۈردۇ. مورتىمنى ئىككى كۈن قېزىش ئارقىلىق قۇلقى ناھايىتى يوغان بىر ھەيكەل بىلەن نۇرغۇن ساپال بۇيۇم تاپىدۇ. ئاققاشتىكى قىزىلتىم، قاغاتىم بۇددا مۇنارى خارابىسىنىمۇ قازىدۇ. پېللىئوتنىڭ قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بۇددىزم خارابىلىرىدىن تاپقان بۇيۇملىرى ھازىر پارىژدىكى گۇيىتمىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا. •

پائۇل پېللىئوت ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1906 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قەشقەردىن ئاتلىنىپ، ئۆردەكلىككە كېلىپ، بۇ يەردىن ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان قاشتېشى بۇيۇملارنى يىغىۋالىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مارالبېشىغا، 29 ـ كۈنى تۇمشۇققا كېلىدۇ. تۇمشۇق خارابىسىنى ئىلگىرى سىۋېن ھېدىن تەكشۈرۈپ، ئۇنى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى خارابىلىك دەپ قاراپ تاشلاپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بۇ يەرگە قەدەم باسمىغانىدى. پېللىئوتمۇ بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە، ئۇ يەردە ئازغىنا توختىغان چاغدىلا بۇ خارابىلىكنى ئۇچرىتىپ قالغانىدى. ئۇ قامچىسىنىڭ سېپىدا ئانچە ـ مۇنچە كوچىلاپ بېقىش بىلەنلا ھەققىي قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى كىچىك بۇتتىن بىرنى تېپىۋالىدۇ③. بۇ تاسادىپىي بايقاش ئۇنى ناھايىتى خۇش قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈچاغا قاراپ يولغا چىققان پېللىئوت يۈك ـ تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، تۇمشۇقتا رەسمىي قېزىشنى باشلايدۇ. بۇ خارابىلىك تۇمشۇق كەنتىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا

بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر توققۇز ساراي دەپ ئاتايتتى، بىراق پىللىئوت بۇ خارابىلىكنى تۇمشۇق كەنتىنىڭ نامى بىلەن خەلقئاراغا تونۇشتۇرىدۇ.

تۇمشۇقتىكى قېزىشقا 25ـ30 ئادەم ياللىنىدۇ. پىللىئوت خارابىلىكنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈش خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. تۇمشۇقتىن تېپىلغان بۇيۇملار ئاساسەن لاي ھەيكەل، تام رەسىمى، ساپال بۇيۇم، قورال ـ سايمانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، سانى كۆپ، تۈرى ھەر خىل ئىدى. لاي ھەيكەللەر شىنجاڭدىكى ئەڭ نادىر ھەيكەلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇت ھەيكىلى، بۇتساتىۋا، ئىلاھ، يەرلىك خانلار ۋە پۇقرالارنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى پارىژدىكى گۈيتمىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئەترەت 1906 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15- كۈنى تۇمشۇقتىن ئايرىلىپ، 1907 ـ يىل 1- ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ.ئۇ كۇچادىكى مىڭئۆيلەرنىڭ گېرمانىيە، روسسىيە، ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇقدىلىپ بولغانلىقنى بىلىپ، قېزىش نۇقتىسىنى ئۇلارنىڭ دىققىتى چۈشمىگەن خارابىلەرگە قارىتىدۇ. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، كۇچادىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى 4 ـ ئايدا باشلاشنى ئويلىشىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتلاردا قىزىل مىڭئۆيىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. قىزىل مىڭئۆيدىن كېلىشتە شالدىراڭ ئېقىنغا جايلاشقان قىزىلقاغا مىڭئۆيىدىن قەدىمكى كۇسەن يېزىقى يېزىلغان 200 دىن ئارتۇق تارشا پۈتۈك تېپىۋالىدۇ④. پىللىئوت قىزىل مىڭئۆي بىلەن قىزىلقاغا مىڭئۆيىدىكى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قېزىش نۇقتىسىنىڭ ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دۇلدۇل ئوقۇر بىلەن كۇچانىڭ شىمالىدىكى سۇبېشى خارابىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. • دۇلدۇل ئوقۇر خارابىسى (ھازىر بۇ خارابىلىكنى يەرلىك خەلقلەر شاھتۇر، ئۈچتۇر دەپمۇ ئاتىشىدۇ ـ ئاپتۇر ) ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنغا جايلاشقان، ئۆگەن دەرياسى بۇ خارابىلىكنى غەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا ئايرىۋەتكەن. بۇ خارابىلىك قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، 8ـ9، ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە خارابلاشقان. ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بۇ خارابىلىككە كېلىپ، قېزىش سۈرئىتى ۋە ئىش مىقدارىغا ئاساسەن، ھەر كۈنى يەرلىك كىشىلەردىن 52 كىشىنى ياللاپ ئىشلىتىدۇ. ئۇلار 1 ـ كۈنىلا لىققىدە بىراھما يېزىقى يېزىلغان بىر پارچە تاختاي، خەنزۇچە ئانچە تولۇق بولمىغان بىر ئەسەر ۋە بىر دانە ۋۇجۇ يارمىقى تاپىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان كۆك رەڭلىك ئەينەك پارچىسى، خەنزۇچە يېزىلغان بىر ھېسابات دەپتىرىنى، ئەتىسى راھىبلارنىڭ ياتاق ئۆيىدىن نۇرغۇن ياغاچ ئويما، تام رەسىمى ۋە يازما

ھۆججەتلەرنى بايقايدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىر نوم ساقلايدىغان ئۆينى تېپىپ، بۇ ئۆيدىن ناھايىتى ياخشى ساقلانغان 718 پارچە قەدىمكى براھمى يېزىقىدىكى ئەسەرنى قېزىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كەمتۈك ئەسەرلەر ۋە ياغاچ قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىغا يېزىلغان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. بۇ ھۆججەتلەر براھمى يېزىقىدا يېزىلغىنى بىلەن بەت سانى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانىدى⑤. ئۇلار 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بىر ئەخلەت دۆۋىسىدىن بىر دانە مىس كۆرگۈ، 3 دانە تۆمۈر تامغا، شىر سۈرىتى ۋە بۆكەن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قاشتېشى تامغا تاپىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھەجمى چوڭ ھەم ياخشى ساقلانغان براھمى يېزىقىدىكى بىر ئەسەرنى تاپىدۇ. يەنە بىر خارابىلىكتىن قاتار ئولتۇرغان بۇددىنىڭ ھەيكىلى قاپارتما قىلىپ ئويۇلغان تۆت چاسا تاختاينى تېپىۋالىدۇ. پېللىئوت بۇ بۇيۇمنى بۇددا ھەيكەللىرىنى كۆپەيتىپ باسىدىغان بۇيۇم ئىكەن دەيدۇ⑥.

پېللىئوت 1907 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4- كۈنى دۇلدۇل ئوقۇردىكى قېزىش پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سۇ بېشى خارابىسىگە ئاتلىنىدۇ. سۇبېشى بۇددا خارابىسى كۇچا ناھىيىسىنىڭ 16 كىلومېتىر شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان بولۇپ، كۇچا دەرياسى بۇ خارابىلىكنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. بۇ خارابىلىككە ئىلگىرى نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كەڭ كۆلەمدە قېزىلمىغان. پېللىئوت 6 ـ ئاينىڭ 6- كۈنى سۇبېشى خارابىسىنى قېزىشنى باشلايدۇ. ئۇلار كۈنىگە يەرلىك 6 كىشىنى ياللاپ قېزىشقا سالىدۇ. پېللىئوت سۇبېشى خارابىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ ھەم خارابىلىكتىكى غارلارنىڭ تاملىرىغا يېزىلغان كۇسەن يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلارنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن كېسىۋالىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بىر مۇنارنىڭ ئاستىدىن نەپىس رەسىملەر سىزىلغان، چېدىر شەكىللىك جەسەت كۆلى قۇتىسىدىن 30 نى تېپىۋالىدۇ. يەنە بىر ئىبادەتخانا خارابىسىدىن بىر تەرىپىگە براھمى يېزىقى يەنە بىر تەرىپىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغان بىر ئەسەر، براھمى يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى پارچە ئەسەر، براھمى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن نۇرغۇن تارشا پۈتۈك تېپىۋالىدۇ⑦. پېللىئوت ھەر كۈنى دېگۈدەك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ قويىدۇ. نوئېتتى سۇبېشى مىڭئۆيىدە نۇرغۇن سۈرەت تارتىدۇ. سۇبېشى مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرى ھازىر يامغۇر ۋە كۈن نۇرى سەۋەبىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت نوئېتتى تارتقان سۈرەتلەرلا ئارخىپ سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

سۇ بېشى بۇددا خارابىسىنى قېزىشتا ياللانغان يەرلىك كىشىلەر سۇبېشى خارابىسىدىكى قېزىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغلىقتا

تەكشۈرۈشتە بولدۇ. ئۇلار 1907 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە كۇچانىڭ شىمالىدىكى مىس كان، كۆمۈر كانلارنى تەكشۈردى. پېللىئوت ئۆزى كۇچادىن يۇلتۇز ۋادىسىدىكى موڭغۇللار تەرەپكە بارىدىغان يولنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇ 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تەڭرىتاغدىكى يوللارنى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كۇچاغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەتىرەت 1907 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كۇچادىن ئايرىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار پېللىئوتقا دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان رەسىم، قوليازمىلارنى سوۋغا قىلىدۇ. پېللىئوت ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت بۇ قولىيازمىلارنى كۆرۈپ، ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن تۇرۇشنى خالىماي، 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن دۇنخۇاڭغا ئاتلىنىدۇ. تۇرپان، قۇمۇل، شاجۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، 1908 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۇنخۇاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىكى 182 غارغا نومۇر سېلىپ چىقىدۇ. غارلاردىكى قەدىمكى يېزىقتا يېزىلغان بېغىشلىملارنى كۆچۈرۈۋالىدۇ. نوئۇتتى 2000 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت تارتىدۇ. پېللىئوت خەنزۇ تىلى بىلەن ۋاڭ راھىبنى قايىل قىلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى دۇنخۇاڭدىكى نوم ساقلاش غارىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ مۆلچەرلىشىچە غاردىكى قول يازما 15 ـ 20 مىڭ پارچە ئەتراپىدا كېلەتتى. پېللىئوت شام يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، كىچىككىنە بىر يەردە ئۈچ ھەپتە ۋاقتىنى خۇددى نەزەربەنتكە چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك قورقۇنچلۇق كەيپىيات ئىچىدە چاڭ ـ توزان ئاستىدا قالغان قول يازمىلارنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ[8].

ئۇ خەنزۇ تىلىدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت توغرىسىدىكى ھەرقانداق نەرسىنى قويۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىم، دەيدۇ[9]. ئۇ شۇ غاردا ساقلىنىۋاتقان 500 كىلوگرام كېلىدىغان تىبەتچە ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ كېتىشكە ئامال قىلالمايدۇ، لېكىن شۇ ھۆججەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ نادىرلىرىنى ۋە 11 توملۇق «گەنجۇر» نومىنى ئېلىپ كېتىدۇ. پېللىئوت غاردىكى ھۆججەت ئىچىدىن 6000 پارچىدىن كۆپرەك ھۆججەتنى، ئۇلاردىن باشقا تاڭ دەۋرىگە ئائىت رەسىم، تۇغ ـ ئەلەملەرگە سىزىلغان رەسىم، توقۇلما بۇيۇم، ياغاچ بۇيۇمدىن 200 نەچچىنى تاللىۋالىدۇ.

پېللىئوت قاتارلىقلار 1908 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى نوم ساقلاش غارىدىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنى قايتا تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ، 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شاجۇدىن ئايرىلىپ، بېيجىڭ ئارقىلىق فرانسىيىگە قايتىدۇ.

ئۇلار قىسقىغىنە ئىككى يىلدا شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدا كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەرىجىدە نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پېللىئوتنىڭ تەتقىقات ھاياتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئۇنىڭ تەتقىقات نىشانى بولۇپ قالىدۇ. 1991- يىل فرانسىيە دۆلەتلىك شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى پېللىئوتنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىل، تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىسىدىن لېكسىيە سۆزلىگۈچى پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 33 ياشقا كىرگەنىدى. بىراق 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇنىڭ تەتقىقاتى توختاشقا مەجبۇر بولىدۇ، چۈنكى 1914 ـ يىلى پېللىئوت ئەسكەرلىككە يىغىۋېلىنىپ، فرانسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. 1918 ـ يىلى سىبىرىيىنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىدۇ. 1921- يىلىلا فرانسىيە شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كېلىپ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە شەرقشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر ژۇرنال «تۇڭپاۋ» 10 (Tong-pao) • نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. پائۇل پېللىئوت 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى راك كېسىلى بىلەن 67 يېشىدا پارىژدا ۋاپات بولىدى. غەرب ئىلىم ساھەسىدىكى ئەربابلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى كۆلدىن كۆلگە ئېشىپ باردى. ئۇ 20- ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ جۇڭگوشۇناس، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ تالانتلىق شەرق تىللىرى مۇتەخەسسىسى دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا سازاۋەر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ياۋروپادىكى ئاساسلىق تىللارغا پۇختا بولغاندىن سىرت، يەنە خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، تىبەت تىلى، تۈرك تىلى، موڭغۇل تىلى، پارس تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى، كۇسەن تىلى، تاڭغۇت تىلى ۋە ھىندى تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. دوۋىندا پېللىئوتنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ «تۇڭپاۋ»نىڭ 1948 ـ يىللىق سانىدا ئېلان قىلغان «پائۇل پېللىئوت» دېگەن ماقالىسىدە: «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بالايى ـ ئاپەتلەرگە سۆكدىشىپ پائۇل پېللىئوتنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى يىراق شەرق تەتقىقات ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش بولدى. ئۇ دائىرىسى كەڭ بولغان جۇڭگوشۇناسلىقنىڭ ھەربىر ساھەسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۇستاز ئىدى....» دەيدۇ. پائۇل پېللىئوتنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەتقىقات ساھەلىرى ھىندىچىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كۆپلىگەن تەتقىقاتى ماقالە شەكلىدە ئېلان قىلىنغان.

### 1. ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلىرى

1) «ئىدىقۇت، خېجۇ (和州)، قوچۇ (火州) ۋە قاراخوجا ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1912 ـ يىللىق سانى.

2)«تاك، يۈەن سۇلالىرى دەۋرلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى خرىستىيان مۇرتلىرى» («تۇڭپاۋ»، 1910 ـ يىلى).

3) «شاجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ خەرىتىسى ۋە پۇچاڭخەيدىكى كانجۇت خەلقلىرى»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1916 ـ يىل.

4) «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى توغرىسىدا تەتقىقات» (چاۋاننىس بىلەن بىرلىكتە يازغان)، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1911~ 1913 ـ يىللىرى.

5) «خەنزۇچە مەنبەلەردىن تۈرك نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «تۇڭپاۋ» 1915 ـ يىلى.

6) «كومانلار»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1920 ـ يىلى، 1 ـ توم.

7) « < ۋېي سۇلالىسى تەپسىراتى . غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە > دىكى دانا تۇتۇق تۇلۇك جىغۇ »، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1920 ـ يىلى.

8 ) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مىللەت ـ سوبى»، «تۇڭپاۋ» 1921 ـ يىلى.

9) «تويغۇنلار موڭغۇل تىللىق خەلق دېگەن قاراش ھەققىدە»، «تۇڭپاۋ» 1923 ـ يىلى.

10) «كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانلارنىڭ قەدىمكى نامى توغرىسىدا»، «تۇڭپاۋ» 1923ـ يىلى.

11) «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ـ جۇغراپىيىسى توغرىسىدا ئومۇمىي تەتقىقات»، «تۇڭپاۋ» 1928~ 1929 ـ يىللار.

12) «جۇڭگو ۋەسىقىلىرىدىكى باميان» («باميانىدىكى بۇددىزم خارابىلىرى» دېگەن مەجمۇئەگە بېسىلغان)، 1928 ـ يىلى.

13) «باميان تەتقىقاتىغا قوشۇمچە ئىزاھ»، «تۇڭپاۋ» 1929 ـ يىلى.

14) «شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىكى مىڭبۇلاق»، «تۇڭپاۋ» 1930 ـ يىلى.

15) «ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە كۆرۈلگەن غەربىي يۇرت يەر ناملىرى»، «تۇڭپاۋ» 1931 ـ يىلى.

16) «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە كۆرۈلگەن يەر ناملىرى»، «تۇڭپاۋ» 1931 ـ يىلى.

17) «توخار تىلى ۋە كۇچا تىلى»، «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1934 ـ يىلى.
18) «توخار تىلى تەتقىقاتى»، «تۇڭپاۋ» 1936 ـ يىلى.

## 2. پائۇل پىللىئوتنىڭ 1906 ~ 1909 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى توغرىسىدا يازغان خاتىرىلىرى 12

1) «ئىبگىزلىك ئاسىيادىكى ئۈچ يىللىق ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، «فرانسىيىگە قاراشلىق ئاسىيا كومىتېتى ژۇرنىلى» 1910 ـ يىلى.
2) «شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «فرانسىيە سودا جۇغراپىيىسى ئىلمىي جەمئىيىتى ھىندىچىنى تارماق بۆلۈمىنىڭ يىللىق مەجمۇئەسى» 1909 ـ يىلى.
3) «ئىبگىزلىك ئاسىيانىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەكشۈرۈش»، پائۇل پىللىئوتنىڭ 1930 ـ يىل نەشر قىلىنغان «ئىبگىزلىكتىكى ئاسىيا» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن.
4) «قەشقەر ۋە تۇمشۇقتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، بۇ ئەسەر 1946 ـ يىل پارىژدا نەشر قىلىنغان «تۇمشۇق» دېگەن ئەسەرنىڭ 2 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن.
5) «قەشقەردىكى ئۈچ مىرىۋان خارابىسىنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، 1906 ـ يىلى قەشقەردە يېزىلغان.
6) «كۇچادىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، بۇ ماقالە 1982 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشر قىلغان «دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سۇ بېشى» دېگەن ئەسەرنىڭ 2 ـ تومىغا بېسىلغان.
7) « قۇم دېڭىزىدىكى سەپەر خاتىرىسى ـ قۇمۇلدىن دۇنخۇاڭغا بېرىش »، « جۇغراپىيە ئىلمىي ژۇرنىلى » 17 ـ جىلد،1908. 06
8) «دۇنخۇاڭ نوم ساقلاش ئۆيىنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى»، «فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1908 ـ يىل.
3. جۇڭگو ـ چەتئەل مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى (18 پارچە، قىسقارتىلدى)
4. موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى (8 پارچە، قىسقارتىلدى)

5. پائۇل پىللىئوت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خانىمى گۈيتمىي مۇزېيغا تەقدىم قىلغان ئەسەرلەر13 (27 پارچە، 11 پارچىسى قىسقارتىلدى)

1) «شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا دائىر خاتىرە»، 69 بەت، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتىدا يېزىلغان.

2) «تىبەت»، 187 بەت.

3) «تاڭ دەۋرىدىكى تۇرپان رايونىدىكى يوللار»، 168 بەت، 2000 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى. •

4) «بۇتساتۋا ۋە ئاۋالۇكىسوۋارا ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ترانسكرىپسىيىسى»، 11 بەت.

5) « < ئاسىيانىڭ كىندىكى > دېگەن ئەسەردىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى»، 29 بەت.

6) «جۇڭگو مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 181 بەت، 1953 ـ يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

7) «بىر قانچە كىشى ۋە خەلق نامىنىڭ تۆركچە ئاتىلىشى»، 50 بەت.

8) «سانسكرىت تىلىدىكى Arya ۋە « Arje، 4 بەت.

9) «ھۇنلاردىكى بىر ئەمەل نامى توغرىسىدا»، 8 بەت.

10) «كۇسەن، قاراشەھەر، رائۇرۇكا (Rauruka)»، بۇ ئەسەرنىڭ بەت سانى 1~ 5، 39~ 182 بەت دېيىلگەن.

11) «14 ـ ئەسىرگە دائىر ئەرەبچە ـ موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈك»، 287 بەت.21

12) «تارىخى رەشىدىنىڭ تەرجىمىسى»، 105 بەت.

13) «ئالتۇن ئوردا خانلىقى تارىخىدىن خاتىرىلەر»، 151 بەت، 9 بەت ئىزاھات بار، 1953 ـ يىل فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

14) «قالماق تارىخىنىڭ شەرھىيسى»، 9191 ـ يىلى بادىلىسىنىڭ ئەسىرگە يازغان باھاسى، 746 بەت، قوشۇمچە ئىزاھات، 7 پارچە رەسىم ۋە جەدۋەل بار. 1960 ـ يىل فرانسىيە ئىنستىتۇتى نەشرى.

15) «موڭغۇل تىلىدىكى kokul ـ bagul، تۈرك تىلىدىكى boqta ـ bogtaq، خەنزۇ تىلىدىكى 蔻蔻 لەر توي قىلغان خانىملارنىڭ باتىلىۋالغان چېچىنى كۆرسىتىدۇ»،

29 بەت، قوشۇمچە ئىزاھات بار.

16) «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، خەنزۇچە تەلەپپۇزىغا ئاساسەن موڭغۇل تىلىغا ئايلاندۇرۇلغان نۇسخىسى، فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى 1949 ـ يىل نەشرى. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخ، مەدەنىيەت، تىل، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن يېڭىچە ئۇسۇل ۋە ئاساس ھازىرلاپ بەردى. ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى، بىلىم قابىلىيىتى ۋە مەسىلىلەرگە تۇتقان ئەستايىدىللىق پوزىتسىيىسى كەڭ تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ئىلھام بولغۇسى.

## قوشۇمچە

پائۇل پېللىئوتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرىنىڭ رەتلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

پائۇل پېللىئوتنىڭ غەربىي يۇرت ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم تۆھپىلىرى ئۇ يىغىپ ئېلىپ كەلگەن ئەسەرلىرى بولماستىن، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ كەتكەن نادىر سەنئەت بۇيۇملىرى، دىنىي بۇيۇملار، قول يازما ۋە ئۇنىڭ ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھايات چېغىدا بۇلارنى ئىلىم ساھەسىگە بىلدۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنى رەتلەش، ئېلان قىلىش ئىشلىرى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولغاچقا، بۇ خىزمەت تا ھازىرغىچە ئىشلەنمەكتە. بىرقىسمى نەشر قىلىنىپ دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ خىزمەتلەرنى تۆۋەندىكى ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ.

1. پائۇل پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن ئارخېئولوگىيە بۇيۇملىرىنى رەتلەش باسقۇچى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پېللىئوت ئوتتۇرا ئاسىيادىن يىغىپ كەلگەن يادىكارلىقلار ساقلىنىۋاتقان گۇيمېت مۇزېيىنىڭ مۇدىرى گىئورگى سار بۇ يادىكارلىقلارنى رەتلەش، ئۇلارغا دائىر ماتېرىياللارنى نەشر قىلىش ئىشلىرىنى پېللىئوتنىڭ يېتۈك شاگىرتى لۇئىس ھامبىسقا ھاۋالە قىلغان. بۇ خىزمەت فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى بىلەن فرانسىيە شەرق ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ھازىر «پائۇل پېللىئوت ئارخېئولوگىيە مەجمۇئەسى»

دېگەن نامدا ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ ئۆچتىن بىرقىسمى ئېلان قىلىندى. «مەجمۇئە» 27 تومغا ئايرىلغان، ئۇلارنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە 14 (بىر قىسمىلىرىنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى كۆرسىتىلدى):

1 ـ توم: «تۇمشۇق . رەسىم قىسمى» فرانسىيە ئىنىستىتۇتى، 1961 ـ يىل نەشرى.

2 ـ توم: «تۇمشۇق . يېزىق قىسمى» فرانسىيە ئىنىستىتۇتى، 1964 ـ يىل نەشرى.

3 ـ توم: «كۇچادىكى خارابىلىك. دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سۇبېشى» (رەسىم قىسمى)، فرانسىيە ئىنىستىتۇتى، 1967 ـ يىل نەشرى

4 ـ توم: «كۇچادىكى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى: دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سۇبېشى» (يېزىق قىسمى)، فرانسىيە ئىنىستىتۇتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

5 ـ توم: «كۇچا مىڭئۆيلىرى» (رەسىم قىسمى). •

6 ـ توم: «كۇچا مىڭئۆيلىرى» (يېزىق قىسمى).

7ـ توم: «كۇچا سۈرەتلىرى ۋە نەققاش بېزەكلىرى».

8ـ توم: «كۇچادا بايقالغان قەدىمكى كۇسەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر (ئاساسلىقى ياغاچ تارشا پۈتۈك) ۋە تامغا يېزىلغان بېغىشلىملار»، فرانسىيە ئىنىستىتۇتى، 1987 ـ يىل نەشرى.

9ـ توم: «كۇچا رەسىمچىلىكى».

10 ـ توم: «دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا».

11 ـ توم: «دۇنخۇاڭ مىڭئۆي خاتىرىلىرى: بېغىشلىما ۋە تام رەسىمى» (بۇ ئەسەر 6 قىسمىغا ئايرىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم نەشر قىلىنغان).

12 ـ توم: «دۇنخۇاڭ تەزكىرىسى ۋە ئابىدىلەر».

13 ـ توم: «گۇيىتمىي مۇزېيى ۋە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى» فرانسىيە ئىنىستىتۇتى، 1970 ـ يىل نەشرى.

14ـ توم: «گۇيىتمىي مۇزېيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ تۇغ ـ ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر» (يېزىق قىسمى)، فرانسىيە ئىنىستىتۇتى، 1974 ـ يىل نەشرى.

15 ـ توم: «گۇيىتمىي مۇزېيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ تۇغ ـ ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر» (رەسىم قىسمى) فرانسىيە ئىنىستىتۇتى، 1976 ـ يىل نەشرى.

16 ـ توم: «گۇيىتمىي مۇزېيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ تۇغ ـ ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەر: بېغىشلىما ۋە خەرىتە».

17 ـ توم: «گۇيىتمىي مۇزېيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ تۇغ ـ ئەلەمگە

سىزىلغان رەسىملەر: ھەيكەللەر».

18 ـ توم: «گۈيتىمىي مۇزىيىدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ كىمخاپ توغ ـ ئەلەمگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبى».

19 ـ توم: «دۇنخۇاڭ تاش ئويما رەسىملىرى».

20 ـ توم: «دۇنخۇاڭ ھەيكەلتاراشلىقى». •

21، 22 ـ ، 23 ـ توم: «دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرى» (رەسىم قىسمى). •

24، 25، 26 ـ توم: «دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرى» (يېزىق قىسمى).

27 ـ توم: «دۇنخۇاڭ توقۇلما بۇيۇملىرى» (رەسىم قىسمى).

2. پائۇل پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى قوليازمىلارنى رەتلەش.

پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى قوليازمىلار ھازىر فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانا شەرق قوليازمىلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

1) خەنزۇ تىلىدىكى قوليازمىلار.

قوليازمىلار ئىچىدە خەنزۇ تىلىدىكىسى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات 1955 ـ يىلى باشلانغان. فرانسىيە ئىنىستىتۇتى «فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان پائۇل پېللىئوت دۇنخۇاڭ خەنزۇچە قوليازمىلار كاتولوگى» دېگەن نامدا 5 توملۇق قىلىپ نەشر قىلدى، ئۇنىڭدا جەمئىي 4040 پارچە قوليازما بار.

2) دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن تىبەتچە قوليازمىلار.

بۇلارنى ماركېللىي لالۇ خانىم «فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان پائۇل پېللىئوت دۇنخۇاڭ تىبەتچە قوليازمىلار كاتولوگى» دېگەن نامدا 3 توملۇق قىلىپ 1961 ـ يىلى نەشر قىلدۇردى، ئۇنىڭدا جەمئىي 2216 پارچە تىبەتچە ھۆججەت بار.

3) قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازمىلار.

پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازمىلارغا جەمئىي 25 نومۇر سېلىنغان بولۇپ، بۇ ۋەسىقىلەرنى خامىلتون رەتلەپ تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇرغان. 1986 ـ يىلى فرانسىيە پېتېر نەشرىياتى 2 توملۇق «9ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى دۇنخۇاڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر توپلىمى»نى نەشر قىلدى. بۇ توپلامغا پېلىئوت دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن 24 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە بىلەن ستەيىن دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن 21 پارچە ھۆججەتمۇ كىرگۈزۈلگەن.

4) پىللىئوت دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن سوغدىچە ھۆججەت 30 پارچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خاملتون بىلەن ئەنگلىيىلىك شىمىس ۋىلىيام ئېلان قىلدى.

5) پىللىئوت دۇلدۇل ئوقۇر ۋە سۇبېشىدىن ئېلىپ كەتكەن سانسكرىتچە ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى فرانسىيىلىك ئالىم ب . پائۇلى سىستېمىلىق رەتلەپ، «پائۇل پىللىئوت غەربىي يۇرتتىن تاپقان سانسكرىتچە ۋەسىقىلەر» دېگەن نامدا ئېلان قىلدى ( بۇ ماقالە «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1957 ~ 1966 ـ يىلغىچە بولغان سانلىرىدا ئۇلاپ ئېلان قىلىندى)

6) پىللىئوت دۇلدۇل ئوقۇردىن ئېلىپ كەتكەن كۇسەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى فرانسىيىلىك كۇسەن تىلى مۇتەخەسسىسى گېئورگىي پىنائۇلتىنىڭ رەتلىشىچە 2000 پارچىدىن ئاشىدىكەن.

## ئىزاھلار:

① پىللىئوت 1906 ـ يىلى قەشقەردە تۇرغان چاغلىرىدا مەدداھلاردىن ئۈچ مىرىۋاس ھەققىدىكى رىۋايەتنى ئاڭلاپ خاتىرلىۋالغان. بۇ رىۋايەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھارۇن بۇغراخان پالچىلارغا پال سالدۇرسا، قىزىنىڭ دۆ چىقىپ ئۆلىدىغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. ھارۇن بۇغراخان[ بۇ بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ] چىندىن تاشچى كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا تاغ قىياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تاش ئۆي قېزىشنى ئەمر قىپتۇ. تاشچىلار ئۈچ مىرىۋاننىڭ ئىچىگە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىدىغان 14 ئېغىز ئۆي سايتۇ. قاغان مەلىكىنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. مەلىكىنىڭ ئۇزۇم يېگۈسى كەپتۇ. قاغان قول ئاستىدىكىلەرگە ئۈچ مىرىۋاندىن بەشكېرەمىدىكى خانچالاغىچە ئۇزۇن بىرىسەپ بولۇپ، قولىدا ئۇزۇم يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن ئۈچ مىرىۋاندا ئارام ئېلىۋاتقاندا، بىر كىشى بىر سېۋەت ئۇزۇمنى ئۇلارغا سۇنۇپتۇ. مەلىكە ئۇزۇمنى ئاپتۇ ۋە كېنىزەكلىرىگە: قىزلار ئۇزۇم يەڭلار، دەپتۇ. ئۆزى بىرتال ئۇزۇمنى ئاغزىغا سايتۇ، بىراق ئۇزۇم ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بىر دۆ مەلىكىنىڭ تىلىنى چىقىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ۋاپات بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ مىرىۋان خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپتۇ ھەم ھەرقانداق بىركىشى ئۇ يەرگە كېلىشكە پېتىنالماپتۇ. ھارۇن بۇغراخان دەۋرىدە ئۇ يەرگە چىقىپ چۈشىدىغان شوتا بار بولۇپ، تەيپۇنەن زامانىدا ئۇستۇن ئاتۇشتىكىلەر شوتىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇ يەرگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ. شوتا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، كىشىلەر

ئاياغ باسماپتۇ» (پىللىئوت: «ئۈچ مىرىۋان غارى، تۈگمەن خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، 1906 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى). بۇ رىۋايەتنىڭ باشقا بىر ۋارىيانتىنى 1894 ـ يىلى قەشقەردە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان شۋېتسىيىلىك ئىرىك لارس فوگبېرك تۇنجى قېتىم خاتىرىلىگەن. شىنجاڭدا بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر خېلى كۆپ.

⑨② گېك شىڭ: «پائۇل پىللىئوت غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيىسى ۋە جۇڭگو يادىكارلىقلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىشى» (دۇنخۇاڭدا چاقىرىلغان نوم ساقلاش ئۆيى بايقالغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق يىغىندا ئوقۇلغان ماقالە)، 4 ـ، 13 ـ بەتلەر.

⑧③ پېتىر خوپكىرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1993 ـ يىل 11 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى، 289 ـ، 292 ـ بەتلەر.

④ بۇ تارشا پۈتۈك ۋە قىسمەن قولىيازمىلارنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن گېئورگى پىنائولىت قاتارلىقلار تۈزگەن «پائۇل پىللىئوتنىڭ كۇچا رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»نىڭ 8 ـ تومىغا قاراڭ. 1987 ـ يىل پارىژ.

⑫⑦⑥⑤پائۇل پىللىئوت: «پائۇل پىللىئوت غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، گېك شىڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى، 232 ـ، 243 ـ، 245 ـ بەتلەر.

⑩ «تۇڭپاۋ» (Tong_Pao) ژۇرنىلى 1890 ـ يىلى گوللاندىيە لېدىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇنجى خەنزۇشۇناس ئالىمى گۇستاۋ سىكلېگېل بىلەن فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس ھېنرى كوردىئېر چىقارغان نوپۇزلۇق ژۇرنال. پائۇل پىللىئوت ۋاپات بولغاندىن كېيىن 4 يىل چىقىشتىن توختاپ، 1948 ـ يىلى ئاندىن يەنە چىقىشقا باشلىغان. ھازىرغا قەدەر 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى بېشىدىن كەچۈردى

⑪⑭ لو فۇچېك، گو فېك: «جۇڭگو ـ چەت ئەللەردىكى مەشھۇر دۇنخۇاڭشۇناسلارنىڭ تەرجىمىھالى» گەنسۇ مائارىپ نەشرىياتى1989 ـ يىل نەشرى، 72 ـ بەت. •

⑬لۇئىس ھامبىس: «فرانسىيە موگغۇلشۇناسلىقىنىڭ پېشىۋاسى ـ پائۇل پىللىئوت»، 456 ، 457 ـ بەتلەر.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 1 ـ ساندىن ئېلىندى.

# تۈركمەنستان ئۇيغۇرلىرى

### مۇنەۋۋەر ھەببۇللا

يەتتە سۇ ۋادىسىدا ياشايدىغان 2000دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى مورغاپ دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغان. مورغاپ دەرياسى ۋادىسىغا تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ دەريانىڭ بىرى ئىدى. تارىختا يىپەك يولى ئارقىلىق قەدىمكى مىسىر، بابىل، پىرسىيە، كاۋكاز ۋە يىراق شەرقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى مەشھۇر شەھەر «مەرۋى» ئەنە شۇ مورغاپ دەريا ۋادىسىدا گۈللەپ، تەرەققىي قىلغان.2500يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بۇ قەدىمىي شەھەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىردىن باشلاپلا ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى. كېيىنچە مورغاپ دەرياسىدا سۇنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىلەن ، جىلغىلار قاغجىراپ ، ئېكىنزارلىق ۋە باغىبارانلار مۇقىملىشىپ كەتكەن. تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر چار پادىشاھ بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي زېمىنى سۈپىتىدە باشقۇرۇپ كەلگەن بولۇپ مورغاپ دەرياسىدىن سۇ چىقىرىپ دېھقانچىلىق قىلىش مەقسىتىدە ، 200دىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقاننى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مورغاپ جىلغىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتى باشلانغان.

تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى مورغاپ دەريا جىلغىسىدىكى بايرام- ئالى ، مېرۋ ، يۇرتان ۋە باشقا رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان.1990-يىلىدىكى ستاتىسكىدىن قارىغاندا ، يۇقۇرقى جايلاردا 250 ئۆيلۈك ئۇيغۇر، 1392 نوپۇس بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ 90 پرسەنتى بايرام - ئالى شەھىرىگە توپلانغان. ئۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولسىمۇ ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ۋەئەنئەنىۋى ئۆرپ ئادىتىنى ساقلاپ، ئۆز تارىخىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن .

بايرام ئالىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەر دەسلەپتە، 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا «كوممۇنىزم تۇغى»گېزىتىدە بېرىلگەن. 1962-يىلى تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتىتى- نىڭ دوتسېنتى نىكراسكايا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر

نەچچە ماقالە ئېلان قىلغان.1963-يىلى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى سەئىدۋاققاسوف بايرام-ئالدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1961-،1964- يىللىرى ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە هازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشى

18 -ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرى بىلەن چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرالماي قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ ، ۋەھشىيانە باستۇرۇلغاندىن كېيىن ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردا ئارقا- ئارقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن ، 1830-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 10مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولغان ؛ شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە يەنە 70 مىڭ ئادەم كۆچۈپ كەلگەن. 1857 -يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىن 15 مىڭدىن 20 مىڭغىچە ئۇيغۇر ئاھالىسى قوقەند خانلىق تەۋەسىگە قېچىپ كېلىشۋالغان. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسلىقى پەرغانە جىلغىسىغا كەلگەن)غا قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 85 مىڭدىن120 مىڭغىچە بولغان. 1884-يىلى ئىلى تەۋەسىدىن ۋېرنا (بۈگۈنكى ئالما-ئاتا) ئوبلاستىغا 45مىڭ 373 ئۇيغۇر قېچىپ بارغان.1881-يىلىدىن 1883-يىلىغىچە يەتتە سۇ ۋادىسىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ۋە تۇڭگانلار ئاساسلىقى ياركەنت ، ئاقسۇ ، كەتمەن ، مەرۋى ، كورام ، قارا سۇ ، پىشپەك(بىشكەك) قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان بولسا ، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار سىر دەريا ئوبلاستىغا تەۋە جامبۇل ، پەرغانە ئوبلاستىغا تەۋە ئوش قاتارلىق قايلاردا ئولتۇراقلاشقان. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھامال ، ھارۋىكەش (مەپىچى)، كاھىشچىلىق(خۇمدانچىلىق) قاتارلىق ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە تايىنىپ كۈن كەچۈرگەن.

شىنجاڭ تەۋەسىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 194مىڭدىن 215 مىڭغىچە بولۇپ ستاتىستىكىلانغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىش جەريانىدا ئازاپ ئوقۇبەتلەرنى كۆپ تارتقان ، نۇرغۇن كىشىلەر ئاچچىق ۋە سوغۇق دەستىدىن يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئاشۇ كۆچمەنلەر ئۇچۇن بوز يەر ئېچىپ ،

ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھويلا ـ ئاراملىرىنى قۇرۇپ چىقىش تېخىمۇ مۈشكۈل بولغان. بولۇپمۇ يوقسۇل ، ئاجىز، ئۆي سالغۇدەك قۇربىتى يوق كەمبەغەللەر نەچچە يىللاپ گەمىلەردە ۋە كەپىلەردە يېتىپ كۈن ئۆتكۈزگەن. شۇ چاغلاردا چار پادىشاھنىڭ ئۇلارغا تەقسىملەپ بەرگەن يەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۈنۈمسىز، سۇ كەمچىل بولغان چۆل بولۇپ، ئۇلار ئەنە شۇنداق جاپالىق شارائىتتىمۇ قان-تەر ئاققۇزۇپ، جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، ئاشۇ پايانسىز چۆل جەزىرىلەرنى گۈزەل ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرغان. چار پادىشاھنىڭ ئۇيغۇرلارنى كۆپلەپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈرۈپ كېلىشىمۇ ئالدى بىلەن ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلاشتىن بولغان. بىرىنچىدىن ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا-تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمانلارغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار قىياپىتىگە كىرىۋالغان. ئىككىنچىدىن ، ئوتتۇرا ئاسىيا-تۈركىستاندىكى بوز يەر يەر ئاچقۇچىلارنىڭ سانىنى كۆ كۆپەيتىشنى مەقسەد قىلغان. ئۈچىنچىدىن ، تەرەققىي قىلىۋاتقان روسىيە سانائەت كارخانىلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەرزان باھالىق ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشنى مەقسەد قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلاردىن باشقا ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىشلەمچىلىككە ۋە تىجارەت قىلىشقا كەلەەنلەر بولۇپ ، كېيىنچە ئۇلارمۇ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغا كەلگەندە شىجاڭ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچىدىغانلار-نىڭ سانى ئازىيىشقا باشلىغان.

## تۈركمەنىستانغا مۇساپىر بولۇش

تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادى 1883-يىلى تۈركمەنىستانلىق يۇسۇپخان بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى گۈلجامالخان سايىنت پېتېر بورگقا بېرىپ چارپادىشاھقا سوۋغات تەقدىم قىلغان. بۇ ئىككىيلەن شۇ قېتىم تۈركمەنىستان شەھىرىنىمۇ سوۋغات سۈپىتىدە چارپادىشاھنىڭ قىزىغا ھەدىيە قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر چارپادىشاھنىڭ خۇسۇسىي زېمىنى بولۇپ قالغان.1884-يىلى مورغاپ دەريا ۋادىسىروسىيە ئىمپېرىيىسىگە تەۋە قىلىنغان. ئىمپېراتور ئالېكساندىر 3 ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ يەردىن پايدىلىنىپ روسىيە ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى، ئاساسلىقى پاختا ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تۈزۈشكەن.

چارروسىيە دائىرىلىرى يەتتەسۇ ۋادىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ

«دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا ماھىرلىقىغا بـۇ يەردىكى ھېچقانـداق مىللەتنىـڭ يېتەلمەيـدىغانلىقى»نـى بايقىغـان.شـۇنىڭ بىـلەن 1890 ـيىلـى چارپادىشـاھنىڭ مورغـاپ ۋادىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىسى پولكوۋنىك لودسوف يەتتەسۇ ۋادىسـدىن بـۇ يەرگە بىـر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، پادىشـاھنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغان.

1889 ـيىلى باھاردا، پولكوۋنىك لودسوف ۋېرنا(بوگۇنكى ئالما ـئاتا)غا كېلىـپ، شـۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىـڭ بايلىرىـدىن زەينىـدىن ئـاخۇن، ئىمىر ھەمزە ۋە نـۇردۇنلار بىـلەن ئۇچرىشـىپ، ئـۇلارنى سـېتىۋالغان. بۇلارنىـڭ ئارىسـىدىن زەينىـدىن ئـاخۇن مورغـاپ دەريا ۋادىسىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەنـدىن كېيىن، ئۆز قېرىنداشـلىرىنى تۈركمەنىسـتانغا كۆچـۈپ بېرىشقا بارلىق چارە ـئاماللار بىلەن رىغبەتلەندۈرگەن. ھەتتا ئۇ كىشىلەرنى ئالداپ «مورغاپ دەرياسىنىڭ بويلىرى بەئەينى جەننەت ئىكەن، ئـۇ يەردە خـورملار يىـل بـويى مەي بـاغلاپ پىشـىپ تۇرىـدىكەن، ئىگىـزرەك دۆڭ ئۈسـتىگە چىقىـپ قارىسـىلا، مەككىنـى كـۆرگىلى بولىـدىكەن؛ ئەگەر بېرىشـنى خالىسـاڭلار، ھەممىڭـلار ھـاجى بولالايسـىلەر» دېـگەن. مانـا شۇنىڭ بىـلەن چارپادىشـاھنىڭ ئاھـالە كۆچـۈرۈش پىلانـى ئاسـانلا ئەمەلىيلەشـكەن. ئـۇلار پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىشتا تۈرلۈك شەرتلەرنى ئوتتۇرغا قويۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەمدىلەتىن كۆچۈپ بارغان، تېخى تۈزۈكرەك يەرلىشىپ كېتەلمەيۋاتقـانلارنى مورغـاپ ۋادىسـىغا كـۆپىرەك كۆچۈپ بېرىشقا قىزىقتۇرغان.

بىرىنچى تۈركۈم ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى 1890 ـيىلى باھاردا كاسپى دېڭىـزى قىرغىقىغا قاراپ كۆچۈش سەپىرىگە ئاتلانغان. ئۇلار جەمئىي 272ئائىلىلىك، 1303ئادەم(كۆپ قىسمى بويتاق نەۋقىران ياشلار )بولۇپ، ئالتە ئاي يول يۈرۈپ سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلگەن. ئـۇلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەپ، تاشكەنتكە يېتىپ كەلگەندە، يەرلىك كىشىلەر ئـۇلارنى توسـۇپ، ئۇلارنىـڭ شـۇ يەردە تـۇرۇپ قېلىشـنى ئۈمىـد قىلىـدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشـكەن بولسـىمۇ، لېكىن ئـاچ ـيالىڭـاچ، جۇلـدۇر كـېيەن ھـالەتتىكى بـۇ كىشـىلەر تۈركمەنىسـتانغا بېـرىش ئىرادىسـىدىن يانماي، مەككىنى تاۋاپ قىلىۋېلىشنى بۇ يەردە قېلىشتىن ئەۋزەل كۆرۈشكەن. ئـۇلار بـارار جايىغـا يېتىـپ بېرىشـقاندىلا، ئەھـۋالنى كـۆرۈپ، لودسوفنىڭ ئەرزان باھـالىق ئەمگەك كۈچلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قۇرغان قاپقىنىغا دەسسـىگەنلىكىنى ئانـدىن بىلىـپ يېتىشكەن. ئۇلار بارغان جاي پايانسىز قۇملۇق بولـۇپ، ئاچارچىلىق ۋە تومۇز ئىسسـىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىشقان. ئۇلار شـۇ يەردە سـۇ ئـامبىرى ياساشقان، ئۆستەڭ قېزىـپ سـۇ باشلىغان، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان.خۇمدانـدا خىـش پىشـۇرۇپ ئـۆي سـېلىپ،

ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى بىر يۇرت-ماكانىنى بەرپا قىلىشقا كىرىشكەن. مەسىلەن، تۈرمەنىستاندىكى مەمەيۇزى، دادامتۇ، توققۇزتارا ، چاپچال دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئەنە شۇلارنىڭ مىساللىدۇر.

يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى، تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلار يەرلىكتىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە يۇت-ماكانلىرىنى قۇرۇش ۋە قوغداش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مەسىلەن، تۈركمەنىستاندىكى ئەڭ چوڭ قانال بولغان قارا قۇم قانىلىنى قېزىش ۋەزىپىسىنى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار زىممىسىگە ئېلىپ پۈتتۈرگەن.قۇرۇلۇشنىڭ باش ئىنژېنېرلىقىنىمۇ تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسى مەمەتخان غازىتوپ ئۈستىگە ئالغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا تۈكمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلاردىن 150نەۋقىران يىگىت قاتنىشىپ، ئۇلاردىن 53نەپىرى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان.

تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلار جاپالىق شارائىت ئاستىدا، ئۆزلىرىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن، پەن- تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. 1990-يىللاردىكى ستاتىستىكى-دىن قارىغاندا، ئۇلاردىن 49كىشى ئالىي مەكتەپ، 73كىشى ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككى نەپىرى كاندىدات دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغان، 26كىشى ئىنژېنېر-مۇتەخەسسىس بولغان، 42ئادەم مائارىپ خىزمىتىنى ئۆتىگەن. ئۇلاردىن باشقا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تىبابەتچىلىك ۋە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1919-يىلى تۈركمەنىستاندىكى پېشقەدەم مائارىپچى مەرۇپ مەمەتوف يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تۇنجى قېتىم يەتتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ئۇيغۇر مەكتىپىنى قۇرۇپ چىققان. تاكى1937-يىلى ستالىننىڭ چەكلىشى بىلەن مەكتەپ تاقالغانغا قەدەر، تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى مەرۇپ مەمەتوف ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەن. مەكتەپ تاقالغاندىن كېيىن، مەروپ مەمەتوف تاشكەنتكە بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئاشۇرغان. كېيىن ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۆزبېكىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، رادىئو-تېلېۋىزىيە كومېتېتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ئۈچ قىزى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تىببىي پەنلەر دوكتورى، فىزىكا ئىلمى كاندىدات دوكتۇرى، تارىخ پەنلىرى دوكتورى بولۇپ ، مەرۇپ مەمەتوفنىڭ ئائىلىسى تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى بولۇپ قالغان.

1990-يىلى 4-ئايدا تۈركمەنىستاندا داغدۇغىلىق مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركمەنىستانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنىڭ 100يىللىقى خاتىرلەنگەن. شۇ قېتىم قازاقىستان،

ئۆزبېكىستا، قىرغىزىستانلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرى تۈركمەنىستانغا كېلىپ مۇراسىمغا قاتنىشىپ، تۈركمەنىستاندىكى قېرىنداشلىرى بېسىپ ئۆتكەن بىر ئەسىردىن كۆپرەك جاپالىق تارىخي كەچۈرمىشلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە داخىل بولغان.

مەنبە:«جۇڭگو مىللەتلىرى» ژورنىلى 2004-يىللىق 2-سان

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىق ئېگىلىكى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

## 1. مۇقەددىمە

بېلىقچىلىق ــ دەريا، كۆل، ساھىل، دېڭىزلاردا سۇ جانىۋارلىرىنى بېقىش، تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئوۋچىلىق ئېگىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، كونا تاش قۇراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان. كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە كىشىلەر يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنى ئوۋلاپلا قالماستىن، بەلكى سۆڭەكتىن ياسالغان نەيزە، ئارا ۋە قارماق قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ دەريا، كۆللەردىن بېلىقلارنى تۇتۇپ، ئوۋچىلىق ئېگىلىكىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بېلىقچىلىقنىمۇ ئوۋچىلىق ئېگىلىكىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. ئىپتىدائىي ئادەملەر بېلىقچىلىقنى ئوۋچىلىق ئېگىلىكىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە باشقا ئېگىلىك شەكىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم ئاساسلىق ئېگىلىك شەكلىگە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، بېلىقچىلىقنىڭ ھەر خىل ئېگىلىك شەكىللىرى ئىچىدىكى ئورنى قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ بېلىقنى ئوزۇقلۇق قىلىش ئېھتىياجى يەنىلا بېلىقچىلىقنىڭ تالاي ئەسىرلەردىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالماي، سىجىل داۋاملىشىپ، تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ كەلگەن. بېلىقچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر دىيارىدىن ئىبارەت بۇ قۇرغاق رايوندا شەكىللەندۈرگەن بىر خىل ئالاھىدە ئېگىلىك شەكلىدۇر. كونا تاش قۇراللار « دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر دىيارىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر تەرەققىي قىلىپ، دەريا بېلىقلىرىنى تۇتۇش ۋە نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ياكى قۇرۇمىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان.»① ئۇيغۇر دىيارىنىڭ بېلىقچىلىقى ئارال ۋە دېڭىز بويى رايونلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە

ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ بېلىقچىلىقى ئارال ۋە دېڭىز بويى رايونلىرىدىكىدەك ئۇنداق مەخسۇسلىشىپ، كەسپلىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر خەلقى يەكەن دەرياسى، زەرەپشان دەرياسى، تىزناپ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى، ئىلى دەرياسى ۋە لوپنۇر كۆلى، باغراش كۆلى قاتارلىق دەريا ۋە كۆللەرنى بويلاپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ بېلىقچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ۋە بېلىق تۇتىدىغان قۇرال ـ سايمان، ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلغان، ھەمدە ئۆزگىچە بېلىق ئىستېمال ئادىتى، ئىشەنچ ۋە چۈشەنچىلەرنى، ئۆرپ ـ ئادەت تۈسى قويۇق بولغان پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلار سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە بېلىقنى ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. بېلىق سۇدا ياشايدىغان ھايۋان بولغىنى ئۈچۈن، بېلىقچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سۇ مەنبەسى ئەۋزەللىكى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى بېلىق ۋە بېلىقچىلىققا ئائىت باياناتلارنى كۆپلىكى ۋە قەدىمىيلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، بېلىق ئىستېمال قىلىش ئادىتى ۋە تارىخىنىڭ خېلى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. مەھمۇد قەشقىرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپلا ئاتىلىدۇ.) دا بېلىق، بېلىق تۈرلىرى، بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، «دىۋان» دا: « ئەتىل ــ ئىدىل (ۋولگا). قىپچاق ئېلىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بۇ دەريا بۇلغار (كاسپى) دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ؛ بىر تارمىقى رۇس ئېلىدىن ئېقىپ كېلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئىدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار،
قىيالارنىڭ تۆۋىگە سوقۇپ تۇرار،
بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرار،
كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار.

ئىدىل دەرياسى تاغ قىيالىرىغا ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا، دەريا سۈيىنىڭ تېشىشىدىن پەيدا بولغان كۆلچەكلەردە بېلىق ۋە پاقىلار كۆپەيمەكتە.»(1ـ100)؛ « بالىق ــ بېلىق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بالىق سۇۋدا كۆزى تاشتىن ـ بېلىق ئۆزى سۇدا، كۆزى تاشقىرىدا... »(1ـ491)؛ « بالىقلىغ ــ بالىقلىغ ئۆگۈز ـ بېلىقلىق دەريا، بېلىقى بار دەريا.»(1ـ648)؛ «

سزرىلدى ــــ سىيرىلدى ~ سېرىلدى.بالىق ئەلىكدىن سزرىلدى. بېلىق قولدىن سىيرىلدى. ھەرقانداق بىر سىلىق نەرسىنىڭ قولدىن ياكى باشقا نەرسىدىن سېرىلىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ...» (2ـ335)؛ « بالىقلاندى ــــ بېلىقلاندى. كۆل بالىقلاندى. كۆل بېلىقلاندى. بېلىقلىق بولدى.» (2ـ384)؛ « بالىقسادى ــ بېلىقسىرىدى، بېلىق يېگۈسى كەلدى. ئەر بالىقسادى. ئادەم بېلىقسىرىدى (بالىقسار. بالىقساماق).»(3ـ456) ... دېيىلگەن. مەھمۇد قەشقىرى « دىۋان » يېزىش ئۈچۈن 15 يىل تىل تەكشۈرۈش جەريانىدا تۈركىي تىللىق قەبىلە. قەۋملەرنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن. ئاياغ كېزىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ دەريا. كۆللىرىدىكى سۇ جانلىقلىرىغىمۇ دىققەت قىلغان ھەم ئۇلارنى خاتىرلىگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بېلىقچىلىق ئىگىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، « ... ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى، سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا بېلىق تۇتۇلاتتى، بېلىقچىلىق ئىشلىرى سۇلالىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدىمۇ مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە ئىدى.»② ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىلىك ئېكىسپېدىتسىيىچى ئالبېرت. فون. لىكوك ئىككىنچى قېتىم ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ ئۇيغۇر دىيارىغا كەلگەندىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە، « پۈتكۈل جەنۇبىي ئۇيغۇر دىيارىدا ئىككى جايدىكى خەلقلا دائىم بېلىق يەيتتى، بىرى بارچۇقنىڭ (مارالبېشى) ئەتراپى بولۇپ، تارىم دەرياسىدا بېلىق كۆپ ئىدى، يەرلىك دولانلارنىڭ دائىملىق تامىقى ئىدى؛ يەنە بىرى، لوپنۇر ئەتراپى بولۇپ، بېلىق يەرلىكلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ئىدى. ئۇلار بېلىقنى يېڭى ۋاقتىدىلا تازىلاپ پىشۇرۇپ يەيتتى ياكى قورۇتقاندىن كېيىن يەيتتى.»③ دەيدۇ. يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىكى دىيارىمىزنىڭ بېلىقچىلىقى ھەققىدىكى بايانلارنىڭ چىنلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە بايقاشلارمۇ تولۇق دەلىللەيدۇ. مەسىلەن، « 2008ـ يىلى لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە تېپىلغان كۆلنىڭ شەرقىدىكى لوپنۇرلۇقلار كەنتىدە يېڭى خارابىلىك بايقالغان. بۇ يېڭى مەھەللە خارابىلىكىدە بېلىق تورىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ بايقالغان.»④ روسىيىلىك ئېكىسپېدىتسىيىچى پېرژېۋالىسكى 1885ـ يىلى ئالتىنچى ئايلاردا خوتەندە قىلغان تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىدىن قالدۇرغان خاتىرىسىدە مۇنداق يازىدۇ: « تەۋەككۇل كەنتىنىڭ يېنىدا ئىنتايىن چوڭقۇر بىر كۆل بار ئىكەن. سۇ ئۈستىدە بىر قىسىم ياۋا ئۆردەك، غاز ۋە قارا پوكان تۇرنا، سۇ ئاستىدا نۇرغۇنلىغان چوڭ بېلىقلار بار ئىكەن. »⑤ پېرژېۋالىسكىنىڭ بۇ بايانى خوتەندىكى دەريا. كۆللەردىمۇ بېلىق تۈرلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. دوكتور ئەسەت سۇلايمان « ئۇنتۇلغان ھېكايە: كۆچمە كۆل ۋە

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى » ناملىق ماقالىسىدە لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق ھاياتى ھەققىدە توختىلىپ: « كۆل، قومۇش، قېيىق، قارماق، ساتما ۋە بېلىق پۇرىقى ... مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھايات مەئىشىتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ئىدى. ئۇلار دىماغىنى يارغۇدەك ئاچچىق بېلىق پۇرىقى ئىچىدە بۇ دۇنياغا تۇغۇلاتتى، يەنە شۇ بېلىق پۇرىقى ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن، كىيىم- كېچەكلىرىدىن، تېنىقلىرىدىن بېلىق پۇرىقى كېلەتتى، كەنت- مەھەللىلەردىن، كۆل بويىدىن، ھەتتا پۈتكۈل لوپنۇر رايونىدىكى خام بېلىقنىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان پۇرىقى كېلەتتى. شۇنداق، ئۇلار بېلىقچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بېلىق گۆشىدىن، قىلتىرىقىدىن، مېيىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ياخشى بىلەتتى. بېلىق پۇرىقىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى. »⑥« بۇنىڭدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئۆتمۈشتە، لوپنۇر رايونىدىكى ئاھالىلەر نوپۇسى ھازىرقىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە جەمئىي 550 تۈتۈن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئاھالە لوپنۇر كۆلىدە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتىكەن.»⑦ دەيدۇ. ئەپسۇسكى، لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن لوپنۇرلۇقلاردىكى بېلىقچىلىق ئىگىلىكى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر بارا- بارا ئۇنتۇلدى، قاچاق چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق ئىگىلىكى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلىگە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار بېلىق پىشۇرۇشنىڭ قەدىمي ۋە ئىپتىدائىي ئۇسسۇللىرىنىمۇ ساقلاپ قالغان. « زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىق كاۋىپى پىشۇرۇشىدا تۆۋەندىكىدەك قەدەم باسقۇچلار ئېلىپ بېرىلىدۇ: ئالدى بىلەن پۈتۈن بېلىقنىڭ قاسىرىقى قىرىۋېتىلىدۇ ، بېلىقنىڭ قورساق قىسمى يېرىلىپ، بېلىقنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېتىلىدۇ. بېلىقنىڭ تەكشى پىششى ئۈچۈن بېلىقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ۋە ئاستىنقى قىسمىغا ئىككى تال قىسقا ياغاچ زىق توغرىسىغا پاراللېل ھالەتتە ئۆتكۈزۈلۈپ، بېلىقنىڭ بەدىنى يەلپۈگۈچسىمان كېرىلىدۇ، بېلىقنىڭ ئاغزىدىن قۇيرۇقىغىچە بىر تال تومراق يۇلغۇن زىق ئۇزۇنسىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆتكۈزۈپ تەييار قىلىۋېلىنغان پۈتۈن بېلىقلار بېلىقنىڭ بەدىنىگە ئۆتكۈزۈلگەن توم زىق ئارقىلىق دەريا بويىدىكى قۇم ساھىلىغا يۇمىلاق چەمبەر شەكلىدە سانجىپ، تىزىلىدۇ، ‹چەمبەر› نىڭ ئوتتۇرىغا قۇرۇپ كەتكەن توغراق ئوتۇنى ياكى يۇلغۇن شاخچىلىرىدىن كىچىك گۈلخان ياسىلىپ، بېلىق ئۇنىڭ ئوتىدا بىر سائەتلەر ئەتراپىدا قاقلاپ پىشۇرىلىدۇ. پىشۇرۇپ ئېلىنغان بېلىق كاۋىپىغا تۇز، مۇچ ئۇۋۇقى، زىرىلەر سېپىلسە، بېلىق كاۋىپى تېخىمۇ خۇش پۇراق ۋە يېيىشلىك بولىدۇ⑧» قىسقىسى، بېلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كاۋاپ تۈرىدىكى تاماقلىرى ئىچىدە ئەنئەنىۋى تاماقلارنىڭ بىرى بولۇپ،

ئومۇمىيلىق نوقتىسىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلار بىلىقنى سۇدا پىشۇرۇپ يېگەنگە قارىغاندا، ئوتتا پىشۇرۇپ يېيىشنى بەكرەك ياقتۇرىدۇ.

## 2.بېلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

بۈيۈك ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى « دىۋان » دا بەزى سۇ جانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە ئازدۇر- كۆپتۇر مەلۇمات بەرگەن. مەسىلەن، « دىۋان »دا: « چاباق ــ تۈرك كۆلىدە بولىدىغان بىر خىل كىچىك بېلىق.» (1ـ494)؛ « باشغان ــ ئېغىرلىقى ئەللىك ـ يۈز رىتىل كېلىدىغان بىر خىل چوڭ بېلىقنىڭ نامى. يۇرت چوڭىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ‹بودۇن باشغانى› دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ‹ئەلنىڭ باشلىقى› دېگەن بولىدۇ.» (1ـ570) دېيىلگەن بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى چاباق، باشغان دېيىلىدىغان ئىككى خىل بېلىق تۈرى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. ھازىر ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ بېلىقنىڭ تۈرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، بېلىق تەركىبى بىر قەدەر ئاددى. ئۇيغۇرلار بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايونلاردا 30 نەچچە خىل بېلىق تۈرى بار. ئۇيغۇر دىيارى، بولۇپمۇ جەنۇبىي ئۇيغۇر دىيارى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېگىز تاغلارنىڭ بىرىكمە گەۋدىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇيغۇر دىيارى چېگرىسى ئىچىدىكى كۆپ قىسىم سۇ دائىرىسىنىڭ سۇ رايى جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇزۇك بولغانلىقتىن، سىرتتىن باشقا بېلىق تۈرلىرى ئېقىپ كېلەلمىگەن. « ئوتتۇرا ئاسىيا ئېگىز تاغلىق بىرىكمە گەۋدىسىدىكى بېلىق تۈرىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئېگىز، سوغۇق، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز ۋە تەرتىپسىز تىز ئېقىم مۇھىتىغا ماسلىشالايدۇ. بېلىقلارنىڭ قورسىقى قارا، جۇغى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ، ئۇرۇقىدا زەھەر بار، سۇ تېگىدە ياشايدۇ. مەسىلەن، تارىم بېلىقى (ئۇيغۇر دىيارى ئاق بېلىقى، ئېرتىكسا بېلىقى) ۋە ئىتباش بېلىق. خوتەننىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان يەرلىك بېلىق 15 خىل بولۇپ، كۆزى بىر خىل، ئىككى ئائىلە، تۆت تەۋەلىككە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرىراقى تارىم بېلىقى ۋە قوش كالپۇكلۇق بېلىق، ئازراق ئىقتىسادىي قىممىتى بارى ئېرتىكسا بېلىقى. ... تارىم بېلىقىنى كەلكۈن مەزگىلىدە كۆرگىلى بولىدۇ. قوش كالپۇكلۇق بېلىق سانجۇ دەرياسىدا ياشايدۇ» يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر دىيارىدىكى يەرلىك بېلىقلارنىڭ تۈرى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھەر خىل نوقتىلاردىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئېچىلغان بوز يەرلەردە ئېرىقچىلىق

www.kitaphumar.com

بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىياجى تۇپەيلى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ھەر قايسى تارام- ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى سۇ يولى ئۇزۇلۇپ قېلىپ، بېلىقلارنىڭ تۇخۇملايدىغان جايى بۇزۇلۇپ كەتكەن. يەرلىك بېلىقلارنىڭ تۇخۇملايدىغان مۇھىتقا بولغان تەلىپى يۇقىرى، تۇخۇملىنىشى ئاز، كۆپىيىش ۋە قايتا كۆپىيىش ئىقتىدارى تۆۋەن، چوڭىيىشى ئاستا، يېتىلىشى تەس بولۇشتەك سەۋەبلەر بېلىق تۈرلىرىنىڭ ئاز بولىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى ۋە سايمانلىرىنىڭ ئىلغارلىشىشى ۋە زامانىۋىلىشىشى بىلەن بېلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن تۇتۇش كۆپ بولۇپ كەتكەن.

### 3. بېلىق تۇتۇش قوراللىرى ۋە ئۇسۇللىرى

بېلىقچىلىق سايمانلىرىنى ئاساسلىق سايمانلار ۋە قوشۇمچە سايمانلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئاساسلىق سايمانلار بېلىق تۇتۇش جەريانىدا بىۋاستە رول ئوينىسا، قوشۇمچە سايمانلار بېلىق تۇتۇشنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇشتەك ياردەمچى رول ئوينايدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىدە ئوۋچىلىق، يەنى بېلىقچىلىق ئىگىلىكىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان قەبىلە- قەۋملەرنىڭ بېلىقچىلىق سايمانلىرى، بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرىغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان. چۈنكى، بېلىقچىلىق سايمانلىرىنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسى، قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارى قاتارلىقلار تېخنىكا مەدەنىيىتى ۋە ماددىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر قاتار جەريانلارنى ئىزدەش ئۇسۇلى، بېلىقلارنى يىغىش ئۇسۇلى، بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلارنى يەنە تېخىمۇ ئىنچىكە تۈرلەرگە بۆلۈشكە توغرا كەلسە، بېلىق ئىزدەش ئۇسۇلىنى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ئۇسۇل، بېلىقلارنى يىغىش ئۇسۇلىنى ئازدۇرۇش، توسۇۋېلىش، قورقۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللارغا، بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلىنى سانچىش، قارماققا ئىلىش، قىستاش، چىرماش، سۈزۈش، قاپقان قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بېلىقچىلار بېلىق تۇتۇش جەريانىدا بېلىقلار توپىنى بايقىشى، سۇ ئېقىمى ۋە ھاۋا رايىغا ئائىت بىلىملەرنى بىلىشى زۆرۈر. بەزى بەدەن، پىسخىكا ۋە بىلىش ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىك ئامىللار بېلىق تۇتۇشتا تۇتۇشنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇش- بولماسلىقىنىڭ مۇھىم نوقتىسى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر

ئىشلەتكەن ھەر خىل ھەر ياڭزا بىلىقچىلىق سايمانلىرىنى شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ چوڭ جەھەتتىن ئىلمەك سايمانلار، تور سايمانلار ۋە مۇرەككەپ سايمانلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەمدى نەزىرىمىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىلىق تۇتۇش ئۇسۇلى ۋە سايمانلىرىغا ئاغدۇرۇپ باقايلى!

مەھمۇد قەشقىرى « دىۋان » دا بىلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرى ۋە سايمانلىرى ھەققىدىمۇ بەزى ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. مەسىلەن، « سارماشدى ـــ سۈزۈشتى. ئول ماڭا بالىق سارماشدى- ئۇ ماڭا بىلىق سۈزۈشۈپ بەردى. قازاندىن تۇتماچ چۆپ سۈزۈشۈپ بەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. سۈيۈق نەرسە ئىچىدىن باشقا بىر نەرسىنى سۈزۈپ ئېلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. (سارماشۇر- سارماشماق).» (2-311)،« سارمالدى- سۈزۈلدى. بالىق سارمالدى- بىلىق سۈزۈلدى، يەنى بىلىق سۈزۈپ ئېلىندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.... »(2-337): « سەرمەتتى ـــ سۈزدۈردى، سۈزۈپ ئالدۇردى. ئول ئاڭار بالىق سەرمەتتى- ئۇ ئۇنىڭغا (سۇدىن) بىلىق سۈزدۈردى. ... ھەرقانداق نەرسە سۈيۈقلۇق ئىچىدىن سۈزۈپ ئېلىنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. (سەرمەتۇر- سەرمەتمەك).» (2-511) دېيىلگەن. « سارماشماق، سارماشدى، سارمالدى، سەرمەتتى...» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، بىلىقنى مەلۇم قۇرال- سايماننىڭ ياردىمىدە ھېيلە، پەم بىلەن تۇتىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىلىق تۇتۇش سايمانلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە بىلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى. ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ بىلىقچىلىق تارىخىدا بىلىق تۇتۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى مۇنداق تۆت تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: (1) قول بىلەن تۇتۇش. (2) قۇرال- سايمانلار بىلەن تۇتۇش.(3) ھۇشسىزلاندۇرۇش دورلىرى بىلەن تۇتۇش. (4) بىلىقچى قۇشلارنىڭ ياردىمىدە تۇتۇش. ئۇيغۇرلاردا بۇ ئۇسۇللاردىن قۇرال- سايمانلار بىلەن بىلىق تۇتۇش ئۇسۇلى كەڭ ئومۇملاشقان. بىز تۆۋەندە بۇ ئۇسۇللارنى تەپسىلىيرەك تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

(1) قول بىلەن بىلىق تۇتۇش

ئىپتىدائىي مەزگىللەردە ئىنسانلار بىلىق تۇتۇش قۇرال- سايمانلىرىنى ياساشتىن بۇرۇن، ئۇلار بىلىقنى قول بىلەن تۇتقان. قول بىلەن بىلىق تۇتقاندا كېتىدىغان ۋاقىت كۆپ، ئەمگەكنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولغانلىقتىن، بۇ ئۇسۇل كەڭ ئومۇملىشىپ بولالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈيى چوڭقۇر بولغان جايلاردا بىلىقلارنى قول بىلەن تۇتۇش مۇمكىن بولمايدۇ. بىلىق تۇتۇشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىدىمۇ ئىنسانلار قولغا تايانسىمۇ، لېكىن مەلۇم قۇرال- سايمانلار ۋاستە قىلىنىدۇ.

www.kitaphumar.com

(2) قوۇرال ـ سايمانلار بىلەن تۇتۇش.

ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى يېڭىلىدى، تەرەققىي قىلدۇردى. ئىنسانلار كونا ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرلىرى، تۆمۈر قوراللار دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ بېلىقچىلىق قوراللىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلىق قوراللىرى تاش ۋە ياغاچ قوراللاردىن تۆمۈر قوراللارغا، ئاددى، قوپاللىقتىن سىپتا، نەفىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ھالدا بېلىق تۇتۇشنىڭ قورال ـ سايمانلىرىنى ئىختىرا قىلدى. بۇ قوراللارغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېخنىكا ئېڭى، ئىجادىي تەپەككۇرى، ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە تەجرىبىلىرى سىڭگەن. ئۇيغۇرلار ئادەتتە بېلىق تۇتۇشتا سېۋەت، تور (گۆلمە)، قارماق، قېيىق (كېمە)، ساچقاق، نەيزە، ئىلغۇ، مانتۇ، چاڭگاك... قاتارلىق قورال ـ سايمانلاردىن پايدىلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان ۋە ئىشلەتكەن بېلىقچىلىق قوراللىرى، ئۇلارنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە توختىلىمىز:

1) تور ــ بېلىق تۇتۇش، قۇش ئوۋلاش ئۈچۈن كۆزلۈك قىلىپ توقۇلىدىغان سايمان بولۇپ، كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە دەسلەپكى ئەقلىلىق ئادەملەر (قەدىمكى ئادەملەر) توردىن پايدىلىنىپ بېلىق تۇتۇشنى بىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بېلىق ياكى كېپىنەك تۇتىدىغان تور « قامىچ⑩ دەپ ئاتالغان. بۇ بەلكىم قومۇچ بولسا كېرەك. « دىۋان » دا: « تور ــ تور، تۇزاق. بۇنىڭ بىلەن بېلىق ۋە قۇشلار تۇتۇلىدۇ.» (3-168)؛« ياپتى ـــ ياپتى؛ قويدى، قۇردى؛ ئەتتى. ... ئەر تور ياپتى - ئادەم (قۇش ۋە باشقىلارنى تۇتۇش ئۈچۈن) تور قۇردى. ...» (3-78)؛ « ئىزدەك ـــ ئىزدەم. بېلىق تۇتىدىغان بىر خىل تور: چىۋىقلار سۇغا قاتار تىزىلىپ، توسما ياسىلىدۇ. توسمىنىڭ ئوتتۇرسىدىن ئېغىز قالدۇرۇلىدۇ، تور شۇ ئېغىزغا ئورنىتىلىدۇ، بېلىقلار تورغا كىرىش بىلەنلا، تور تارتىۋېلىنىدۇ.» (1-157) دېيىلگەن. تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە لوپنۇرلۇقلار ئۆزىنىڭ بېلىق تۇتىدىغان تورلىرىنى « گۆلمە » دەيدۇ. « گۆلمە بېلىق تورىنى تورقا يىپىدا توقۇيدۇ. تورقا يىپى سۇدا چىرىمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ چىڭىپ كېتىدۇ، ئۇزاق چىدايدۇ. بىر ئادەم بېلىق جىق يەرنى نىشانلاپ تۇرۇپ تور تاشلايدۇ. تورنىڭ بىر تەرىپىدە چۆكۈرتمىسى، يەنە بىر تەرىپىدە لەيلەتمىسى بولىدۇ. يەنە بىر ئادەم كېمىلىك سۇنىڭ ئۈستۈن ياكى تۆۋەن تەرىپىدىن شۇرۇقنى سۇغا ئۇرۇپ، بېلىقلارنى تور تەرەپكە ھەيدەيدۇ. بېلىقلارنىڭ تورغا چۈشكەنلىكى بىلىنگەندىن كېيىن تورنى يىغىدۇ⑪ تور پەقەت بېلىق

تۇتۇشــقىلا ئىشــلىتىلىپلا قالماســتىن، بەلكــى يەنە باشــقا جــانلىقلارنى ئوۋلاشــقىمۇ ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇرلاردا « كۆلمۇ بىلىق تورى. » دېگەن ماقال بار بولۇپ، بۇ ماقال ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس بىلىق كۆللىرىنى ياساپ، بېلىقچىلىقنى بىر كەسىپ سۈپىتىدە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

2) ساچغاق (شاشقاق) ــ ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان سايمىنى بولۇپ، تۆمۈردىن ياسىلىدۇ. ئۇچلۇق، بېسى ئۆتكۈر، ئىككى تەرەپتە كەينىگە قايرىلغان ئىلمىكى بار تىغ. ئۇزۇن ياغاچ ساپنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلىدۇ ھەمدە بېلىق سانچىپ تۇتۇلىدۇ. بۇ نەرسە ئاساسەن لوپنۇر رايونىدا كۆپ ئىشلىتىلەتتى.

3) كىمە، قىيىق، قولۋاق ۋە سال قاتارلىق سۇدا يۈرگۈچى قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق بېلىق تۇتۇش

كېمە. ئادەتتە مەيلى ساچغاق بىلەن بېلىق تۇتقاندا بولسۇن ياكى تور ئارقىلىق بېلىق تۇتقاندا بولسۇن كېمە، قېيىق ياكى سالدا تۇرۇپ تۇتۇلىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى « دىۋان » دا: « كەمى ــ كېمە. (›ك ــ k‹ فەتھەلىك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ). ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە.» (3ــ323)، « ئۇچان ــ ئىككى يەلكەنلىك كېمە. قىپچاقچە.» (1ـ166) دەپ خاتىرلەپ كېمە ۋە قېيىقلار ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. كېمە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلگەن بېلىق تۇتۇش قوراللىرىنىڭ بىرى. « ئۇلارنىڭ ( كېملىرى) چاپما بولۇپ، توغراق غولىنى ئويۇپ ــ چېپىپ ياسىلىدۇ. كەڭ ــ تارلىقى (چوڭ ــ كىچىكلىكى)، ئۇزۇن ــ قىسقىلىقى تەييارلانغان توغراق كۆتىكىگە قاراپ بولىدۇ. ئائىلىدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كېمە تاياشنى بىلگەندەك، كېمە چېپىشنىمۇ بىلىدۇ. كىچىك چېغىدىن باشلاپلا كېمە چېپىش، تاياشنى ئۆگىنىدۇ. كېمە چېپىش، كېمە تاياشنى بىلمىگەنلەرنى ياشاشنى بىلمەيدىغانلار، دەپ قارايدۇ. شۇڭا كېمىگە دائىر ئىشلارغا بەك كۆڭۈل قويىدۇ. كېمىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ تۆت ــ بەش غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى شۇرۇق (مەخسۇس كېمە تاياشقا ئىشلىتىدىغان خادا) بىلەن ياكى كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كېمە تايىسا، تىزلىكىگە قاراپ كۆزمۇ يېتىشەلمەيدۇ. ئۇلار كېمىدە تۇرۇپ دەريا، كۆلگە تور ــ گۆلمە ياييدۇ، ئىلغاق، سانچغاق (شاشقاق) تا بېلىق تۇتىدۇ⑫ قىسقىسى، كېمە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر سۇ يولى قاتناش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان قوش رولى بار مۇھىم قورالدۇر. « دىۋان » دا يەنە: « تامغا ــ تارماق. دېڭىز، كۆل ۋە دەريالارغا قويۇلىدىغان سۇنىڭ بىر تارمىقى، قولتۇق. كېمە ياكى قېيىق توختايدىغان يەرمۇ شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ....» (1ـ553) دېيىلگەن. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا بېلىقچىلار ياكى دېڭىز، كۆل ۋە

دەريالاردا سەپەر قىلغان يولۇچىلار كېمە، قېيىقلىرىنى « تامغا » لاردا توختىتىپ قويۇشاتتى. « دىۋان » دا تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر بايان بار. « قۇملاق ــ قۇلماق. قىپچاق يۇرتلىرىدا ئۆسىدىغان، ھەشقېپىچەككە ئوخشايدىغان بىر ئۆسۈملۈك. ... بۇ ئۆسۈملۈك كېمىگە چۇشۇپ قالسا، دېڭىز دولقۇنلىنىپ، كېمە چايقىلىپ ئىچىدىكىلەر ھالاكەت خەۋپىدە قالارمىش.» (1ـ620) بۇ بىر خۇراپىي جورۇق بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ نەقلىيات فولكلورى (ئەلبىلىكلىرى) دىكى مۇنداق خۇراپىي جورۇقلار قاتناش قۇراللىرىنىڭ زامانىۋىلىششى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يوقالدى.

قېيىق ــ سۇدا يۈرىدىغان، يولۇچى، يۈك توشۇشقا، بېلىق ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، ئۇ بېلىق تۇتۇشتا ياردەمچى قۇراللىق رول ئوينايدۇ. مەھمۇد قەشقىرى « دىۋان » دا: « ئولۇق ــ ئولاق، قولۋاق، قېيىق...» (1ـ92)؛ « قازىق ــ قېيىق. ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان نەرسە. ئارغۇچە.» (1ـ496)؛ « قايغىق ــ قېيىق.» (3ـ242)؛ « ئوقرۇق ــ ئوقرۇق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تاغنى ئوقرۇقنى ئەگمەس تەڭىزنى قايغىقنى بۆگمەس- تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس، دېڭىزنى قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس. بۇ ماقال ‹ چوڭ ئىشنى كىچىك تەدبىر بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدۇ › دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.» (1ـ136)؛ « كۆرگەك ــ كۈرەك. قېيىقنىڭ پالىقى ۋە ھەر تۈرلۈك كۈرەك.»(2ـ422) دەپ تىلغا ئالغان. « قېيىق » نامىنىڭ ھەتتا ماقال- تەمسىللەردە ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭ قانچىلىك كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

سال ــ كۆل، دەريالاردا ئېقىتىش ياكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلانغان ياغاچ بولۇپ، بېلىق تۇتۇشتا سالمۇ ئىشلىتىلىدۇ. «دىۋان » دا: « سال ــ سال. ‹ تار › سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىدە. » (3ـ214) ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: « تار ــ سال. بىر نەچچە تۇلۇمغا يەل بېرىلىپ، ئاغزى باغلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ، سۇنىڭ ئۈستىدە سۈپىغا ئوخشاش بىر نەرسە ياسىلىدۇ. كېيىن بۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ سۇدىن ئۆتىدۇ. بۇ قومۇش ۋە شاخلاردىنمۇ ياسىلىدۇ. » (3ـ202) دېيىلگەن، بۇ بايانلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلاردا سالمۇ خېلى كەڭ ئىشلىتىلگەن.

4) مايتۇ ( بەزى ماتېرىياللاردا « مانتۇ » دەپمۇ ئېلىنغان ) ــ بېلىقنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ بېلىقنى ئۆلتۈرىدىغان ياغاچ توقماق بولۇپ، بۇ كۆپىنچە كېمە بىلەن بېلىق تۇتقاندا ئىشلىتىلىدۇ. بېلىقچىلار تورغا چۈشۈپ بولغان « بېلىقلارنى توردىن بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ سەكرەپ ـ پالاقلاپ سۇغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مايتۇ ( بەزىلەر مايتۇ چاقمۇ دەيدۇ. بىر ئۇچىنى مۇشتۇمدەك قىلىپ مەخسۇس ياسالغان كىچىك توقماق ) بىلەن

بېشغا ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ كېمىگە تاشلايدۇ.»⑬

5) قارماق ــ بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ياسالغان ئىلمەككە ئوخشاش، ئۇچى ئۆتكۈر ۋە ئۈستىگە قايرىلغان، تىل چىقىرىلىدىغان قورال بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ ئۇچىغا يەمچۈك سانچىلىدۇ. تۈرك- رۇنىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا بېلىق تۇتىدىغان قارماقلار « چومۇرمىش » دەپ ئاتالغان.⑭ بولسا، « دىۋان » دا:« ئارغاغ ــ بېلىق تۇتىدىغان قارماق.» (1ـ191) دېيىلگەن. ئادەتتە قارماقلار «U» شەكىللىك قارماق، «V» شەكىللىك قارماق ۋە ئوقى بىلەن ئەگمە قىسمى تۇتىشىپ كەتكەن قارماق دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. قارماقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بېلىق تۇتۇشنىڭ كىشىلەردە بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى سۈپىتىدە ئومۇملىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇرۇنقى دەۋرلەردە قارماقنىڭ ماتېرىياللىرى ياغاچ، سۆكەك، تاش، سەدەپتىن بولغان، ھەتتا بەزى مىللەتلەر تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاخلىرى ۋە چۆجىلەرنىڭ تىرناقلىرىدىنمۇ قارماقلارنى ياساپ ئىشلەتكەن. قارماق تاشلاش ئۇسۇللىرىدا قول بىلەن قارماق تاشلاش، دەستىلىك قارماق تاشلاش، ئارقانلىق قارماق تاشلاش، قارماقنى تارتىش ( قاراق يىپىنى يىغىش) قاتارلىق پەرقلەر بولىدۇ.

6) مانجا ــــ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قىرچىن قىپچىلىرىدىن سوكەن ياكى كۈلا شەكلىدە توقۇلۇپ بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلگەن سايمان بولۇپ، كېيىن تورقۇ يىپىدا توقۇلىدىغان بولغان. بۇ سايمان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى بېلىق تۇتۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلىشتىن قالدى.

« دىۋان » دا تىلغا ئېلىنغان بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان بەزى ئوۋ قۇراللىرى ۋە ئۇسۇللاردىن بىز بېلىقچىلىقنىڭ ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى قەدىمىي كەسىپلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، ھەمدە « دىۋان » دىكى بۇ بايانلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللار بۇرۇنقى بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى چۈشىنىشىمىزدىكى مۇھىم ۋە قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

(3) ھوشسىزلاندۇرۇش دورىلىرى بىلەن بېلىق تۇتۇش.

بۇ ئۇسۇل « دورىلاش ئۇسۇلى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن بېلىق تۇتقاندا بېلىق ئېھتىياجىدىن كۆپ تۇتۇلۇپ كېتىش خەۋپى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇللار مەخسۇس بېلىقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئارىسىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بېلىقنى دورىلاش ئارقىلىق تۇتۇشنىڭ مۇنداق بىر قانچە خىل ئۇسۇلىنى ئىختىرا قىلغان.

چارۋاغ ــ دەريالاردا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن، ياغاچلارنى بىر- بىرىگە قورشام قىلىپ، قويۇلغان دائىرە،بىر ئۇچىغا كۆنجۈت باغلاپ قويۇلىدۇ. بېلىقلار كۆنجۈتنى يۇراپ،

چارۋاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇتۇلىدۇ. « چارۋاغ » نى ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر بېلىقچىلار كۆپ ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، « ئۇيغۇر دىيارىنىڭ بېلىقچىلىق رايونلىرىدا ئانار شۆپىكى، ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى قاتارلىقلاردىن بېلىقنى ھۇشسىزلاندۇرۇش دورىلىرى ياسىلىدۇ. بۇ دورىلارنى سۇغا سەپكەندە، بېلىق ئۇنى يېگەن ھامان ھۇشسىزلىنىپ سۇنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ. بېلىقچىلار ئۇنى سۈزۈۋالىدۇ.»⑮ بەزى جايلاردا كىشىلەر بېلىق تۇتۇشتا پارتلاتقۇچ دورىلاردىن پايدىلىنىپ كىچىك تىپتىكى پارتلىتىش ئارقىلىق بېلىق تۇتىدۇ. بىراق بۇ ئۇسۇل دەريا ۋە كۆللەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنى بۇلغايدىغان ناچار ئۇسۇل بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلدا بېلىق تۇتۇشى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن چەكلەندى.

يەمچۈك ــ بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن قارماق، تۇزاقلارغا ئىلىپ قويىدىغان گۆش، سازاڭ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا « بېلىق قارماقنى كۆرمەيدۇ، يەمچۈكنى كۆرىدۇ.»،« يەمچۈكنى يېدىڭ، قارماققا ئىلىندىڭ.» دېگەندەك ماقاللار مۇشۇنىڭدىن كەلگەن.

(4) بېلىقچى قۇشلارنىڭ ياردىمىدە تۇتۇش.

ئىنسانلار بېلىقلارنى پەقەت ئۆزلىرىلا ئوۋلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بەزى قۇشلارنىڭمۇ ئوۋلايدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنداق بېلىقچى قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بېلىق تۇتقان. مەھمۇد قەشقىرى ئۇيغۇرلاردا « بېلىقئالغۇچ » ھەققىدە تۇنجى يازما ئۇچۇر قالدۇرغان كىشى بولسا كېرەك. « دىۋان » دا: « بالىقچىن ـ بېلىقاغۇچ. بېلىقچى (قۇش) بېلىق ئوۋلايدىغان ئاق قۇش.» (1 ـ 665) دېيىلگەن. بېلىقئالغۇچ ــ پەي ـ تۈكلىرىنىڭ رەڭگى قارا، يېشىل ۋە پارقىراپ تۇرىدىغان؛ تۇمشۇقى ياپىلاق، ئۇزۇن، رەڭگى قارامتۇل، ئۈستۈنكى تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدا ئىلمىكى، گېلىدا تۇتقان بېلىقنى سالىدىغان خالتىسىمان پوكىنى بار سۇ قۇشى بولۇپ، « قارنا » دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يۇقارقى ئۇسۇللار بىلەن بىلەن تۇتقاندا يەنە پەسىل ئامىللىرىغىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بېلىقچىلىقنىڭ پەسىل خارەكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، باھار ۋە باش ئەتىياز پەسىللىرىدە بېلىقلار كەلكۈن ۋە سۇنىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، دەريا ۋە ئېقىنلارغا ئېقىپ كېرىدۇ، بۇ پەسىللەر بېلىق تۇتۇشنىڭ ياخشى پەيتى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، قىشتا دەريا ۋە كۆللەرنىڭ يۈزى مۇز تۇتۇپ، بېلىقلار سۇنىڭ تېگىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاچقا، كەچلىكى دەريا ياكى كۆللەرنىڭ يۈزىدىن چوڭراق كاچكۇل ئېچىپ، چىراغ

يېقىپ كاچكۇل ئېغىزىغا ئوت قالاپ بىلىق تۇتۇلىدۇ. بىلىقلار كاچكۇل ئېغىزىدىكى ئوت قالاپ ئىسسىتىلغان جايلارغا يېغىلسا، ئۇلارنى ئاسانلا تۇتقىلى بولىدۇ. بۇ قىشتا بىلىق تۇتۇشتىكى بىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇلدۇر. ئۇيغۇر بىلىقچىلار بىلىقلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا دەريا-كۆللەرنىڭ قانداق جايلىرىغا توپلىشىدىغانلىقىنى؛ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققان بىلىقئوتى ۋە ئۇنىڭ يىلتىز پارچىلىرىغا قاراپ شۇ جايدا قانداق بىلىق بارلىقىنى ئۆزىنىڭ بىلىقچىلىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بىلەلەيدۇ. سۇ تېگىدىكى بىلىقلارنى كۆرۈش ۋە پەرقلەندۈرۈشتە نەزىرى تولىمۇ ئۆتكۈر كېلىدۇ.

## 4. بېلىقچىلىقنىڭ ئۇيغۇر خەلق فولكلورىدىكى ئىزنالىرى

ھەر بىر خەلقنىڭ ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردە شۇغۇللانغان ئىگىلىك شەكلى شۇ خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيىتى، فولكلورى (ئەلبىلىكلىرى) دا مۇئەييەن ئىزنالارنى قالدۇرىدۇ، جۈملىدىن بىلىقچىلىق ئىگىلىكىمۇ شۇنداق. بىلىقچىلىق خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي فولكلورىدا روشەن ئىزنالارنى قالدۇرغان. تۆۋەندە بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتىمىز:

1) بىلىقچىلىقنىڭ ئۇيغۇر ماددىي فولكلورىدىكى ئىزنالىرى

بىلىقچىلىق كەڭ تارقالغان جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە بىلىقچىلىققا ئائىت فولكلورىستىك ھادىسىلەر بىر قەدەر كۆپ. مەسىلەن، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتكەندە « توققۇز دانە بىلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخان قىلىپ بارىدۇ. ئوغۇل تەرەپ مۇناسىپ كۆرمىسە، قىز تەرەپ ئايرىم توققۇز دانە بىلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخاننى ياندۇرىدۇ.»⑯ بۇ ئادەتتىن لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بارلىقى ۋە بىلىق بېشىنىڭ چۇقۇم توققۇز بولىش شەرتىدىن ئۇلاردا «توققۇز» سانىنى مۇقەددەس بىلىش ئادىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە « لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا بىلىق، بىلىق تۇتۇش قۇراللىرى، چېگە-تورقا، جەرەن، تولكە قاتارلىق نەرسىلەرنى تويلۇق سېلىش ئادىتى بولغان، بۇ ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بويان دەريا، كۆل ۋە ئاراللاردا سىرت بىلەن ئالاقىسىز دېگۈدەك ھالەتتە ياشاپ كەلگەنلىكلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. روشەنكى، بۇ ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىدىن

www.kitaphumar.com

ئىبارەت.»⑰ ئۇنىڭدىن باشقا، لوپنۇرلۇقلاردا « بېلىقچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئۆزى يەنە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ھېسابلىناتتى. بىرەر كىشى قازا قىلسا ئۆلگۈچىنى يۇيۇپ تاراپ بولغاندىن كېيىن، قېيىققا سېلىپ ئۈستىنى يەنە بىر قېيىق بىلەن دۈم كۆمتۈرۈپ يېپىپ قوياتتى. ئاندىن ئىككىنچى كۈنى دەپنە قىلاتتى. ئۆلگۈچى ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن قارماق، تور قاتارلىق تەۋەررۈك بۇيۇملىرىنى مېيىت بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلاتتى.» ⑱ « لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بېلىقنىڭ دولا سۆڭىكىنى ئوتقا سېلىپ پال سېلىش ئادىتى بىر قەدەر ئومۇملاشقان. بۇنىڭدا سۆڭەكتە پەيدا بولغان قاپارتمىلارنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى، قاپارتمىلارنىڭ توپ- شالاڭلىقى، ئارىلىقىنىڭ كەڭ- تارلىقى قاتارلىق ھالەتلەرگە قاراپ مەنە ئېيتىش ئاساس قىلىنغان.»⑲ بېلىقچىلىقنىڭ ئۆمۈر مۇراسىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇراسىملاردىن بولغان توي- تۆكۈن ۋە ئۆلۈم يېتىم ئىشلىرىغا بۇنچىۋىلا چوڭقۇر تەسىر قىلىشى لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ نەقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە نەقەدەر چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى شامانىزىم سېھىرگەرلىكىنىڭ ساقىندىسى بولغان يادا ئەپسۇنىدا ئىشلىتىلىدىغان يادا تاشنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدىن چىقىدىغانلىرى ناھايىتى ئەتىۋارلىق ھېسابلىنىدۇ. دولانلىقلاردا « بېلىق ئەقىللىق بولىدۇ، يىلدا بىر قېتىم بولسىمۇ بېلىق يەپ تۇرۇش كېرەك » دەيدىغان گەپ بار. يەنە بەزى يۇرتلاردا بېلىق يېسە ئادەمنىڭ پاقالچىقىغا ( خوتەن دېئالېكتىدا پاقالچاق « بېلىق گۆشى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ.) پايدا قىلىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچمۇ بار. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلىرىدە « ... ئورنىدىن مىدىرلىمايدىغان قۇتۇپ يۇلتۇزىنى ‹تۆمۈر قوزۇق› دەپ ئاتاپ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنى ئۇنىڭغا قاراپ بەلگىلىدى. ‹تۆمۈر قوزۇق› نىڭ يېنىدىكى ئىككى يۇلتۇز تۈركىمىنى ‹بېلىق› (بالىق) يۇلتۇز ۋە ‹قوزى يۇلتۇز› دەپ ئاتاپ، ‹بېلىق› — قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، ... دەپ چۈشەندۈردى.»⑳ ئۇيغۇرلارنىڭ سادىدا ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلىرىدىمۇ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ قىسمەن ئىزنالىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە سىرتقى مەدەنىيەت بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى ۋە بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى باشقا ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ ئېلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن يىراقلاشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىق ئىستېمال قىلىشقا بولغان قىزغىنلىقى ۋە بۇرۇنقى ئىشەنچ، ئەقىدە، جورۇقلىرى يەنىلا خەلقنىڭ مەنىۋىي دۇنياسىدا گاھى ئاشكارە، گاھى يوشۇرۇن ھالەتتە مەۋجۇد بولۇپ

www.kitaphumar.com

تۇرماقتا.

2) بېلىق ۋە بېلىقچىلىقنىڭ ئۇيغۇر مەنىۋىي فولكلورىدىكى ئىزنالىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، « ئالتۇن بېلىق »، « بېلىقچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى »، « بېلىقچى بوۋاي » ... قاتارلىق چۆچەكلەر، « بېلىق بىلەن پاقا »، « بېلىق بىلەن تۈلكە »، « پاقا بىلەن بېلىجان » ... مەسىلىلەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ مەسەل، چۆچەكلەردە بېلىق ياكى بېلىقچى بوۋاي ئوبرازى ناھايىتى ئاقكۆڭۈل، رەھىمدىل، قانائەتچان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. بېلىق، بولۇپمۇ ئالتۇن بېلىق بولسا ئاقكۆڭۈل كىشىلەرگە ياردەم قىلىدىغان؛ گەپ قىلالايدىغان؛ ياخشىلىققا ياخشىلىق يامانلىققا يامانلىق قىلالايدىغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. بېلىق يەنە ئون ئىككى مۆچەلنىڭ بىرى بولۇپ، بېلىق يىلى تۇغۇلغان كىشىلەر ئامەتلىك بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. خەلق ئىچىدە بېلىق بايلىق، رىزىق ۋە خۇشاللىقنىڭ سىمۋولىدۇر، بېلىق كۆرۈپ چۈش كۆرسە كۈتۈلمىگەن بايلىققا ئېرىشىدۇ، دېگەن ئەقىدە بار. خەلق ئارىسىدىكى چۈش تەبىرىگە ئائىت كىتابلاردا « ئادەم چۈشىدە بېلىق كۆرسە ھالالدىن رىزقى كۆپ بولۇر.» دېيىلىدۇ. سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ھالال، ئۇنى تۇتسىلا ئۆلتۈرۈپ يېيەرمەي، پاكىزلاپ يېسىلا بولىدىغان بولغاچقا ئۇنى ئۇيغۇرلار كەڭ ئىستىمال قىلغان. بۇ بېلىقچىلىقنىڭ كەڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەردە بېلىقنى خۇدا ئاسماندىن بوغۇزلاپ چۈشۈرۈپ بەرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ بوينى كېسىك ( ساقنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ. شۇڭا، بېلىقنىڭ بېشىغا كىچىك توقماق بىلەن ئىككى ئۇرۇپ قويۇلسا، ئۇنى بوغۇزلىغانغا باراۋەر دەپ قارىلىدۇ ھەمدە بېلىق پىچاق سۈرۈپ بوغۇزلانمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىك شەكلى ماقال ــ تەمسىللەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئىزنالىرىنى قالدۇرغان. « بوگۇن تورنى قۇرۇتساڭ، ئەتە بېلىقنى كۆپ تۇتىسەن.»، « بېلىق قارماقنى كۆرمەس، يەمچۈكنى كۆرەر.»، « بېلىقچىنىڭ كۆنى سۇدا.»، « بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ.»، « بېلىق سۇغا تارتىدۇ، توشقان سايغا.»، « بېلىق دەرياغا سۇغا تەشنا.»... بۇ ماقال- تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى، ئادەت ــ يۇسۇنلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بەزى ماقال-تەمسىللەردە پىكىر « بېلىق، بېلىقچى، يەمچۈك، قارماق » لارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ياكى خۇسۇسىيىتىگە باغلىنىپ بىرەر مۇئەييەن قانۇنىيەتلىك ھادىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئەسكەرتىش: « تۈركىي تىللار دىۋانى » دىن ئېلىنغان نەقىللەر كۆپەرەك بولغىنى ئۈچۈن بۇ نەقىللەرنىڭ تولۇق بەت سانى شۇنىڭ نەقىلنىڭ كەينىگىلا بېرىلدى ھەممە نەقىللەر « تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ ئۇيغۇر دىيارى خەلق نەشرىياتى 1980- يىل 8- ئايدا نەشر قىلغان بىرىنچى نەشرىدىن ئېلىندى.

## ئىزاھاتلار:

① ئادىل مۇھەممەت: « قەدىمكى خوتەن »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 11-ئاي بىرىنچى نەشرى، 8-بەت.

② لى جىنشىن ( ئابلەت نۇردۇن ... قاتارلىقلار تەرجىمىسى ): « شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىلى 11- ئاي بىرىنچى نەشرى، 117- بەت.

③ [گېرمانىيە] ئالبېرت. فون. لېكوك (مۇھەممەد ئىلى، مەخمۇت ۋەلى): « شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003- يىل 10 ــ ئاي بىرىنچى نەشرى، 176-بەت.

④ « لوپنۇردا يېڭى خارابىلىك بايقالدى»، « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى »، 2008- يىل 25-دېكابىردىكى سانى، 6-بەت.

⑤ پېرژېۋالىسكى (نۇرمۇھەممەت توختى تەرجىمىسى): « خوتەن ئەتراپلىرىدا »، « دۇنيادا بىرلا خوتەن بار »(13) « چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن » ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل 5-ئاي بىرىنچى نەشرى، 87-بەت.

⑥،⑦،⑱ ئەسەت سۇلايمان: « ئۈنتۈلغان ھېكايە: كۆچمە كۆل ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى »، «مىراس» 2001-يىل 6-سان، 8-بەت ۋە 9-بەتتىكى نەقىلدىن.

⑧ 2008-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنى قەيسەرنىڭ مۇھەررىرلىكىدە « تەڭرىتاغ تورى » غا يوللانغان « بېلىق كاۋىپى » ناملىق ماقالىدىن.

⑨ نادىر سادىر، سۇن بىڭلار تۈزگەن: « گۆھەر زېمىن خوتەن» ( ئۇيغۇرچىسى)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1995-يىل 11-ئاي بىرىنچى نەشرى، 148-بەت.

⑩،⑭ ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تۈزگەن: « قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى »، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989-يىل 10-ئاي، بىرىنچى نەشرى، 300-، 313-بەتلەر.

⑫،⑬ مۆيىدىن سايىت بوستان: « لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەتلىرى توغرىسىدا »، « مىراس »، 2008- يىل تۆتىنچى سان، 47- بەت.

⑮ ئابدۇكېرىم راخمان: « ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان »، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1989- يىل 7- ئاي بىرىنچى نەشرى، 97- بەت.

⑯،⑰،⑲ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: « ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىل 4- ئاي بىرىنچى نەشرى، 239-، 244-، 245، 405- بەتلەر.

⑳ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: « ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى »، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996- يىلى 8- ئاي بىرىنچى نەشرى، 162-، 163-بەت.

«مىراس» ژۇرنىلى 2009-يىللىق 6-سانىدىن ئېلىندى.